# تارىم

٦

1989



مۆلجەر تاغدىكى ئۇچقۇنلار راۋىقى

سۈرەتنى ئابدۇمامۇت ئەبەيدۇللا تارتقان

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

7

1989

39-يىل نەشرى


## بۇ ساندا

توختى ئايۇپ

### مۇڭگۇز

«خۇدا ئالدىدا... ئاتا - بوۋىلىرىمىنىڭ نامىنى بىلەن قەسەم قىلىمەن...ئىنىكىدىنى بۇلاپ كەتتەمۇ، ئەمدى ئۇلارغا تىنچلىق - خاتىرجەملىك يوق. يول ماڭسا تاپىنىغا تىكەن بولۇپ سانجىلىمەن، تاماق يېسە گېلىغا سۆڭەك بولۇپ قادىلىمەن ... بۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئادەملىك سۈپىتىم يول قويمىسا ئىتقا، بۆرىگە ئايلىنىپ كېتىشكە رازىمەن !...ئۇ نىجىسلارنى خۇدانىڭ بۇ پاك زېمىنىدىن قوغلىۋەتمىگۈچە ئۆلسەممۇ كۆزۈمنى يۇممايمەن!...»

* * *

ئەركىن مەتىمىن

### سەھرا، تۇپراق، مەن

ئۇيۇقتىكى سۈزۈك قەترە مەن،
قۇياش بىلەن چۈشەرمەن- يەرگە.
ئەقىدەمدىن جانلىنار زېمىن،
تاڭدا گۈللەر يېتەر قەدىرىمگە.

* * *

ئابدۇكېرىم ئوسمان

### ئون توققۇز كۆكلەم

توقۇپ قويدى ئون توققۇز كۆكلەم
يۈرىكىمدە ئوتلۇق بىر ناخشا.
بۇزۇلىدۇ چۈشلىرىم پات - پات،
سىزمۇ شۇنداق بولغانمۇ دادا؟

# بوستاندا

## «تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر


توختى ئايۇپ ........ مۈڭگۈز (ھېكايە) ........ 4

ئالىمجان ئىسمايىل ........ كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى (ھېكايە) ........ 45

ماخمۇت مۇھەممەت ........ گۈزەل قىرغاق (ھېكايە) ........ 57

ئەخەت ھاشىم ........ رېستورانىدا ئېچىلغان يىغىن (ھېكايە) ........ 71

مۇھەممەت روزى ........ لىرىكىلار ........ 76

تۇردى داۋۇت ........ سۆيىمەن دېھقان ئاكاقوللىرىڭغا (شېئىر) ........ 78

ھەسەن تىلىۋالدى ........ شېئىرلار ........ 81

مۇھەممەت ئىمىن ........ جاڭگال چەشمىلىرى (شېئىر) ........ 82

ئابدۇكېرىم ئوسمان ........ ئۇن توققۇز كۆكلەم (شېئىر) ........ 87

ئابدۇرشىت بارات ........ تىترىگەن سادالار (شېئىر) ........ 88

قاھار جېلىل ........ تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ (پوۋېست) ........ 92

تۇراپ دايىم ........ مەسەللەر ........ 133

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ........ ھەجۋىي شېئىرلار ........ 134

ئېزىز ساۋۇت ........ ئىزھار قىلىنمىغان سۆيگۈ (ھېكايە) ........ 136

ئەركىنجان ئەمەت ........ قايتا ئۇچراشقاندا (ھېكايە) ........ 146

ياسىن ئىمىن ........ نەسىرلەر ........ 150


* * *

## شېئىرلار


ئەركىن مەتتىمىن ........ سەھرا، تۇپراق، مەن ........ 30

ئوبۇل ئەزىزى ........ قەلبىم بەرگىدە چاقنايدۇ شەبنەم ........ 31

يالقۇنجان ئىسلام ........ شېئىرلار ........ 32

ھاجى ئەخمەت ........ رۇبائىيلار ........ 37


ئۇيغۇر كىتابلار ئامبىرى www.uyghurkitap.com

قۇربان ئەمەت .................. ئۈزۈلگەن تار كۆيلىرى.................... 40
مۇتەللا ئىسرانى.................. ئۈنسىز ناخشا ئېيتىدۇ يۈرەك................... 43
پەرهات مۇھەممەت .................. سۈبھى بىلەن ئويغانغان بۈگۈن............... 44
مۇھەممەتجان سادىق .................. شېئىرلار ........................................ 84
مۇھەممەت توختى ئەخمەت........ بىچارە بالا.......................................... 86
سەلەي قاسىم .................. شېئىرلار ........................................ 90

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

يەن يۈشىك.................. غالىبلار سوراقتا تارتىلمامدۇ؟................ 153

بۇ ساندىكى ھۆسنىخەت ۋە رەسىملەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

* * *

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازرى، ئەخمەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختى ئايۇپ

# مۈشگۈز

(ھېكايە)

بوۋاي ھارۋىسىنى توختىتىپ، ئوتتۇنىنى مۈشۈ يەردىن بېسىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەم يېرىپ ئۆتەلىگۈسىز قويۇق، شاخلىرى بىر-بىرى بىلەن ھەم گىرەلىشىپ كەتكەن بۈك يۇلغۇنلۇق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ قاقشاللىرى ئۆچكە يۇلغۇنىنىڭكىدەك① ئەگرى-بۈگرى، پاخپاق، كېلەڭسىز ئەمەس، سۆگەت بادىرىسىدەك تۈز ئىدى. بۇنداق قاقشال ئۆزى يېنىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە ھارۋىغا كۆپ سىغاتتى. قىزىل يۇلغۇن قاقشىلىنىڭ ئوچاقتا ياغدەك كۆيىدىغانلىقى، كۈلىنىڭ ئاز، چوغىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ئەكسىچە، ئۆچكە يۇلغۇن قاقشىلىنىڭ كۆيۈشى سۇس، چوغى خىرە، كۈلىنىڭ جىق چىقىدىغانلىقى بوۋايغا ئايان ئىدى.

بوۋاي ھارۋىسىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشكەندە، كۆك تىكەن تۈۋىگە يىغىلىپ قالغان يۇپقا قار كۆن ئۆتۈكىنىڭ قېلىن چەمى ئاستىدا غىچىلداپ كەتتى. قارامتۇل، توپارەك يىلتىز، كۆتىچەكلەر ئەتراپىدا ئۇ ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ ئاپئاق جىلۋىدارلىقى بىلەن چىرايلىق! قاچانلاردا يېغىۋىدىكىن ئۇ قار؟ قىش شامىلى ئۇنى بىپايان جاڭگاللىقنىڭ ئوچۇق ئېتەكلىرىدىن ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتكەن، پەقەت ئۇنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى يىلتىزلارنىڭ، كۆتىچەكلەرنىڭ، ئاق تىكەن ۋە كۆك يانتاقلارنىڭ تۈۋىدە گويا نېمىدىندۇر ئۈركۈپ مۆكۈنۈۋالغان ئاق توشقاندەك چىرايلىق تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

جاڭگاللىقتا ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆزگە چېلىقىدىغان ئاق تىكەن، يانتاق، ئازغان، سېرىق بۈيەلار خۇددى ئاشۇ قىزىل يۇلغۇنلاردەك ئېگىز بوي تارتقانىدى. نېرىراقتا شاخلىرىنى ئاپئاق قىراۋ قاپلىغان توغراقلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەنىنىڭ ئاقۇش تۇمانى بىلەن تويۇنغان تىمتاسلىق ئىچىدە تېخىچىلا كېچە

① ئۆچكە يۇلغۇنى — يۇلغۇنلارنىڭ بىر تۈرى.

دىكى شەھىرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغاندەك، ياق، بامدات نامىزىدىن يانغان هامان ئۇدۇل ئېتىزلىققا بېرىپ، چەكسىز دالا بىلەن ئۇنسىز سىردىشىۋاتقان ئاق يەكتەكلىك، ئاق سەللىلىك بوۋايدەك تەگسىز خىيال ئىلكىدە ئىدى.

بوۋاي هارۋىسىدىن چۈشكەن چاغدا، قۇياش كۆل رەڭ سۇس تۇمان ئوراپ تۇرغان چەكسىز كەڭ ئۇپۇقتىن ئەمدىلا بالقىپ چىقىۋاتاتتى. ئاھ، ئەجەب قۇتلۇق، نەقەدەر پاكىز ئۇنىڭ نۇرلىرى! بۇ پايانسىز جاڭگاللىق چەكسىز كەڭ زېمىننى بويلاپ تارىغان ئاشۇ تارام-تارام ئالتۇن نۇرلار بىلەن يۇيۇنۇپ، بوۋاينىڭ كۆزىگە تولىمۇ گۈزەل، تىلسىملىق، ئاجايىپ بىر خىلۋەت، هەممەتىلىك دۇنيادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. توغراق هەم قىزىل يۇلغۇن شاخلىرىدىكى مامۇقتەك ئاپئاق قىراۋ ئاستا-ئاستا يالىلداپ تۇرغان پاكىز كرىستالغا ئايلىنىپ، تولغان ئاينىڭ كۈمۈش رەڭ نۇر جۇلاسىدەك بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى چاقتى...

قاياقتىندۇر «چۇۋ-چۇۋ» قىلىپ بوز تورغاي ئۇچۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يومران تۈكلىرىمۇ، يارىشىملىق ئېگىز تاجىسىمۇ مۇشۇ زېمىننىڭ ئاقۇش تۇپىسىغا ئوخشايتتى. ئەنە ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىدا چۆل سەھرى بەخش ئەتكەن، كەڭ ئالەمگە سىغمايۋاتقان جۇشقۇنلۇق، ئېتىكلىك. ئۇ هارۋىدىن تۆت قەدەمچە نېرىدا، بوۋايغا قاراتتەك چىرايلىق، دۆگىلەك، چېكىتتەك كۆزلىرىنى تىكىپ قارىماقتا. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر جۈپ كۈچلۈك نۇر دەستىسى. بۇ نۇر ئىچىدە چاقناۋاتقىنى هەۋەس، قىزىقىش، هەيرانلىق، بەختىيارلىق، شادىيانىلىق... ئاھ، قىش قەھرىتانىسىدىن ئىللىقلىق، چۆلدىن بەخت، شادىيانىلىقنى تېپىشنى بىلگەن جانىۋار! توغراقلىق ئارىسىدىن سېغىزخاننىڭ شاراقلىغىنى، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ «توك-توك» قىلىپ توغراق غولىنى چوقۇلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز يۇلغۇن ئارىسىدىن بىر جۈپ جەرەن بوۋاينىڭ ئالدىغىلا چىقىپ قالدى. ئۇلار قىزلارنىڭكىدەك ئوماق كىرپىكلىرىدىن تارام-تارام نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بوۋايغا هەيرانلىق، قورقۇش ئىچىدە چەكچىيىپ قاراپ قالدىدە، قۇيرۇقلىرىنى هوشيارلىق بىلەن سىلكىپ قويۇپ، تېزلا يۇلغۇنلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. مانا، بۇ زېمىندە تۇنجى بولۇپ ئويغانغان هاياتلىق! بۇ يەردە، مەهەللىدىكىدەك تاڭ هاۋاسىنى ئەنسىزلىك بىلەن تىترىتىپ هاۋشۇيدىغان ئىتلارنىڭمۇ، هاڭرايدىغان ئېشەكلەرنىڭمۇ، «هايت-هۇيت!» قىلىپ سۈرەن سالىدىغان پادىچىنىڭمۇ ئاۋازى يوق. هاۋاسىمۇ باشقىچە. قىڭغىر-سىڭغىر مورىلاردىن پۇرقۇپ چىقىپ، مەهەللە ئاسمىنىدا كۆكۈش پەردىدەك لەيلەپ يۈرىدىغان، نەپەسنى بوغۇپ ئاچچىق بۇقسۇپ تۇرىدىغان ئىسمۇ پۇرىمايدۇ...

بوۋاي بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. بۇ هال ئۇنىڭ پۈتۈن بىر كېچە چوقاي يېنىدا كۆرەك جۇۋىسىنى پۇتلىرىغا ئورىۋالغىنىچە دۈگدىيىپ، كۆزلىرىنى مىت قىلىپ يۇمماي هارۋا هەيدەپ كەلگەن چاغدىكى تارتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى، ئەمما ئۇنىڭ كېچىدىن بېرىكى دەهشەتلىك سو-

غۇقتىن مۇزلاپ، تاشتەك قېتىپ قالغان پۇت - قوللىرى تېخىچە ئەكسىگە كەلمىگەنىدى. پۇتلىرى يەرنى مەزمۇت دەسسەپ تۇرالمايتتى، قوللىرى قولاشمايۋاتاتتى. نىھايەت، ئۇنىڭ كۆتمەك، يۇكلۇق قېشى ئاستىدىكى چاپاق بېسىپ كەتكەن كۆزلىرى يەنىلا ھېچقانداق رىيازەت چەكمىگەندەك شوخ، غالىبانە نۇر ئىلكىدە چاقناپ تۇراتتى. شۇنداق، ئوتئۇنچىلارنىڭ كۆزلىگەن مەنزىلگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلەلىگەنلىكى قالتىس چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى.

بوۋاي قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئاغزىدا ھوردىپ ئىسسىتىۋاتقان چاغدا ساقال - بۇرۇتلىرىدا قېتىپ قالغان مۇز دانىچىلىرى ئېرىپ، قوللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ ئېرىگەن مۇزلارنى بۇرۇتلىرىدىن بارماقلىرى بىلەن سىېرىپ چۈشۈردى. شۇ چاغدا كالپۇكىغا بەدىنىنى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق سۇ تامچىلىرى سىرغىپ چۈشتى. ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا ئېرىمىگەن مۇز دانىچىلىرى يەنە بار ئىدى. ئۇ خۇددى شاخلىرى بىلەن تەڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان ئازغان ئۇرۇقىدەك ساقاللىرى ئارىسىدا شاراقشىپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

«ئىنەكنى ھارۋىدىن چىقىراي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

تاغىل ئىنەك... ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىلسىز ئەمما ۋاپادار، ئىشچان قېرىنداشى. ئۇ ھارۋا شوتىسىدا خوجايىنىنىڭ ئەمدى نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەندەك، چوڭ - چوڭ قوڭۇر كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، بوۋايغا تەلمۈرگىنىچە ئاستا پۇشۇلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەدىنىنى بىر قەۋەت نېپىز قىراۋ قاپلىغان. كۆزلىرىنىڭ تېگىدىكى ئۇزۇن، يېرىك تۈكلىرىدە دانە - دانە مۇز چوكىلىرى قېتىپ قالغانىدى. قورسىقى ئىچىگە كۆرۈنەرلىك تارتىلىپ كەتكەن، ساغرىسىدىكى سارغۇچ تۈكلىرىمۇ تەتۈر ئۆرۈلۈپ، تولغان گەۋدىسى بىر كېچىدىلا كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بوۋاي ئىنەكنى ھارۋىدىن چىقاردى. بېشىدىكى ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ھارۋا شوتىسىغا باغلاپ، ھارۋىدىن بىر باغلام قوناق شېخىنى ئەكىلىپ ئىنەكنىڭ ئالدىغا تاشلىدى...

«ئالدى بىلەن باغلىق تەييارلاش كېرەك، — بوۋاي ھارۋىدىن پالتىسىنى ئالدى، — توغراق تېلى قىيسام بولارمۇ ياكى ياۋا كەندىر ئورسام بولارمۇ...؟» بوۋاي ئەتراپىغا قارىدى. بايا ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن قۇرۇق ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپى بۆككىدە توغراق تاللىرى بىلەن تولغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېگىز ئۆسكەن ياۋا كەندىرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بوۋاي نېمىشقىدۇر توغراق تېلىنى تاللىدى. ئۇ ئۈستىدىكى يىرتىق، كونا جۇۋىسىنى سېلىپ ھارۋا ئۈستىگە تاشلىۋېتىپ، توغراق تاللىرىنى قىيىشقا كىرىشتى.

ئىنەك ئالدىدىكى قوناق شېخىنى تۇمشۇقى بىلەن تىلغاپ، يۇمشاقلىرىنى تىلى بىلەن يالمىغىنىچە ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. بوۋاي ھايال ئۆتمەي ھارۋىدىن بەش قەدەم نېرىدىكى سۇ يالاپ ئۆزلىۋەتكەن ئوچۇقچىلىقتا ئىككى قۇچاق توغراق تېلىنى ئەكىلىپ تاشلىدى - دە، بىر چەتتە كەلكۈن ئېقىتىپ كېلىپ، يىغىلىپ قالغان داغى - قاقشاللارنى سۇندۇرۇپ تال يېنىغا دۆۋىلەپ ئوت ياقتى. ئوتۇن دەس-

لەپتە كۆكۈچ ئىس چىقىرىپ، ئاندىن چاراسلاپ كۆيۈشكە، ئەتراپقا ئىس ئارىلاش ئىللىقلىق تارقىتىشقا باشلىدى. بوۋاي قومساقخۇ بوز توپا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دەسلەپتە قوللىرىنى ئىسسىتتى، ئاندىن مەيدىسىنى ئوتقا قاقلاپ، راھەتلىنىپ كېرىلدى، ساقال-بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى قالدۇق مۇز دانىچىلىرى ئاستا-ئاستا ئېرىپ سۇس ھورغا ئايلانماقتا ئىدى. بوۋاي ۋۇجۇدى ئوت تەپتىدىن ئېرىپ، بوشىشىپ، چاپىنىنىڭ پېشى سارغىيىپ، پۇراشقا باشلىغاندىلا، ئاندىن پۇتىنىڭ تېخىچە مۇز دەسسەپ تۇرغاندىكىدەك سوغۇق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئۆتۈكىنى سېلىپ، بارماقلىرى ئەگرى-بۈگرى بولۇپ كەتكەن، پەيلىرى بۇرتۇپ، تېرە ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئورۇق پۇتىنى ئوتقا سۇندى ۋە تەردە ھۆل بولۇپ، چىرىپ كەتكەن كىرنا پايتىمىسىنى يېيىپ، ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ بۇرنىغا ھور ئارىلاش سېسىق، قاڭسىق پۇراق كېلىپ ئۇرۇلدى. بوۋاي ئۇنى ھۇزۇرلىنىپ پۇراپ كەتتى...

بوۋاي يېتەرلىك ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆتۈكىنى كىيىپ، ئوتتۇن چوغىنى بىر چەتكە تارتىۋېتىپ، توغراق تاللىرىنى قوقاسقا تىقىپ يۇچۇلاشقا باشلىدى. سوغۇقتا مۇزدەك قېتىپ قالغان تال قوقاستا يۇچۇلانغان ھامان، بۇرۇنقى چۇرۇك، نازۇكلۇقىنى يوقىتىپ، تاسمىدەك شىرشىلىشىپ كېتەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆيۈپ كەتمەسلىكى ھەم ئىسسىقلىق قات-قېتىغا تەكشى ئۆتۈشى زۆرۈر ئىدى. مۇنداق تالدا ئوتتۇن باغلىسا، ئۇنى ھەر قانچە كۈچەپ تارتىپ تولغىغان بىلەن ئۈزۈلۈپ كەتمەيتتى.

تال قوۋزاقلىرى قوقاستا پىرىسلىداپ ئېتىلىشقا، غولىدىكى سۈيى ۋىژىلداپ قايناشقا باشلىدى. تالنىڭ ئۇششاق بەرگى كۆيۈپ، ئۇنىڭدىن سۇس كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلدى، بوۋاينىڭ ئىككى قوچاق تالنى يۇچۇلاپ بولۇشى ئۈچۈن بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىكلا ۋاقىت كەتتى.

«بامداتنى قازا قىلىۋەتكىنىم يامان بولدى، — دەپ ئويلىدى بوۋاي خورسىنىپ، — بۇ گۇناھىم ئۈچۈن ئەتە ئەتىگەندە تولۇقلاپ ئوقۇۋەتسەم خۇدا مەقبۇل كۆرەر. ئەمدى قايسى ئىشنى قىلسام بولار؟ بىر چۆگۈن چاي قاينىتىپ ناشتا قىلىۋالساممىكىن... — بوۋاي شۇ ھامان بۇ خىيالىدىن يالتايدى، — تال سوۋۇپ مۇزلاپ قالىدۇ ئەمەسمۇ، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ قىززىق ۋاقتىدا قاقشالنى چېپىپ باغلىۋېتەي...» ئۇ بېلىدىكى پالتىسىنى ئېلىپ، بىسىنى تىرنىقىغا سىنجاپ سىناپ كۆردى. دەستىسى قاغا جىگدىنىڭ ئەگرى نوتىسى بىلەن ساپلانغان پالتىنى ئىنو تۆنۈگۈن يېرىك بولەيگە بىلەپ ئۈستۈرىدەك ئىتتىكلىتىۋەتكەنىدى. بوۋاي «بىسمىللا...» دېدى ۋە يۇلغۇن ئارىسىدىكى قاقشاللارنى بىر چەتتىن ۋاچىلدىتىپ چېپىپ يانغا تاشلاپ ماڭدى...

بوۋاينىڭ تاللاپ كېسىۋاتقىنى بىر يېرىم-ئىككى غۇلاچچە كېلىدىغان ئۇزۇن، تۈز قاقشاللار ئىدى. بۇنداق قاقشالدىن يالغۇز ئۇلاغلىق ھارۋىغا قانچىلىك بېسىش مۇمكىنچىلىكى ئۇنىڭغا ئايان، ئەمما بۈگۈن ئۇ بۇنى ئويلاپمۇ قويماي كېسىۋەرەدى.

«خۇدا تىنچلىقنى بەرسە، ھېلىھەم

دەريا كېچىكى بويىدىكى ياغاچ توسقۇچى-
لارغا ئۇچراپ قالمىسام...— دېدى بوۋاي
قاقشال كەسكەچ خىيال قىلىۋېتىپ،— ئىك-
كى - ئۈچ هارۋا قاقشالنىڭ پۇلى بىلەن
ئۆيىنىڭ خېلى كۆپ ئىشلىرى جۆندىلىپ
قالار دەيمەن. هەي... مۇشۇ كۈندە شەھەر-
گە كىرىدىغان ئۆتۈڭنىڭ كۆپىيىپ كەت-
كىنى. ئۆتۈڭنى نەرخىدە ساتالماي، كوچى-
مۇ كوچا سازايى قىلىپ يۈرمىسەملا بو-
لاتتىغۇ. مۇشۇنداق قاقشالنىڭ بىر هار-
ۋىسىنى نەچچە پۇلدىنمۇ ئالار؟ قىرىق-
ئەللىك كويلاردىن ئالسىغۇ - هە؟ ئۇ چاغدا
قالتىس چوڭ ئىش بولۇپ كېتەتتى، ئىك-
كىلا قاتنىسام يۈز كويچە بىر نېمە بو-
لۇپ قالاتتى. هازىرچە ناهايىتى زۆرۈرى،
بالىنىڭ ئاپىسىنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ
بېقىش، ئەخمەتنىڭ ئۆتۈكىنى چەملىتىش،
كېلىنىمنىڭ تويلۇقىدىن قەرز قالغان ياغ-
لىقىنى ئېلىپ بېرىش، ئايگۈلگە كىتاب،
دەپتەر... يەنە تېخى گەجگەمگە ئارتىلىپ
تۇرۇۋاتقان بىر كۆتۈرەم تۇقماق بار. يەر
پۇلى، سۇ پۇلى، كادىر پۇلى، يول پۇلى،
مەكتەپ پۇلى... بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل
تۆلەش كېرەك. ئىككى - ئۈچ هارۋا قاق-
شالنىڭ پۇلى بۇلارنىڭ قايسى بىرىگە
يېتەر؟ يەرلەرنى كۆتۈرۈپگە ئالغان دەس-
لەپكى يىللىرى خۇشاللىقتىن بېشىم ئاس-
مانغا يەتكەن، شۇنىڭ ھەممىتىدىن ئىك-
كى - ئۈچ يىلغىچە دۇمبىمىز خېلى ئاپ-
تاپ كۆرۈۋىدى، ئەمما كېيىن بۇنىڭغا
كۆز تەگدىمۇ، نېمىسى نېمە بولدى؟
كادىرلارنىڭ سېلىق - ئالۋاڭلىرى يىلىك-
مىزنى قۇرۇتۇۋەتكىسلى تۇردى. هەي...
دېهقانچىلىق... ئەمدى ئۇنىڭ ھېچقانچە
بەرىكىتى قالمىدى، ئالتە ئاي ياز ئەر-
خوتۇن، ئوغۇل - كېلىن — تۆتىمىز ئېتىزغا
تۆمشۇقىمىزنى تىرەپ، كالىمدەك ئىشلىدۇق،
شۇنىڭغا يارىشا كۈزدە كىرىمىمىزمۇ يامان
بولمىغانىدى. ئىشقىلىپ ئاشلىق بىلەن
پاختىنا ساتقان پۇل قوشۇلۇپ ئىككى مىڭ
كويچە بولۇپ قالغان ئىكەن. پۇل يانچۇ-
قىمىزغا كىرە - كىرمەيلا، ئامانەت قەرز
كوپىراتىپىدىكىلەر ئىشىكىمگە دەپتەرىنى
ئېچىشىپ كېلىشتى. مۇددىئاسى ماڭا ئايان.
ئەتىيازدا سۇلياۋ يوپۇق بىلەن خىمىيى-
ۋى ئوغۇت سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالغان قەرز-
نى سۈيلەپ كەلگەن گەپ. بۇنىڭغۇ تۆ-
لىمەي ئامال يوق، ئەممازە، يۈرىكىمنى
ئېچىشتۇرۇۋەتكىنى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئال-
تۇندىن ئۆتە قىممەتلىكى. هۆكۈمەت ئۇ-
نى ئازراق ئەرزان قىلسا بولمامدىغاندۇ.
مۇشۇ كۈندە ھەممە ئادەم دېهقاننى يونۇپ-
شۇلۇشكە تۇرغانمىكىن؟ بولمىسا ئانچىكى
بىر نەرسىنى دېهقانغا شۇنچە پۇلغا زور-
لاپ ساتارمىدى؟ ئۇلار ئالمىدىغىننىمى ئې-
لىپ ئەمدىلا كېتىۋىدى، يەر پۇلى دەپ
بىرسى كەپتۇ، ئاندىن كېيىن سۇ پۇلى
دەپ... ئىككى مىڭ كوي كىرىم قىلىپتى-
مىز دەپ خۇشال بولۇپ، خوتۇن - بالىلى-
رىمنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ كەتكىنىم نەدە
قالدى؟ ئىككى مىڭ كوي قولۇمدىن ئا-
شۇنداق توزغاقتەك بىر كۈندىلا توزۇپ
كەتتى. ئەمما باشقىلارنىڭ مەندىن ئال-
دىغىنى تۈگىمىدى. كادىر پۇلى، مەكتەپ
پۇلى، يول پۇلى... يەنە پۇل! پۇل...! نې-
مە ئىلاج؟ بۇ پۇللارنى ۋاقتىدا تاپشۇ-
رالمىساڭ قوشلاپ ئالىدىغان جەرىمانىسى
تەييار. ئالۋان - سەيسىنى تۆلەش ئۈچۈن-
مۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ دەرد - هالىغا يېتىش
ئۈچۈنمۇ... ھەممىسى ئۈچۈن پۇل كېرەك.

www.uyghurkitap.com

دېھقاندا نەدىمۇ ئۇنچىلا كۆپ پۇل بولسۇن؟ ھىممەت - شاپائەتى كەڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارا! ھېلىمۇ بىزدەك كەمبەغەل، ئاجىزلارنىڭ نېسىۋىسى ئۈچۈن زېمىنىمىزگە مۇشۇنچىۋالا كەڭ جاڭگاللىقنى يارىتىپسەن. بۇ جاڭگاللىق شۇنچىلىك ئۇلۇغ، خىسلەتلىك مۆجىزىگە ئىگىكى، پۈتۈن يۇرت ئەھلى نەچچە ئۆمۈر يونۇپ يېسىمۇ تۈگىمەيدىغان ئالتۇن تاغقا ئوخشايدۇ. ئاھ، ئېسىت... ئەجرە قىلغان ئېتىزدىن بەرىكەت قاچتى. ئەكسىچە، بۇ جاڭگاللىق ئۈچۈن پېشانەمدىن بىر تامچە تەر ئاققۇزمىغان، ‹توك› قىلىپ بىر كەتمەن چېپىپ قويمىغان بولسامۇ مېنى ئۆز ئانامدەك بېقىپ كېلىۋاتىدۇ. شىللەمنى ئازراقلا موھتاجلىق باسقان ھامان ھارۋامنى قوشۇپلا ئۇدۇل مۇشۇ جاڭگاللىققا كېلىمەن. ئوتۇنلارنى خالىغانچە ئالىمەن، ساتقان پۇلنى ئۆيگە خەج - خىراجەت قىلىمەن. ئاھ، دەردىمگە دەرمان ئانا يېرىم! بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بەردىم؟ ھېچ نېمە...» بوۋاينىڭ بۇ خىياللىرى تولىمۇ ھەسرەتلىك ۋە ھاياجانلىق ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى تېرەنلەشكەنسېرى، ئۆزىنى خۇدانىڭ بۇ ئەزىز، ھىممەتلىك زېمىنى ئالدىدا ئېغىر گۇناھقا پاتقان پاسىق مەخلۇقتەك ھېس قىلدى. قاقشاللارنى باغلايمەن دەپ، بىرمۇنچە ياش تۇغراق نوتىلىرىنى قىيىپ، تېخى ئۇنى ئوتتا پۇچىلىغىنى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ كەتتى. «نېمە دېگۈلۈك؟ ئىنساننى خۇدا ئالدىدا گۇناھقا لايىق قىلىدىغان نەرسە — موھتاجلىق ئوخشايدۇ...»

بوۋاي يۈزىدىكى يۇندىدەك مەينەت ئاچچىق تەرلىرىنى كونا بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ كەينىگە قارىدى، كېسىلگەن قاقشاللار دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا ھەر قانچە كۆپ باسقاندىمۇ كېسىلگەن بۇ قاقشال ئىككى ھارۋىدىن كەم كەلمەيتتى.

«خۇدا بەرگەن بەرىكەتلىك رىسقىي مۇشۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ خىرىلداپ كۈلۈۋېتىپ، — بۇ قېتىم ھارۋامغا يېرىمىنى بېسىپ كېتىمەن، قالغىنىنى خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر قېتىمدا ئېلىپ كېتەرمەن. بۇ يەردە ئۇنى ئوغرىلاپ كېتىدىغان ھېچكىم يوق. ئوغرىلاردىن، دىلى بۇزۇقلاردىن خالىي دۇنيا پەقەتلا مۇشۇ يەر. بۇنداق دۇنيا نېمىدېگەن ياخشى...!»

بوۋاي پالتىسىنى بەلبېغىغا — دۈمبىسىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، ئەمدى ئوتۇنلارنى باغلاش ئۈچۈن گۈلخان ئالدىغا كەلدى. ئەتىگەندە ياققان ئوت ئۆچۈپ، بىر دۆۋە ئاقۇش كۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازغىنە چوغ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆچۈپ ئاجىزلىشىۋاتقىنىغا تەن بەرمىگەندەك، ھېلىمۇ قىپقىزىل يالىلداپ، كېچىدىكى بۆرىنىڭ كۆزىدەك قەيسەرلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بوۋاي ئازغىنە چوغنىڭ ئاخىرقى يارقىن تەپتىنى كۆرۈپ باشقىچە روھلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر قۇچاق قۇرۇق ئوتۇننى چوغ ئۈستىگە تاشلاپ، پۇچىلانغان تالنى كۆتۈردى - دە، كەينىگە ياندى.

ھارۋا يېنىدا تاغىل ئىنەك پۇتلىرىنى ئىچىگە پۈككىنىچە جىمجىت كۆشەپ ياتاتتى. ئۇ قوناق شېخىنىڭ يوغان، قاتتىق تۈپلىرىدىن باشقا ھەممىنى يەپ تۈگەتكەن. ئۇ خوجايىنىغا يوغان قوڭۇر كۆزلىرىنى ئۈنسىز تىكىپ پۇشۇلدىماقتا،

www.uyghurkitap.com

كۆشىمەكتە. گويا «مۇشۇ ھالىمچە بىردەم يېتىۋالاي، ئارام ئېلىۋالاي» دەۋاتقاندەك.

«مەيلى، يات، بىر پەس خالىغىنىڭچە ئارام ئېلىۋال، — بوۋاينىڭ پاختىدەك يۇمشاق قەلب سەزگۈلىرى تىترەپ، دولقۇنلىنىپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز مېھرىلىك ئېزگۈ مۇڭ ياڭراپ كەتتى، — سېنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ، تارتىۋاتقان جاپا-رىيازەتلىرىڭ ئازمۇ؟ ئاخشاممۇ ساڭا يەتكۈچە زۇلۇم سالدىم، مېنى ھارۋا بىلەن قوشۇپ، نە-نەلەردىن سۆرەپ كەلگىنىڭ ئاز كەلگەندەك، بىر مۇنچە يولنى ئوشۇق بېسىشقا مەجبۇر قىلدىم. ئىنگەڭنى كەچۈر، شۇنداق قىلمايمۇ نېمە ئامال؟ ئاللىقاياقتىن كەلگەن بىر توپ بەگكى، ھاراقكەشلەر چوڭ ھارۋا يولنى دەريا كېچىكىدىن قامال قىلىۋېلىشقان، ئۇلار تېرىمنىڭ ئوتتۇن، ياغاچلىرىنى ھەقسىز مۇھاپىزەت قىلدىغان كىشىلەر بولىسىغۇ بەك ياخشى ئىدى، نەدىكىنى؟ تېرىمنىڭ ياغاچلىرىنى ئوغرىلىقچە كېسىپ، چەت ناھىيىلەرگە ئاپىرىپ ھايىنىغا ساتىدىغانمۇ، سېرىق بۇيا يىلتىزى كولايمىز دەپ، توقايلىقنى توڭگۇزدەك ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنمۇ، جاڭگالنىڭ توشقان، جەرەن، قىرغاۋۇللىرىنى، دەريادىكى غاز، ئۆردەكلەرنى ئېتىپ، ئۇرۇق-جوتىنى قۇرۇتقىلى تۇرغانلارمۇ، بىزدەك ياۋاش، بىچارە دېھقانىنى كۆرسە ئېشەك ئېتىپ مىنگىلى ئاران تۇرىدىغانلارمۇ دەل ئاشۇ تەلۋە-ئۇششۇقلار. شۇڭا ئۇلارغا قارامنى كۆرسەتمەي، دېدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇلار بىلەن نەچچە قېتىم ئېلىشىپ قالغانمەن. لېكىن ئۇلار ‹بىز ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى› دېگەچكە، قولىدا مىلتىقى، ئادەم باغلايدىغان تانىسى بولغاچقا، ھامان ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمىدى. شۇڭا كېچە ئۇلار تۇرغان جايدىن ئەگىپ ئۆتمەن دەپ، سېنى زورمۇ زور دەريانىڭ يۇقىرىسىغا ھەيدەپ ماڭدىم. ھەي، ئېسىت ...! سېنىڭ شورغا تىزىڭغىچە پېتىپ، ھاسىراپ، پۇشۇلداپ جان قاقشاتقىنىڭ ... ئېگىز چاتقاللىقلار، قاقشال كۆتەكلەر، ئازگال-دۆڭلەر ئارىسىدىن يول ئېچىپ، ئۇن ھارۋىنىڭ يۈكىنى سۆرەپ ماڭغىنىڭ ... قىرىشقاندەك، قويۇق جاڭگاللىق ئىچىدە ئادىشىپ قىلىپ، دەريا بويىدا بىر كېچە چۆگىلەپ يۈرگەنلىرىمىز ... قارىغىنا، ئۆزۈڭ شۇنچىۋالا ئۇلۇغ، كۈچلۈكسەنۇ، مەندىن بەتتەر مۆمىن، ياۋاشسەن. بولمىسا، مۇشۇ ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن، ئاللادىن رىسقىڭ ئۈچۈن سامانىنى تالاپ ئالارمىدىڭ؟ شۇ سەۋەنلىكىڭ ئۈچۈن نەسلىڭدىن-نەسلىڭگە ئۆكۈنۈپ، پۇشۇلداپ ئۆتەرمىدىڭ ...؟» بوۋاي ئىنەكنىڭ ھارغىن سىياقىغا قارىغىنىسېرى ئىچى شۇنچە سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ ھارۋىدىن يەنە بىر باغ قوناق شېخى ئېلىپ، ئىنەكنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى-دە، قاقشاللارنى باغلاشقا كىرىشىپ كەتتى.

كۈن ئاشۋاقتى بولغانىدى. جاڭگال ئۈستىدىكى ئەتىگەنكى سۇس ئاقۇچ تۇمان باھار كەلگۈنىدەك ئاللىقاياقلارغا ئېقىپ كەتكەن، ئەمدى شاخلاردا قىراۋنىڭ ئاق كىرىستالدەك يارقىن چاقنىشىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قۇياشنىڭ ئوچۇق ئاپتىپى بىلەن ئاستا-ئاستا ئويغانغان قويۇق شاخلارغا سىڭىپ كەتكەنىدى. جاڭگاللىق ئۈستىدە نەمخۇش، ئىللىق شامال كېزەتتى. ئۇ چۆل شامىلىدەك ئاچچىق ۋىژىلداپ،

يۈزنى تاسما قامچىدەك چىقىپ ئۆتىدىغان قەھرىستانىنىڭ ۋەھىمىلىك شەۋرىغىنىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى مۇشۇ ھەممەت-لىك، خىلۋەت ماكانىنىڭ راھەتلىك تىنىق-لىرىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك، ئۇنىڭدىن جاڭگالنىڭ ئۆزگىچە ھىدى پۇراپ تۇراتتى. بوۋاي قاقشاللارنى باغلاپ بولۇپ، ئېشىپ قالغان ئازغىنە تالنى قۇچاقلىغىنىچە گۈل-خان يېنىغا كەلدى. ساقال-بۇرۇتلىرىغا قاقشال قوۋزاقلىرى چاپلىشىپ قالغان، يۈزى ھارغىن، ماغدۇرسىز كۆرۈنەتتى. قاقشال تىلىپ يېرىدۈەتكەن قوللىرىدىن تەپچىپ چىققان قان قېتىپ قارىيىپ قالغان، پېشى تىمزىغىچە ساڭگىلاپ تۇرى-دىغان، قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن كونا پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئالدى تىتىلىپ، پاخ-تىلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. نەھايەت، كۆزلىرىدە باشقىچە ھال: تىلىم-تىلىم قورۇقلار، ئۆسكىلەك قاش، چاڭ قونغان شالاڭ كىرپىكلەر ئارىسىدا شامالدا يال-قۇنجاپ تۇرغان ھارارەتلىك چوغنىڭ يار-قىن نۇرى چاقناپ تۇراتتى. نۇرنىڭ بۇ روشەن چاقنىشىدا ھارغىنلىق بىلەن كۆچتۈگگۈرلۈك، ياۋاشلىق بىلەن جەسۇر-لۇق، ھەسرەت بىلەن شادىيانە ئۆمىد كۆچ ئېلىشىۋاتقاندەك ئىدى. بوۋاي چوغ ئۈستىگە ئوتۇن تاشلىدى. ئاندىن چوقايغا ئېسقلىق كونا خۇرجۇندىن ئىستا قارىداپ، قورسىقىنىڭ بىر يېنى ئىچىگە پۈكۈلۈپ كەتكەن كونا مىس چۆگۈننى ئالدى-دە، ئۇنىڭغا دەريادىن ئۆتۈشىدە چوقۇپ ئېلى-ۋالغان يوغان بىر پارچە كۆمەل مۇزنى پالتىسى بىلەن چېپىپ پارچىلاپ سېلىشقا باشلىدى. ئاندىن چۆگۈننى چوغ ئۈستىگە قويۇپ، قورسىقى ئەتراپىغا يالىنلاپ تۇرغان چوغلارنى دۆۋىلەپ قويدى. ھايال ئۆتمەي چۆگۈن شىگىلداپ قايناشقا باشلىدى. بوۋاي خۇرجۇندىن گىرۋەكلىرى ئۇچۇپ كەتكەن، ئۇزۇن يىل تۇتۇلغانلىق-تىن، ئىچ-تېشى قارىداپ، سىلىقلىشىپ كەتكەن كونا ياغاچ تاۋاقنى ئالدى-دە، قايناق چايدا ئۇچ قېتىم چايقىدى، ئاندىن نانىنى دۆۋىلەپ سېلىپ، ئۈستىگە چاي قۇيدى...

«كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى شاھلىق ھۆزۈرىنى سۈرگىنى». قىزىق چاي... يۇمشاق نان... قورساق ئېچىپ، قارىچۇق كەينگە تارتىپ كەتكەن چاغدا، بىر قېتىم تويۇۋېلىش قانداق راھەت! بوۋاي خۇرجۇن ئۈستىگە سېلىنغان داستىخان ئالدىدا داق يەردىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، سول قولىغا ياغاچ تاۋاقنى ئالدى-دە، ئوڭ قولىدىكى ياغاچ قوشۇق بىلەن نان-نىڭ ئۈستىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، گەۋدىسىنى ئالدىغا ئەگدى، تاۋاق گىرۋىكىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان چاينى سۈمۈرۈۋېلىش ئۈچۈن بويىنىنى تاۋاققا سوزۇپ، ئېچىگەن ناننى قوۋزىنى تولدۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. چوغ تەپتى، چاينىڭ قىزىق ھارارىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇنچىلى-لىك راھەتلىك سېزىم ھېس قىلدىكى، چەكسىز لەززەتلىك ئىللىق بىر ئېقىم ئىچىدە گويا خام قايماققا ئوخشاش ئېرىپ، بەدەنلىرى بوشاپ كەتكەندەك بولدى، يۈزلىرى ئەسلەپتە بىر توپ چوموله ئۇياقتىن-بۇياققا چاپقاندەك تولىمۇ شېرىن قىچىشىپ كەتتى. بۇ سېزىم بوۋاينىڭ خىيالى ئەسەۋۋۇرى ئەمەس ئىدى. يۈزىنىڭ سوغۇقتىن كۆكەرگەن، ئەسكى لاتىدەك پۈرلىشىپ، ئۈستىدىكى

تۆكلىرى كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ كەتكەن تېرىلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ، ئىككى مەڭزى تونۇردىن يېڭىلا سويۇۋېلىنغان ناندەك پارقىراپ كەتكەنىدى. «شاھلىق ھۇزۇرى» ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئايان قىلدى: بوۋاينىڭ يېشى كۆپ بولغاندىمۇ ئاتمىش بەشلەردىن يۇقىرى ئەمەس ئىدى.

بوۋاينىڭ چېكىسىدىن، پېشانىسىدىن، دۈمبىسىدىن، مەيدىسىدىن شۇرقىراپ ئىسسىق تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆيىدىمۇ ھېچقاچان مۇنچىلىك راھەتلەنمىگەنىدى. بەدىنىنىڭ ئۆگە - ئۆگىلىرى ئېرىپ بوشاپ، كۆزلىرىگە شېرىن بىر ئۇيقۇ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ پۇتلىرىنى ئايىغىدىلا سوزۇپ، ئوتقا مەيدىسىنى قاقلاپ، خۇرجۇنغا بېشىنى قويۇپلا بىر پەس ئۇخلىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ۋاھ! بۇنداق ئۇيقۇنىڭ تاتلىقلىقىغا نېمىمۇ يېتەتتى! راست، بۇ يەردە كېسەلچان ئايالىنىڭ ئىڭراش - زارلىنىشلىرىمۇ، كېلىنىنىڭ ھۇجرىسىدا ئېرىگە ھېلىقى ياغلىقىنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىمۇ، مەكتەپتىكى قىزىنىڭ «كىتاب - دەپتەرلىرىم يوق» دەپ غەلۋە قىلىپ، قۇلاق ئاغرىتىشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. «ئۇ پۇل ... بۇ پۇل ...!» دەپ كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئىدى. ئەكسىچە، بۇ پىنھان، خىلۋەت ماكاندا دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەتنىڭ جېدەل - غوۋغاسىمۇ بولمىغان ئەبەدىي تىنچلىق، تىمتاسلىق ۋە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرەتتى. بوۋاينىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەي، بىر يىل، ئىككى يىل، بولسا ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ يەردە ماكان تۇتۇپ ياشىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىچە، ئادەم دېگەن موھتاجلىق، كەمبەغەللىكنىڭ دەرد - ئەلىمىنى تارتمايدىغانلا ئىش بولسا، خۇدا ياراتقان زېمىنىنىڭ قەيېرىدىلا ياشىسا ئوخشاش ئىدى. ئۇ بىردىنلا، كېچە ھارۋىدا كېلىۋېتىپ، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغان قاچاندۇر بىر چاغدا كۆرگەن چۈشىنى خىرە - شىرە ئېسىگە ئالدى ... ئۇ ماۋۇ ئوتۇن باسىدىغان، يالغۇز ئىنەك قوشقان ھارۋىدا ئەمەس، ئالدىغا چاپچىپ، ئويناپ تۇرغان ئېسىل ئارغىماق ئۈستىدە كېلىۋاتقۇدەك ... ئارغىماق گاھ يەردە ماڭارمىش، گاھ ئاسماندا ئۇچارمىش ... ئىگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغانمىش، ئەتراپتا ئۇنىڭغا ھەۋەس، ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ قېلىشقان لەكمىڭ - لەكمىڭ خالايىق ناغرا - دۇمباقلارنى چېلىپ «پادىشاھ! پادىشاھىمىز كەپتۇ ...!» دەپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقانمىش. ئۇ ئارغىماق ئۈستىدە ئىشەنچسىزلىك بىلەن ھودۇقۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «پادىشاھ؟ مەن راستىنلا پادىشاھ بولۇپ قالغاندىمەنمۇ - ھە؟» دەپ پىچىرلىغۇدەك. ئۇ بىر چاغدا ئاجايىپ كۆركەم، سەلتەنەتلىك بىر شەھەرگە كېلىپ قالغانمىش. يول بويىدا يۇلغۇن، توغراق، سۆكسۆكلەر ... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرگەن مۇنار - قۇببىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان ھەيۋەتلىك ساراي - قەسىرلەر قۇياش نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ تۇرغانمىش. ئۇ ھەيرانلىق - تەئەججۇپ ئىلكىدە، يېنىدا كېلىۋاتقان ناتونۇش، مويسىپىت كىشىدىن سورىغۇدەك: «مۇنچىۋالا ھەيۋەتلىك ساراي، قەسىرلەرنى سېلىشقا يەتكۈدەك ئالتۇنلار

لەدىن كەلدى؟» مويسىپىت ئىپتىخارلىنىپ
جاۋاب بەرگۈدەك: «نەدىن كېلەتتى؟
سىلىنىڭ بىر ئۆمۈر ئاققۇزغان پاك تەر-
لىرىدىن كەلگەن شاھىم...»

«ئۇنداقتا بۇ ھەشەمەتلىك شەھەر
مېنىڭ بولغان بولامدۇ؟»

«ئەلۋەتتە سىلىنىڭ.»

«بۇ يۇرتقا مېنىڭ پادىشاھ بولۇپ
قالغىنىم راستمۇ؟»

«بەرھەق راست،بۇ خۇدانىڭ ئەمرى.
ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە، ئەقىل - پارا-
سىتىگە تايىنىپ ياشاپ كەلگەن كىشىلەر —
خۇداغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر. بۇ يەرگە
ئەزەلدىن مۇشۇنداق كىشىلەر پادىشاھ
بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەر
كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىپ ئاۋاتلاشقان،
روناق تاپقان...»

«دېگىنىڭ راست بولسا، — دېگۈدەك
ئۇ مەمنۇنىيەت ۋە ئىشەنچ بىلەن كۆك-
سىنى كېرىپ، — بۇ يۇرتقا پادىشاھ
بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئادەم مەن ئىكەن-
مەن...!»

... بوۋاي كۆرگەن چۈشىنىڭ شېرىن
لەززىتىدىن مەست بولۇپ، كۆزلىرىنى ئۆم-
رىدە ھېچقاچان ھېس قىلمىغان چەكسىز
بەختىيارلىق تۇيغۇسى بىلەن يۇمدى.
تەپەككۇر كۆزى ئالدىدا يەنىلا ئاخشام
چۈشىدە كۆرگەن بىر - بىرىدىن گۈزەل،
يارقىن شاھانە مەنزىرىلەر نامايان بول-
ماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇ تاپتا ئاشۇ
ئالتۇن قەسىردىكى شاھانە تەخت ئۈستىدە
ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ خۇددى
ئاشۇ تەختنى چەكسىز مېھرىلىك، ئاتەش-
لىك سۆيگۈ بىلەن قۇچاقلىغاندەك، داق
يەر ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۈستىدىكى

ئاچچىق شورلىرىنى سۇ يالاپ كەتكەن
قۇمساڭغۇ يەرگە يۈزىنى يېقىپ كەتتى.
شۇ چاغدا يەرنىڭ مۇقەددەس، ئۆلمەس
يۈرىكىنىڭ ھەيۋەت دۈپۈلدەشلىرى چەك-
سىز بىر چوڭقۇرلۇقنىڭ ھارارەتلىك قات-
لىمىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك، ئىللىق، رىتىم-
لىق نەپەسلىرى يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك
بولدى. بوۋاينى شۇ تاپتا ئىنسان ئەقلى
سېزىشكە قادىر بولالمىغان چەكسىز قۇد-
رەتلىك ئىلاھى سېھرىي كۈچ ئىلكىگە ئال-
غان، شۇڭا ئۇ تاشقى ئالەمدىكى ھەم-
مىنى — ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئاتمىش بەش-
لەرگە ئۇلىشىپ قالغان، كۈچىدىن كېتىد-
ۋاتقان قاتاڭغۇر سىياقىنى، گەجگىسىدىن
تۈگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغان موھ-
تاجلىق، نامراتلىقنى، خوتۇن - بالىلىرىنى،
مۇنۇ بىردىنبىر ئەتىۋارلىق مۈلكى
بولغان پىگىلو ھارۋىسى بىلەن تاغىل
ئىنىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈ-
ۋاتقان بىر دۆۋە ئوت ئالدىدا ئىكەنلىكى-
نىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ كېچىدىكى شېرىن
چۈشلىرىگە قايتقانىدى. ئەنە، شاھانە
ئارغىماق... خۇشال تەنتەنە قىلىشىۋاتقان
لەكمىڭ - لەكمىڭ ئادەم... ئەنە، بۇك
يۇلغۇن، توغراقلار ئارىسىدا مۇنارلىرى
كۆككە تاقاشقان ھالدا جۇلالىنىپ تۇرغان
ئالتۇن قەسىر...

بوۋاي ياتقان يېرىدىن يولۋاستەك
چەبدەسلىك بىلەن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى
ۋە ئىككى پۇتىنى ئىككى تەرەپكە كېرىپ،
ئىككى قولىنى ئاسمانغا قىلىچتەك شىلتىپ،
بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— بۇ يەرلەر — يۇلغۇن، توغراقلار،
ئالتۇن قەسىرلەر، دەريالار... مېنىڭ!!
مەن بۇ يەرگە پادىشاھ! خۇدانىڭ ئەمرى

بىلەن كەلگەن پادىشاھمەن...!

بوۋاي ئۆمرىدە بۈگۈن بىرىنچى قېتىم شۇنچىلىك قاتتىق ۋارقىرىدىكى، ئاۋازى قويۇق يۇلغۇنلار ئۈستىدىكى نەمخۇش، ساپ ھاۋانى تىترىتىپ، يىراقتىكى يۇك توغراقلىقلار ئارىسىدا بوغۇق، ئەمما كۈچلۈك سادا بەردى:

— پا... دىشاھ... مەن...! پا... دى... شاھ... مەن...!

بوۋاينىڭ شىددەتلىك ئەكس سادادىن روھى كۆتۈرۈلۈپ، يەنە ۋارقىرىماقچى بولغانىدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى، گېلىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرى يىرتىلغاندەك غىدىق ئارىلاش پىژىلداپ ئېچىشىپ، قاتتىق يۆتىلىشكە باشلىدى. دەيدىسىنى قادىلاپ، تۇرغان ئورنىدا ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ توختاۋسىز يۆتىلەتتى، يۈزلىرى چىڭقىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. يۆتەل ئارىسىدا ھاسىراپ-ھۆمۈدەيتتى. خېلىدىن كېيىن يۆتىلىمۇ توختاپ، ئاستا-ئاستا ئېسىگە كەلدى-دە، بايا سارائىلارچە نېمىدەپ تۋۋلىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئەتراپقا قورقۇش، شۈبھە ئارىلاش بويىنىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى. ئەتراپتا ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىرەر ئادەم تۈگۈل، ئەتىبگەندىكى تورغايلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ھارۋا يېنىدا چالا غاجىلانغان قوناق شېخى ئۈستىدە ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆشەپ ياتقان تاغىل ئىنەكلا پىيالىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىچە، داددىسىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى چۈشىنەلمىگەن سەبىي بالىسىنىڭ قىزىقىش، تېڭىرقاش، ھەيرانلىق ئىچىدىكى سوئاللىق تىكىلىشلىرىنى بايقاپ قالدى-دە، خىجىل بولۇپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

كۈن چۈش بولغان، ئەمدى ئالدىراش كېرەك ئىدى. بوۋاي ئىنەكنى ھارۋىغا قېتىپ، باغلاپ تەقمۇتەق قىلىپ قويۇلغان قاقشاللارنى ھارۋىنىڭ ئالدى-كەينىگە تەڭشەپ، رەتلىك بېسىشقا باشلىدى. بوۋاي ئەمدى بايىقى شېرىن چۈشلىرىنى ئەستىن چىقارغان، ئۆزىنىڭ جاپاكەش، نامرات دېھقانلىقىغا قايتقانىدى. ئۆيىگە قايتىپ بارسا، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ قارشى ئالىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى كۆزىگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنى ئويلىغانسېرى دىلى غەش بولۇپ، ھەسرەت خامۇشلۇقى ئىچىدە ئوتۇنلارنى ئۈستى-ئۈستىلەپ بېسىۋەردى.

بوۋاي ئىچىدە بۇ قېتىم مۇشۇ بىر ھارۋا ئوتۇنىنىڭ پۇلى بىلەن زادى ھەل قىلمىسا بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى بىر-بىرلەپ ھېسابلاۋېتىپ، ئوتۇننى شۇنچىلىك كۆپ بېسىۋەتتىكى، بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ، ھارۋىغا قاراپ ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. بۇنچىلىك كۆپ ئوتۇننى يالغۇز ئىنەكنىڭ سۆرەپ شەھەرگە ئاپىرالىشى زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«نېمىشقىمۇ ئېشەكنى يانداپ قېتىپ كەلمىگەندىمەن؟ — دەپ ھەسرەت ئارىلاش پۇشايمان قىلىپ كەتتى ئۇ، — ئېشەك دېگەن ئۇ ھارام ئېپلاس شاش، يامان بولغىنى ئۈچۈنلا، ئېغىلدا بىكار ئوت يەپ، راھەتتە ئېغناپ ياتىدۇ. ماۋۇ ئىنەك بىچارە بولسا، ياۋاش، رايىش بولغىنى ئۈچۈنلا جاپادا...»

بوۋاي ھارۋا يېنىدا خېلىغىچە بېشىنى

تاتىلاپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، تارتىشىش، قىيالماسلىق، ئىچ ئاغرىتىش ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇردى.

«ئۇستا ... قانداق قىلسام بولار؟ ئۇستىدىن بەش - ئالتە باغلامنى چۈشۈرۈۋېتەيمىكىن - يا؟ ئۇنداق قىلسام قولغا كىرىدىغان پۇلمۇ شۇنچىلىك ئازىيىدىغان گەپ. بالىنىڭ ئانىسىنى دوختۇردا داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل ئاز كېتەمدۇ، جىق كېتەمدۇ، كىم بىلىدۇ؟ ئەخمەتنىڭ ئۆتۈكىنى بۇ قېتىم چەملەتمەي تۇرايمىكىن - يا، بىچارە بالا ... ھاشارغا تولا قاتراپ ئۆتۈكىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالغىنى بىلەن، ماڭا چىش يېرىپ گەپ قىلىپ باققىنى يوق. ئۆيىنىڭ ھالىنى بىلىدۇ - دە، ئۇ. يازدىغۇ ئاياغ يىرتىلىپ كەتسە يالىڭاياق يۈرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، قىشتا مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئۆتۈكنى چەملىتىپ بەرمەي بولمايدۇ. ھەي ... شۇ ئايگۈلنىڭ غەۋغاسى ... بوپتۇ، كىتاب، دەپتەرنىڭ پۇلى ئۈچۈن ئۆلۈپ قالماسمەن. قىز بالا ئەمەسمۇ، ئوقۇسۇن ...— بوۋاي دۈمبىسىنى تۆكمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغان ئېغىر ھارۋا شوتىسى ئىچىدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان ئىنەككە ئەيىبكارلارچە قاراپ، غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قويدى، — بۇ قېتىم ئىگەڭنى كەچۈر. تاش يۈرەكلىك قىلىدىغان بولدۇم. ئۆيدىكى موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنىلا سېنى قاقشاتماي ئامالىم يوق. ھارۋىنى تارتالماي قالغان يەرلىرىڭگە مانا مەن بار. چاقنى مۈردەيمەن، سەن بىلەن تەڭ تارتىمەن، ئۆيگە ساق - سالامەت يېتىپ بېرىۋالساقلا، ئۇنىڭدىن نېرىسىغا — شەھەرگە. ھېلىقى ئېشەك دېگەن ھارام مەلئۇننى ساڭا ياندايمەن ...»

ئىنەك گويا بوۋاينىڭ يۈرەك ئېلىتى جالىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، بېشىنى سىلكىپ، ئۈستۈنكى قوڭۇر، پاپىلاق تۇمشۇقىنى ئۇزۇن، قىزغۇچ يىرىك تىلى بىلەن يالاپ قويدى. بۇ چاغدا تىلىنىڭ ياپىلاق ئىنچىكە ئۇچى بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ خېلە بىر يەرلىرىگىچە كىرىپ چىقتى. ئىنەك شۇ تاپتا ئۇزۇن قاقشال بېسىلغان ھارۋا شوتىسى ئىچىدە مۈشۈكتەك كىچىكىنە كۆرۈنۈپ قالغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئىتتىكلىكى، كۈچلۈك، چىداملىقلىقى بوۋايغا ئايان. يولدا ھېلىقى ياغاچ توسقۇچلارغا ئۇچراپ قېلىپ، كۆتۈرمىگەن پېشكەلىكىدە يولۇقمىسىلا، ئىنەكنىڭ قانداقلا قىلىپ بولسۇن بۇ بىر ھارۋا ئوتۇننى يېرىم كۈن كېچىكىپ بولسىمۇ، ئۆيىگىچە سۆرەپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلادى.

ئىككى چېتى بۆك يۇلغۇن، تىكەنلىك، يۇمشاق شور توپىلىق ئەگرى - بۈگرى كاتاڭلىق كونا ھارۋا يولى. ئېغىر ھارۋا ئىككى تەرەپكە كېلەڭسىز چايقىلىپ، قۇرتتەك ئاستا مىدىرلاپ كەلمەكتە. ئىنەكنىڭ پاتاڭلىرى ئۇزىراپ، قاتتىق كۈچەشتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ قالغان، ئۇ ئىنچىكە پۇتلىرىنى قاتتىق تىرەپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ، ھارۋىنى ئالغا سۆرەشكە ئۇمتۇلىدۇ. ھارۋا گويا ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، خالار - خالىماس ھالدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئالدىغا سۈرۈلىدۇ. بۇ ھەر قېتىم كاتاڭغا قېقىلىپ چۈشكەندە، ئىنەك ئۇنىڭ بىلەن تەڭ سىلكىنىدۇ، شوتىسى بىلەن تەڭ ئىككى تەرەپكە چايقىلىدۇ.

ئىنەك بۇ چاغدا يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن، ۋۇجۇدىدىكى جىمى چىدام، قەيسەرلىكنى پۈتىنغا يىغىپ، بارلىق كۈچى بىلەن يەرگە تىرەجەپ تۇرۇۋالدۇ.

بىر قەدەم ... بىر قەدەم ...

ئىنەك قاتتىق ھاسىراپ پۇشۇلدىغاندا بۇرنىدىن ئاپئاق ھور ئېتىلىپ چىقاتتى. بۇنى كۆرگەن كىشى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پورۇقلاپ قايناپ تېشىۋاتقان بىر دەريانىڭ سۈيى بارمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنەكنىڭ تۆۋەنكى كالپۇكىدىكى ئۇزۇن تۈكلەردە ئىنچىكە چوكا مۇزلار قېتىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئىسسىق ھور قانچىلىك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىققانسېرى، مۇزلار تېخىمۇ ئاۋۇپ، پەسكە ئۇزىراپ ساڭگىلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىسسىق ھور بارا - بارا ئىنەكنىڭ دۈمبىسىدىن، ساغرىسىدىن، ئاندىن پۈتۈن بەدىنىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بەدىنىنىڭ بىر قەۋەت شور توپا قونغان قىزغۇچ، قوڭۇر تۈكلىرى تەر بىلەن دەسلەپتە پارقىراپ، كېيىن پاتقاقتەك قارىيىپ كەتتى.

ھارۋىنىڭ سول تەرىپىدە بوۋاي ئىنەك بىلەن سۆڭدىشىپ ئاستا چامداپ كېلىۋاتاتتى. يۈز - كۆز، ئۈستىباشلىرىغا قونغان قېلىن بىر قەۋەت ئاقۇچ شور توپا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سىياقىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇنى بەئەينى ئەسكى تاملىق ئىچىدە تېخىچە ئۆرۈلمەي چوقچىيىپ تۇرۇپ قالغان كېسەك دۆۋىسىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئەسلىدىكى ئاندا - ساندا قارىسى قالغان قويۇق ساقاللىرى قىراۋ باسقان شىرئاقتەك پاخپىيىپ تۇراتتى. پەقەت ئۇنىڭ قارىچۇقى مىدىرلاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىنلا ھاياتلىقنىڭ ئۆلمەس بىر سىماسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.

ئېگىز، بۈك توغراقلىقلار ئارقىدا — خېلىلا يىراقتا، قىشنىڭ ئاقۇش كۆل رەڭ قويۇق تۇمانى ئارىسىدا قالغان، يول ئەتراپىدىكى يۇلغۇن، ئازغان، ئاق تىكەنلەر شالاڭلاپ، پاكارلاپ كېتىۋاتاتتى. يەنە ئازراقلا ماڭسا دەريا كېچىكىگە يېتىپ باراتتى. كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قانداقلا بولمىسۇن، دەريادىن ئۆتۈۋېلىش كېرەك ئىدى!

«دەريا بويىدىكى ياغاچ توسقۇچىلار ھېلىمۇ بارمىدۇ - ھە؟ ئۇلار بولىدىغانلا بولسا، ھارۋامنى دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈۋالغان تەقدىردىمۇ، جاڭگال پۇلى تۆلىمەي قۇتۇلۇپ كېتەلىشىمدىن ئۈمىد يوق. ئۇلار ‹قىرىق قاراقچى› نىڭ دەل ئۆزى. ئۇلار پېشانىسىدىن بىر تامچە تەر ئاققۇزماي تۇرۇپ ئالدىغا تەييار كەلگەن ئولجا بىلەن نەپسىنى تويغۇزۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇلار شۇنچە ئۇششۇقلۇق قىلىشقا پېتىنغۇدەك بۇ خۇدانىڭ زېمىنىگە بىر تال يۇلغۇن، بىر تۈپ توغراق تىكىپ قويۇشۇپتىكەنمۇ؟ ياكى دەريا سۈيىنى بىرەر قېتىم جاڭگاللىققا باشلاپ سۇغىرىپ قويۇشۇپتىكەنمۇ؟ ھىم! ھۆكۈمەت ئادەملىرىمىش تېخى! نەرى ئوخشايدۇ ئۇنىڭغا...؟»

بوۋاي ئۆتكەن يىلى قىشتا مۇشۇ دەريا بويىدا ئۇلارنىڭ بىھۇدە سالغان زۇلۇمىنى ئويلاپ، قولىدىكى قامچىدەك تولغىنىپ كەتتى:

... كەچكۈز مەزگىلى ئىدى، دەريا كېچىكى تېخى مۇز تۇتمىغان، سۈيى تار-

تىلىپ كالىنىڭ قورسىقىغىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بوۋاي قوشنىسىنىڭ بىر كالىسىنى لاپقۇتقا ئېلىپ ئىنىكىگە يانداپ قوشتى - دە، ئوتتۇنىغا كەلدى. قاقشال بېسىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، ھارۋىسىنى دەريادىن ئەمدىلا ئۆتكۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشىغا، دەريا بويىدىكى گەمە ئىچىدىن ئارۋاك - سارۋاك كىيىنىشكەن ئاللىقانداق ناتونۇش كىشىلەر ھارۋىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— قاقشالنىڭ تېگىگە توغراق كۆتىكى بېسىلغانمۇ نېمە؟ — ئۆشىنىسگە مىلتىق ئاسقان بىرسى ھارۋىنىڭ ئالدى - كەينىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، بوۋايغا شۈبھە بىلەن تىكىلدى.

— يالغۇز جېنىمغا ھارۋىغا توغراق باسقۇدەك نەدە كۈچ ئۇكام؟ — بوۋاي تەشۋىش ئارىلاش، مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — قاراپ بېقىڭ، ھەممىسى قاقشال. ماڭا لازىممۇ مۇشۇ.

— ئۆيدە قالامسىز، ساتامسىز؟

— ھەي، ئۇكام... شۇ بىر ئۆينىڭ دەردى... ساتاي دەپ شەھەرگىلا ئېلىپ ماڭدىم.

— خەير بوپتۇ، — مىلتىقلىق چىشىنىڭ ئارىسىدىن «چىرت» قىلىپ تۈكۈردى، — توغراق كەسمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ھارۋىڭىزنى قويۇپ بەردۇق. ئەمما بىزگە بەش كوي پۇل تۆلەپ ماڭىسىز.

بوۋاي چۆچۈپ كەتتى:

— بەش كوي؟ نېمىگە تۆلەيدىغان پۇل بۇ ئۇكام؟

— جاڭگال پۇلى.

— جاڭگال پۇلى؟ — بوۋاي ھاڭۋېقىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالدى، — بۇ ئاڭلاپ باقمىغانلا بىر گەپكەنغۇ.

— سىز ئاڭلىمىغان گەپلەر سامان دەك... — دېدى مىلتىقلىق مەسخىرە قىلىپ، — بۇرۇن ئاڭلىمىغان بولسىڭىز، ئەمدى ئاڭلاپ قېلىڭ، گەپ شۇ... جاڭگالدىن پەقەت قۇرۇق ئوتۇن ئېلىشىڭىزغىلا رۇخسەت. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن جاڭگالنىڭ خوراش پۇلىنى تۆلەيسىز.

— مۇنداق دەڭ... ئەمما شۇ تاپتا نەدىكى پۇلنى تۆلەرمەن سىزگە، يانچۇقۇمدا پۇلۇم بولسا، ئوتۇن ساتىمەن دەپ مۇشۇ جاپانى تارتىپ يۈرەتتىممۇ. ئۇبدان ئۇكام، بۇ قېتىم بىر كەڭچىلىك قىلىڭ. يەنە بىر قېتىمدا...

— بۇ بىر پرىنسىپ! — مىلتىقلىق ئۇنىڭ يېلىنىشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك توڭلۇق بىلەن سىلكىدى، — پۇلنى تۆلىيەلمەمسىز؟ ئۇنداقتا قاقشالنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈۋالىمىز شۇ.

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر خۇددى مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك، تۇشمۇتۇشتىن ھارۋىغا يوپۇرۇلۇشۇپ كەلدى، بىرلىرى ھارۋىغا يامىشىپ چىقىشقا، بىرلىرى ئوتۇن تارتقان ئارغامچىنى كېسىشكە باشلىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، قولىدىكى تاسما تىللىق قامچا بىلەن ئارغامچا كېسىۋاتقانىڭ گەجگىسىگە «قارس» قىلىپ بىرنى سالدى.

— توختاش! بۇ قىلغىنىڭنىڭ نەرى ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشايدۇ؟ بۇلاڭچىلىق بۇ! بۇ خۇدانىڭ زېمىنى، ئوتۇن دېگەن خۇدانىڭ بايلىقى. ئۇنى ئىگىلىۋېلىشقا ھېچقايسىڭنىڭ ھەققى يوق!

پىشكەلچىلىك ئاشۇنداق باشلاندى.

بوۋاي قولىغا ئۆتكۈر پالتىسىنى ئېلىۋالغانىدى. «قايسىڭ ھارۋىغا يېقىنلاشساڭ، بېشىڭنى قۇشقاچنىڭ بويىنىدەك ئۈزۈپ تاشلايمەن...!» دەپ ھەيۋە قىلاتتى. يول توسقۇچىلار خۇددى گۆشى تاتلىق ئەمما ئۆزىدىن زور، كۈچلۈك ھايۋاننى قورشىۋالغان چىل بۆرىلەردەك، ھارۋا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. لېكىن يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بوۋاي بىر قولىدا قامچىنى، بىر قولىدا پالتىنى تۇتقىنىچە ھارۋىنى قوزغاپ ماڭدى، ھارۋا تېخى ئون قەدەمچە ماڭمايلا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. غەزەپ ۋە ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ، چىرايى شور توپىدەك تاتىرىپ كەتكەن مىلتىقلىق ھارۋا چاقىغا قارىتىپ «ۋاڭ» قىلىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. بوۋاي دەسلەپتە ھېچنېمىنى سەزمەي قالدى. پەقەت چاق كامىرىدىن ۋاشىلدىغان كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھارۋا بىر تەرەپكە قىڭغىيىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا، چاقنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئوق چاقنىڭ كالا كۆزىدەك چوڭلۇقتىكى يېرىنى كۆيدۈرۈپ تېشىپ چىقىپ كەتكەنىدى. بوۋاي ئاخىرى قاقشالىنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ھارۋىسىنى قۇرۇق ھەيدەپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى...

... بوۋاي ھارۋىسىنى توختىتىپ، يول چېتىدىكى ئىگىز يۇلغۇنلۇق دۆڭگە يامىشىپ چىقتى. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە مۇز تۇتقان دەريا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى. دەريانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تار كېچىك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، دەل كېچىك بويىدا ئاسمانغا تولغىنىپ كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر مىدىراپ يۈرۈشەتتى.

«يەنە شۇ قاراقچى، بۇلاڭچىلار...» — بوۋاي دۆڭدىن چۈشۈۋېتىپ ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى، — ئاجىزنى بوزەك قىلغىلى چىشىنى بىلەپ تۇرغان گەپ. قاقشالنى شۇنچە يىراقتىن نى-نى جەبىر-جاپادىن قورقماي ئەكىلىمەنۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قول باغلاپ تۇرىدىغان توخۇ يۈرەك ئەخمەقمىدىم مەن؟ ياق! بۇ قېتىم ئۇلارغا چىش كوچىلىغۇدەك ياغاچ چاغلىق نەرسەمنى تارتقۇزۇپ قويمايمەن. ئۇلار دەريا كېچىكىدە تەييار ئولجىنى ساقلاپ، چىشىنىڭ كىرىنى شوراپ ئولتۇرۇۋەرسۇن، مەن ئۇلار بىلمەيدىغان يول بىلەن ئايلىنىپ، دەريادىن ئۆتۈپ كېتىمەن...»

بوۋاي ھارۋا يېنىغا كەلدى. ئىنەكنىڭ كۈچلۈك ھاسىراشلىرى تېخىچە توختىمىغانىدى، ئۇ ئاشۇ ھاسىراپ پۇشۇلداشلىرى بىلەن شوتا ئىچىدە ئالدى-كەينىگە رىتىملىق تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئىنەكنى دەم ئالدۇرۇشقا ئارتۇقچە ۋاقىت يوق ئىدى، كۈن غەربكە — جاڭگاللىق ئۈستىگە قىيىلغان. چۈشتىكى نەمخۇش، ئىللىق ھاۋا ئاستا-ئاستا سوۋۇپ، دەريا تەرەپتىن سوغۇق دەشت شامىلى ئۇرۇۋاتاتتى. سوغۇق شامالغۇ مەيلى ئىدى، ئەمما كۈن ئولتۇرغىچە دەريادىن ئۆتۈۋالمىسا، قاراڭغۇدا مۇزنىڭ نەرىنىڭ قېلىن، نەرىنىڭ نېپىزلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بوۋاي ئىنەكنىڭ بېشىنى تۆۋەنگە — قاچاندۇر بىر چاغلاردا ھارۋا ماڭغان، كېيىنچە ئادەم زاتى ئاياغ باسمىغانلىقتىن شور توپا ئۆرلەپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

كونا يولغا بۇرىدى. هارۋا چاقى يامغۇر-
دا كۆپۈپ كەتكەن بوش تۇپىغا غەرىچچە
پېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدا
بۇرۇن ئىز قالدۇرغان هارۋا ئۇزۇن، كۆ-
تەك چاقلىق هارۋا بولغاچقا، بۇ هارۋى-
نىڭ قىسقا ئوقلۇق رېزىنكە چاقى ئۇ
كونا ئىزغا چۈشەلمەي، يولنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا چوقچىيىپ چىقىپ قالغان شور-
لۇق دۆمبەللەرگە قاپسىلىپ قېلىۋاتاتتى.

«غەيرەت قىل، يەنە ئازراق غەي-
رەت قىل...— بوۋاي ئېغىر چاقنى مۇرى-
دەۋېتىپ پىچىرلىماقتا، — بۇ قېتىم مۇ-
شۇ ئوتتۇننى ئامان - ئېسەن سېتىۋېتىپ
قايتىپ كەلسەملا سېنى توپىقىڭ بىلەن
قوشۇپ، ئىسسىق ئېغىلدا ئىككى هەپتە
ئارام ئالدۇرىمەن، ئۇنىڭغىچە «بىر قې-
تىمۇ ساغماڭ قىزىم» دەپ كېلىنىمگە
ئېيتىپ قويىمەن. يامان كۆنلەرگە دەپ
ساقلاپ قويغان يېرىم تاغار كۆنجۈرە بى-
لەن بىر چارەك قوناق ئۇنى بار. سېنى
شۇ چاغدا كۆندە ئىككى ۋاق كۆنجىرە
بىلەن باقمىسام، قوناق ئۇنىدا بىر قې-
تىم هەلەپ بەرمىسەم هېساب ئەمەس.
مۇشۇ قېتىم تارتقان جاپالىرىڭنىڭ ھەق-
قىنى شۇ چاغدا قايتۇرمىسام، خۇدا ئال-
دىدا لەنەت گەردى بولۇپ كېتەرمەن...»

بوۋاي چاقنى ئىتتىردۈۋېرىپ هال-
دىن كەتتى. پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىز-
لىقتىن دىرىلدەيتتى. پېشانىسىدىن شۇ-
رۇلداپ تەر قۇيۇلۇپ، يۈز - كۆزى قارا
پاتقاقتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئىنەكنىڭ
هالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يامان ئېدى،
قاتتىق هاسىراپ - هۆمۈدەشتىن ئاغزىدا
ئاپئاق كۆۋۈك قايناپ، پەسكە شۆلگەي
ساڭگىلاپ تۇراتتى. هارۋىنى جان - جەھ-
لى بىلەن كۆچەپ تارتقانلىقتىن، سەچۈك
بويۇن گۆشلىرى ئارىسىغا پېتىپ كىرىپ
كەتكەن، كەكىردەك بېغىنىڭ گېلىنى
قاتتىق سىققىشىدىن دېمى كېسىلىپ، نە-
پەس ئالالماي، خۇددى گال پىچاقتا بو-
غۇزلانغانىدەك خارقىراپ قالغانىدى.
كۆزلىرى قان تولغان پىيالىدەك قىزى-
رىپ، ئاشۇ دەهشەتلىك چەكچىيىشىدە
هازىرلا پارتلاپ، ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ
كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بوۋاي هارۋى-
نىڭ بىر ئاش پىشىمغىچە ئېغى بىر دۆ-
بەلدىن ئايلىنىپ ئۆتەلمەيۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، تەگسىز بىر ۋەھىمىدىن يۈرىكى
سىرقىراپ، مېڭىسى ئايلىنىپ كەتتى.
هارۋا بۇ مېڭىشىدا دەريا بويىغا يېرىم
كېچىدىمۇ يېتىپ بارالمايتتى. ئىنەك
ئەمدى بۇرۇنقى چىدام ۋە غەيرىتىنى
يوقاتقان، ئۇ قېرىشقاندەك هارۋىنى بى-
رەر غۇلاچچە يەرگە تارتىپ بارا - بار-
مايلا توختاپ قالاتتى. بوۋاي قامچىسىنى
هەيۋە بىلەن دىۋەيلەپ، ۋارقىرىغاندىن
كېيىنلا بىر - ئىككى غۇلاچچە يەرگە با-
راتتى - دە، يەنە توختاپ قالاتتى.

«چۇھ...! چۇھ دەيمەن...! هۇ ئۆ-
لۈكنى ئىت يېگۈر! — بوۋاي خۇددى
ئىنەكنى هازىرلا چەيلەپ - مىجىۋېتىدى-
غاندەك ئالدىغا دىۋىنىپ كەلدى، — خەپ...!
هېلى بىكار جۇمۇ سېنى...!»

ئىنەك قورققىنىدىن كۆزلىرىنى
چىمچىقلىتىپ، بېشىنى نېرى چەتكە ئې-
لىپ قاچتى. ئەمما جايىدىن مىت قىلىپ
تەۋرەپ قويمىدى. بوۋاي ئىنەكنىڭ
باش - كۆزىگە غەزەپ بىلەن ئىككى قام-
چا سالدى. ئىنەك شۇئان قامچا ئازابى-
دىن ئاچچىق تولغىنىپ، خۇددى يۈرىكى-

گە پىچاق ئۇرۇلغاندەك كۈچسىز ئىڭرىۋەتتى ۋە جان ئاچچىقىدا بار سالمىقى بىلەن ئالدىغا ئوخچۇپ، كۆتۈلمىگەندە ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرگە تىزلىنىپ قالدى. هارۋا شۇ هامان ئالدىغا سىلكىنىپ، قاقشالنىڭ ئېغىر سالمىقى ئىنەكنى يەرگە چاپلاپ قويدى. ئىنەك شوتا ئىچىدە جان تالىشىۋاتقاندەك تىنىمسىز تىپچەكلەيتتى، ئىككى تەرەپكە يۇلقۇناتتى، ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەيتتى...

«ۋاي ئېست، ئىنەك...!» بوۋاي ھەسرەتلىك بىر نىدا بىلەن ئاچچىق ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئېتىلىپ كېلىپ هارۋا شوتىسىنى بار كۈچى بىلەن يۆلەشكە كىرىشتى. بوۋاينىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى قىرسلاپ كەتتى، قاتتىق چىڭقىلىشتىن چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ ئېتىلىپ كەتكەندەك بولدى. شۇ هامان ئىنەكنىڭ قاتتىق يۇلقۇنۇشى بىلەن تەڭ ئېغىر شوتا لەپپىدە كۆتۈرۈلدى...

ئەمما بوۋاي ئىنەكنىڭ تۇمشۇقىدىكى قاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاستىنقى ياپىلاق، قېلىن كالپۇكى بايىقى يەرگە تىرەجەشتىن ئېزىلىپ، يارا ئېغىزىدىن قىپقىزىل گۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن چىپىلداپ قان ئېقىپ تۇراتتى! ئۇ ئىنەكنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ، يۇڭلۇق ئېڭەكلىرىگە، كۆزلىرىگە يۈزىنى يېقىپ هۆركىرەپ يىغلىۋەتتى: «ۋاپادار قېرىندىشىم...نېمىشقىمۇ ئۇرغاندىمەن سېنى! مۇشۇ لەنىتى ئوتتۇنىنى، ئازراق پۇلنى دەپ، ئۆزۈمنىڭ مېھرىبانلىقىمنى، يۇمشاق كۆڭۈللۈكۈمنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەنمۇ - هە؟ مېنى مۇشۇنداق تاش يۈرەكلىككە، قاباھەتلىككە مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمە؟ يوقسۇزلۇقمۇ ياكى پۇلنىڭ ۋەسۋەسىسىمۇ؟ مەن سېنى ئۇرغاندا نېمىشقا مېنى مۇشۇ ئۇچلۇق مۆڭگۈزلىرىڭ بىلەن ئۈسۈپ، بېقىنلىرىمنى تېشىۋەتمىدىڭ؟ نېمىشقا ۋاپاسىزلىقىمنىڭ، قارا يۈرەكلىكىمنىڭ جازاسىنى بەرمىدىڭ؟ خۇدا مۇشۇ مۆڭگۈزلىرىڭنى بىكار ياراتمىغان بولغىيدى. ئۇنى، ئۆزۈڭنى دۈشمەندىن، زوراۋانلىقتىن ھىمايە قىلىدىغان قورال ئورنىدا بەرگەن بولغىيدى. نېمىشقا ئۇنىڭ كۈچىنى كۆرسەتمىدىڭ؟ مۆڭگۈزلىرىڭ تۆمۈردىن قاتتىق، قىلىچتىن ئۆتكۈر، بوي-بەستىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك، قۇدرەتلىك. ئەمما كۆزلىرىڭ يېتىم، نارەسىدە بالىنىڭكىدەك مۆڭلۈق، جۈرئەتسىز، ھەسرەتلىك. نېمىشقا ئۇنىڭدا قەهرى - غەزەپنىڭ ئۆتكۈر چېقىندىسى يوق؟ بولمىسا مەندىن قىساس ئالاتتىڭ. ۋاپاغا جاپا قىلغىنىم ئۈچۈن كېلىشتۈرۈپ ئەدىبىمنى بېرەتتىڭ! ياق، كۆزلىرىڭنى مۇڭ بىلەن پارقىراتما! شۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەققىڭ بار ئىدى. ئېغىلغا سولاپ، كۈنلەپ - كۈنلەپ ئاچ قويسام غىڭ قىلمايسەن. ھېلىقى ئېشەك دېگەن ھارامزادىدەك ھاڭراپ قولاق - مېڭەمنى يېمەيسەن. خالىسام ھەپتىدە بىرەر ئىككى قېتىم كېپەكتە ھەلەپ ئېتىپ بېرىپ قويىمەن. بولمىسا، سېسىپ، قارىداپ كەتكەن قوناق شېخىنى، ئېشەكتىن ئېشىپ قالغان سامانىنى يەپ ياتىسەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا كۈندە بېرىدىغىنىڭ ئاپئاق سۈت! كېلىنىم كۈندە ئىككى قېتىم ئەمچىكىڭنى رېزىنكىدەك سوزۇپ، يېلىنىڭدە

بىر تامچە سۇت قويىماي سىغىدۇۋالىدۇ. خۇددى تومۇرۇڭدىن قاننى، سۆڭەكلىرىڭدىن يىلىكىڭنى شورىۋالغاندەك. ئەمما سەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈڭدە «غىڭ» قىلىپ باققان ئەمەس، يەنىلا كۆزلىرىڭنى مۆڭلۈق پارقىرىتىپ، تۆۋرۈكلەرگە باغلانغىنىڭچە ئۈندىمەي، مىدىر قىلماي تۇرغىنىڭ تۇرغان. ماڭا كۆرسىتىدىغان ۋاپا-ھەممىتىڭ يالغۇز بۇلا ئەمەس، ياز بويى يەر تېرىسام ساپاندىن، ئېتىزغا توغۇت توشۇسام ھارۋىدىن، خامان تەپسەم تۇلۇق سۆرەشتىن باش كۆتۈرەلمەيسەن. قىش كىرگەن ھامان مۇشۇنداق ئوتۇنچىلىقتىن...ئېيتقىنا بىچارە ئىنىكىم، دۇنيادىكى جەمى ھاياتلىق ئىچىدە سەن نېمانچە بەختسىز بولۇپ ياردىلىپ قالغانسەن؟ سەن خۇداغا ئەرز - ھالىڭنى ئېيتىپمۇ باقمىدىڭمۇ؟ بىلمەيمەن...ئېيتىپ باقمىدىڭ، بىرەر قېتىممۇ ئېيتىپ باقمىدىڭ. ھەممىگە چىدىدىڭ، سۈكۈت قىلدىڭ. ھەممە دەرد - ھەسرەتلىرىڭنى، ئازابلىرىڭنى ھەربىر تىنىقىڭدا تارتىقان «ئۇھ» لىرىڭ، پۇشۇلداشلىرىڭ بىلەن تۆكەتتىڭ. لېكىن بولارنىڭ ماڭا ئۇۋالى بولماسمۇ؟ تۇرغان «ئاھ» لىرىڭ مېنى تۇتماسمۇ؟ خۇدادىن ھەر نامىزىمدا گۇناھلىرىمنى تىلىگىنىم نېمىسى؟ سېنى ياۋاش، تىلسىز كۆرۈپ زۇلۇم سالغىنىم نېمە بولدى؟ بۇنداق قاقشال دېگەن سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە؟ ئەرزىمەسلا بىر نەرسە! ئۇنىڭ ھەممىسىنى مەشەگىلا ئۆرۈۋېتىمەن، ئەمدى ھارۋىغا سېنى ئەمەس ئېشەكنى قاتىمەن...» بوۋاي سۆزلىمەكتە، ئىنەك بىلەن ئەنە شۇنداق ئۈنسىز سىرداشماقتا. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى توختار ئەمەس، ئەلەملىك، ھەسرەتلىك، ئاچچىق كۆز ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى كۆيدۈرۇپ، ساقاللىرىنى بويلاپ، يەرگە — شور توپا ئۈستىگە تاراملاپ چۈشمەكتە.

بوۋاي يىغلىماقتا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىنەكمۇ يىغلىماقتا.

بوۋاي خېلىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. قۇياش بوك جاڭگاللىق ئارىسىغا چۆككەن، ئۇنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى جاڭگال ئۈستىدە — بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان تۇمانلار ئارىسىدا ئۆچۈۋاتقان چوغنىڭ ھالسىز شولىسىدەك سۇس يالىلداپ تۇراتتى.

«ئىنەكنى ئارام ئالدۇرغاچ، ئازراق تويدۇرسامىمكىن، ئۆزۈممۇ بىر پارچە نان يەۋالسامىمكىن...» دەپ ئويلىدى بوۋاي. لېكىن، ئىنەكنىڭ ئالدىغا ئېشىپ قالغان ئاخىرقى بىر باغ قوناق شېخىنى تاشلاپ بېرىشكە ھەرقانداق قىلىپمۇ كۆڭلى چىدىمىدى. ئۇ قاقشالغا ئىلىقلىق خۇرجۇننى ئېلىپ، ئىچىدىكى نان ئوراقلىق داستىخاننى ئىنەكنىڭ ئالدىغا يېيىپ ئاچتى - دە، ناننى ئۇششاق پارچىلاپ ئىنەكنىڭ ئاغزىغا تىقىشقا باشلىدى.

«يە، ئىنىكىم، بولسا، داستىخاندىكى ناننىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىۋەتكىن. قورۇنما، ئەسلىدە، بۇ دۇنيادا تارتقان جەبرى - جاپالىرىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاپئاق ناننى يېيىشكە تېگىشلىك ئىدىڭ. شاخ، سامانىنى سەن ئەمەس، ھېلقى دەريا بويىدىكى تەييارغا ھەييار قاراقچى - بولاكچىلارنىڭ يېيىشىگە ياراتقان بولسا بەك ئادىللىق بولاتتى...»

ئىنەكنىڭ كالپۇكىدىكى قان توختاپ، يېرىلغان يارا ئېغىزىدا بىر قەۋەت

قارامتۇل پەردە قېتىشىپ قالغانىدى. ئۇ، نانىنى كىرپە تىكىنىدەك يىرىك تىلى بىلەن يالماپ، كۈچلۈك ئېغىز چىشلىرىدا قاراسلىتىپ چايناشقا باشلىدى. بوۋاي قورسىقىنىڭ ئاچلىق ئازابىدىن ۋاژىلداپ ئېچىۋاتقىنىنى سەزمەيتتى. ئۇ ئىنەكنىڭ نانىنى ھۇزۇرلىنىپ چايناشلىرىنى، قولىدىكى نانغا بويۇنداپ، تىلىنى ئۇزۇن سوزۇشلىرىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. «كۆڭلى نېمىدېگەن ئاق بۇنىڭ؟ مانا، ئۇ مېنىڭ بايىقى تاش يۈرەكلىكىمنى زادىلا كۆڭلىگە ئالماپتۇ» دەپ ئويلىدى بوۋاي.

ئىنەك ھەش - پەش دېگۈچە داستىخاندىكى ناننىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگەتتى. بوۋاي خۇرجۇن - قاچىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، قاقشالنى مەشەگە چۈشۈرۈۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قورسىقىنى ئاغرىتىپ، قىيالماسلىق بىلەن قاراپ تۇرغان چاغدا، تۇيۇقسىز ھارۋا ئالدى - كەينىگە چايقالغاندەك بولدى - دە، ئاستا قوزغىلىپ مېڭىپ كەتتى.

«ۋاي ئېسىت، گاللىۋاكىلىقىم... — بوۋاي خۇشاللىقىدىن قولىدىكى قۇرۇق خۇرجۇننى قاقشال ئارىسىغا ئالمان - تالمان قىستۇردى، — ئىنەكنىڭ ئاچلىقتىن ھارۋىنى تارتالماي قالغانلىقىنى نېمىشقا بالدۇرراق بىلمىگەندىمەن؟ شۈكرى، ئەلھەمدۇلىللا...! مانا ئەمدى ياخشى بولدى... قاقشالنىمۇ چۈشۈرۈۋەتمەيدىغان بولدۇم. شۇنداق... ئۇنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئازراق پۇل جايلىمىسام، بالىنىڭ ئانىسىنى قانداق داۋالىتىمەن؟ ئەخمەتنىڭ ئۆتۈكىنى نېمە بىلەن چەملىتىمەن؟ قىزىمنىڭ كىتاب - دەپتەر دەۋاسىدىن قانداق قۇتۇلىمەن؟ قۇدرىتى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارا... مۇشكۇل ئىشىمنى ئاسان قىلغىن، ئۆيدىكى مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلسام، كادىر پۇلى، يول پۇلى، مەكتەپ پۇلى... دەپ بوسۇغامغا دۈگۈرەپ كېلىدىغان كىشىلەر يەنە بار. ئۇلارنىڭ تىل - دەشنەملىرى زەھەردىن ئاچچىق، چىرايلىرى زىمىستان قىشتىن سوغۇق، مېنى شۇلارنىڭ ئالدىدا خار قىلمىغىن، چىرايىمنى سارغايتمىغىن، بويۇن قىستۇرمىغىن...»

ھارۋا ئىلگىرىلەيتتى... بوۋاينىڭ قۇلىقىغا ئىنەكنىڭ كۈچلۈك ھاسىراشلىرى، پاكار چاتقاللارنىڭ چاق ئاستىدا قاراسلاپ سۇنۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھارۋا جاڭگالنىڭ گۆردەك قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ باراتتى...

بوۋاي كۈندۈزدە خاتا مۆلچەرلىمىگەن ئىكەن، ھارۋا تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندىلا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. ئاي دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جاڭگاللىق ئۈستىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ خىرە، ئاجىز نۇرىدا دەريا ئۈستىدىكى مۇز سامان يولىدەك گىرىمسەن ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. تۇمان قاپلىغان ئاسماندا يۇلتۇزلار خىرە - شىرە پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ، بوۋاينىڭ كۆزىگە سوغۇقتا غالىلداپ تىترەپ ھالىدىن كەتكەن بالىنىڭ تارام - تارام كۆز ياشلىرىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئالەم تىمتاسلىققا چۆمگەن، گويا ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەندەك، زىمىستان قارا سوغۇق ئەمدى مۇشۇ ئۆلگەن دۇنياغا مەڭگۈلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغاندەك ئىدى.

بوۋاي دەريا بويىغا كېلىشى بىلەن -

لا ھارغىنلىق ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن پۇت-
لىرىنى يۆتكىيەلمەي قالدى. ئاچلىق،
ھارغىنلىق ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تومۇرلىرى
بويلاپ پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارىماقتا ئى-
دى. ئۇنىڭ دەريا بويىدىكى قۇرۇق چىم-
لىق ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم يې-
تىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن بۇ خى-
يالىدىن تېزلا يالتايدى. ئۇ، دەريادىن
تېزرەك ئۆتۈۋېلىپ، تاڭ سۈزۈلگىچە ھې-
لىقى قاراقچى، بۇلاڭچىلارنىڭ ــ بوۋاي
ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى ــ كۆزى-
دىن يىراقلاپ كېتىش لازىم ئىدى. ئۇ
بېلىدىن بەلبېغىنى يېشىپ ئېلىپ، ئۇنى
تەگمۇ تەڭ تۆت پارچە قىلىپ يىرتتى.
ئىنەكنىڭ مۈزدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈش-
مەسلىكى ئۈچۈن ئالدى، كەينى پۇتىنى
ئالدىرىماي پۇختا قىلىپ ئوردى. ئەمدىكى
ئىش پەقەت خۇدانىڭ ئۇنىڭ مۈشكۈل
ئىشىنى ئاسان قىلىشىلا، خەۋپ - خەتەر-
دىن ساقلىشىلا قالغانىدى. «تەۋەككۈل...
يا، ئاتا - ئانامنىڭ روھى...» ئاستا شى-
ۋىرلىدى ئۇ يۈرىكىنىڭ تەشۋىشلىك دۈ-
پۈلدىشىنى تەستە بېسىۋېلىپ ۋە ئىنەك-
نى چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ دەريانى تو-
غرىسىغا كېسىپ يەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى.
ئىنەك ھارۋىنى ئانچە كۈچىمەيلا سۆرەپ
كېتىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئامان - ئېسەن-
چىلىك بولسىلا، ھارۋىنىڭ دەريانىڭ ئۇ
قېتىغا ئۆتۈپ بولۇشى ئۈچۈن بىر چۆگۈن
چاي قاينىغۇچىلىكمۇ ۋاقىت كەتمەيتتى.
ھارۋا ئاستا كېتىۋاتاتتى، چاق تېگىدە
يۇپقا قارنىڭ ئاق كىرىستالى ئەينەك
پارچىسىدەك قىدىرسىلاپ يەنچىلمەكتە
ئىدى. بوۋاي تەشۋىش، سەراسىمە ئىچى-
دە بەدەنلىرىنىڭ بايىقى ھارغىنلىقىنى

ئۇنتۇدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئالدىدىن ئۈزمەيتتى.
ئالدىدىكى كىچىككىنە قارا - قۇرا نەرسى-
لەرنىمۇ «مۈز يېرىقلىرىمىكىن» دەپ سى-
پاپ كۆرەتتى. بىر چاغدا ھارۋىنىڭ نې-
رىقى تەرىپىدىن «چارس» قىلغان ۋەھى-
مىلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. «ئاپلا! مۈز يې-
رىلدى...» بوۋاي ئالدىراپ ئىنەكنىڭ
بېشىنى سول تەرەپكە تارتتى. شۇ ھا-
مان بوۋاي دەسسەپ تۇرغان مۇزلۇق
كۈچلۈك سىلكىنگەندەك بولدى - دە، ئار -
قا - ئارقىدىن ئاڭلانغان قارسىلدىغان ئاۋاز
بىلەن تەڭ مۈز ئويۇلۇپ، دەسلەپتە ھار-
ۋا، ئاندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇ-
چە ئىنەك بىلەن بوۋاي يېرىلغان مۈز
ئارىسىدىن لۆمۈلدەپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان
قاپقارا سۇغا چۈشۈپ كەتتى. بوۋاي
شۇ ھامان خامۇش ئۇگمىدەكتىن ئويغان-
غاندەك بولۇپ، باشقىچە سەگەكلىشىپ
كەتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن مۈز گىرۋەك-
لىرىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، بىر قولى بى-
لەن ئىنەكنىڭ بېشىدىكى چۇلۋۇرنى بار
كۈچى بىلەن تارتىشقا باشلىدى. ئىنەك
شوتا ئىچىدە بار كۈچى بىلەن تېپىچەك-
لەيتتى، يۇلقۇنۇپ، ھالاكەت ئېغىزىدىن
قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. ئەمما ھارۋا مۈز
ئارىسىغا بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتات-
تى. بوۋاي مۈز ئارىسىدا شالاپشىپ ئې-
قىۋاتقان سۇنىڭ بەدەنلىرىگە نەشتەردەك
ئاچچىق سانجىلىشلىرىنىمۇ، بارماقلىرىنىڭ
چوكا مۈزدەك قېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ
سەزمىدى. ئۇ خۇددى سۇدا گاھ چۆكۈپ،
گاھ لەيلەپ تۇرۇۋاتقان بىر پارچە ئۇ-
يۇل مۈزغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ-
نىڭ قورقۇنچلۇق ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئى-
چىدە تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئالغان بىر

جۇپ قەھرىلىك كۆزىدە كۈچلۈك، قەيسىرانە يارقىن نۇر چېقىندايتتى. كۆز گۆھىرى بۇ نۇر ئىچىدە توختىماي خاتىرجەم، دۈپ ـ دۈگىلەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. بوۋاي سۇ ئىچىدە بېلىقتەك تېز ھەردەكەتلىنىپ، بېلىدىكى شوينىغا قىستۇرۇۋالغان پالتىسىنى ئالدى ـ دە، ھارۋا چابدۇقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاناشقا باشلىدى. سۇ ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. ئۇنىڭ زەربىسىدىن پارچە مۇزلار قاراسلاپ سۇناتتى. ئىنەك شىددەتلىك ئېقىم ئىچىدە گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ، ماماتلىق بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. بوۋاي ھارۋا چابدۇقلىرىنى ئاخىرى كېسىپ بولدى. ئىنەك ئاشۇ توختاۋسىز يۇلقۇنۇشى بىلەن ھارۋا شوتىسىدىن بوشىنىپ چىقتى، ھايال ئۆتمەي ھارۋىغا كەپلىشىۋاتقان شىددەتلىك سۇ بارغانسېرى ئۆرلەپ ـ كۆپۈپ، ئاخىرى ھارۋىنى ئوتۇن بىلەن قوشۇپ مۇز ئاستىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى. ھارۋا ئورنىدا ئەمدى سۈيى لۆمۈلدەپ قايناپ تۇرغان بىر پارچە قاپقارا ئوچۇقچىلىقلا قالغانىدى. بوۋاي ھالىدىن كېتىۋاتاتتى، بەدىنى مۇز پارچىلىرىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشلىرىنىمۇ سەزمەيتتى. ئىككى قولى تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ قولىدىكى پالتىنى بېلىگە قىستۇرغان ـ قىستۇرمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ پەقەت بارماقلىرىنىڭ ئىنەكنىڭ قۇيرۇقىنى مەھكەم قامالىغىنىچە، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنىلا ھېس قىلاتتى. ئىنەك مۇز پارچىلىرىنى كۆكسى بىلەن يېرىپ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. ئىنەكنىڭ پۈتۈن بەدىنى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن، پەقەت بېشىلا سۇدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بوۋاي پۈتىنىڭ سۇ ئاستىدا ئېمىگىدۇر ئۇرۇلغىنىچە سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقىنىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلدى. ئىنەك ئۇنى دەريانىڭ تېيىز، قۇمساڭغۇ يېرىگە سۆرەپ چىقتى...

ئەتىسىگەنكى قۇياش جاڭگال ئۈستىدىن، گويا بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك، نۇرانە بىر جىلۋە بىلەن كۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. بوۋاي پەقەت ئىنەكنىڭ ئارقىسىدىن قىرغاققا يامىشىپ چىققان چاغدىلا، ئۆزىنىڭ ئىنەك بىلەن بىللە ئامان ئېسەن قالغانلىقىغا ئىشەندى. بوۋاي دەريا بويىدىكى نەم قۇمسازلىق ئۈستىدە ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، پەشلىرىدىن سۇ چېپىلداپ ئېقىۋاتقان پاختىلىق چاپىنى جاققىدە مۇز بولۇپ قاتتى. نىھايەت، ئىنەكنىڭ سارغۇچ ـ قوڭۇر تۈكلىرى تېرىسىگە سىلىق يېپىشىپ، تېخىمۇ پارقىراپ كەتكەنىدى. ئىنەك تىترەۋاتاتتى، ئەمما بەدىنىدىن ھايال ئۆتمەي ئاقۇچ ھور كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بوۋاي ئېمىشقىدۇر، ھارۋىسىدىن كۆرە ئىنىكىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كەتتى.

«جېنىم قېرىندىشىم...— بوۋاي ئىنەكنىڭ بوينىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، مۇز بىلەن تاراقشىپ قاتقان ساقاللىق ئېڭىكىنى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا، كۆزلىرىگە سۈركىدى، — سەن ھايات، دېمەك، مەنمۇ ھايات. ھاياتلا بولسام، مەنمۇ قەرزلىرىمنى تۆلىۋالىمەن، موھتاجلىقتىن قۇتۇلىمەن، دۇنيادا ئادەمدەك ياشايمەن، سەنمۇ شۇنداق. ئېغىلدا قالغان توپىقىڭنى تويغۇچە ئېمىتىپ، ئۇنى يالىۋالىسەن، ئاندىن كېيىن كۈنجۈرە يەيسەن، ھەلەپ-

www.uyghurkitap.com

كه تويىسەن. بولدىلا ئەمدى هارۋا ئالـ
مايمەن. پۈتۈن ئەسلى - ۋەسلىمنى سېتىپ
بولسىمۇ تـراكتـوردىن بىـرنى ئالىـمەن،
بۇ قېتىم ئۆلۈمدىن ئامان قالدىمۇ، بولـ
دى! ئەمدى ھەقىقىي ئادەمدەك ياشىمىسام
بولمىدى. شۇنداق قىلىمەن، خۇدانىڭ ماڭا
نـىـسـىـپ قىلغان ئۆمرىنى ئۇنچىۋالا خار،
موھتاجلىقتا ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن...»

بوۋاينىڭ ۋۇجۇدى يالقۇنـلۇق چوغ
تەپتىدەك، مېھرلىك بىر سېزىم ئىچىدە
ئىسسىپ كەتتى. بۇ ئىنەكنىڭ بەدىنىدىن
ئۆتكەن ئىـسسىقلـىقمۇ ياكى يۈرىـكىنىڭ
چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەزەلدىن بېرى ساقـ
لىنىپ كېلىۋاتقان ئوتلۇق ھارارەتـمۇ؟ ئۇ
بۇنى بىـلمـىدى. ئۇ مۇزلىـرى ئېيىلۈپ
چۈشكەن رەھىمسىز دەريا ئېقىنىغا مەسـ
خىرىلىك، سوغۇق نەزەرى بىلەن تىكىلدى.
ئاق قار، كۆك مۇز، ئىزغىـرىن شامال ...
دېگەنلەر ئەمدى ئۇنىڭ نەزەرىدە قورقۇشـ
قا، ھەسرەتلىنىشكە، ۋەھـىمە يـېيىـشكە
ئەرزىگۈدەك نەرسە بولـماي قالـغانىدى.
ۋەھالەنكى ئۇنىڭ نەزەرىـدە، دۇنـيادىـكى
ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس نەرسە نۇر، يۈـ
رەكنىڭ قەيسىرانە دۈپۈلدىشىـدىن بالقىپ
چىققان، پەقەت كۆزلەردىلا كۆرۈشكە بوـ
لىدىغان نۇرلا ئاشۇلاردىن غالىب كېلىشكە،
ئۇنى كەمستىشكە قادىر ئىدى.

«شۇنداق بولىدىغۇ...؟ — ئۆز - ئۆزىـگە
خىتاب قىلدى بوۋاي ئىنەكنىڭ كۆزلىرىـ
نى سۆيۈۋېتىـپ، ـــ مەن ئىـنەك بىـلەن
بىلله سۇ ئىـچىـدە جان تالىـشىۋاتـقان
چاغدا، ئىنەكنىڭ كۆزىـدىن ئاشـۇ نۇرنى
كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ كۆز
گۆھىرىدىمۇ كۆزلىرىمىـدىن چاقـناۋاتـقان
كۈچلۈك نۇرنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم. راست...
مەن ئاشۇ نۇردىن ۋۇجـۇدۇمدىـكى كۈچ -
قۇۋۋەتنى، ئەقىل - پاراسەتنى، چوغ تەپتىـ
دەك ئىسسىقلىقنى، ھايـۋان بولسـىمۇ ئىـ
نەكنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى
ھېس قىلدىم...»

شۇ ئاردا ئىنەك بوم، غاراڭ - غۇـ
رۇڭ ئاۋازدا سوزۇپ مۆردۈەتتى ۋە بويـ
نىنى ئىككى چاترىقىنىڭ ئارىلىقىغا سوـ
زۇپ، ئەمچـىكىنى شالاپشىتىپ يالاشقا
باشلىدى، بوۋاي شۇ چاغدا ئىنەكنىڭ قان
تەپچىرەۋاتقاندەك قىزىرىپ، پەسكە ساڭگـ
گىلاپ كەتكەن ئەمچـىكىنى كۆرۈپ ئۇنى
يۇقۇش ئالقانلىرى بىلەن سىـلاپ كەتـتى.
سۈت چىڭقىلىپ، تاشتەك قېتىپ كەتكەن
ئۇمران ئەمچەك مـۇزدەك سوغۇق ئىـدى.
چاك - چاك يېرىلغان ئەمچەك توپچىـسىدا
قېتىپ قالغان قان داغلىرى قارىيىپ كۆـ
رۈنەتتى. بوۋاي بېشىدىن قوي تېرىسىدىن
تىكىلگەن قېلىن تۇمىـقىنى ئېلىـپ، ئەمـ
چەككە كىيدۈرگىنىچە، ئۆز - ئۆزىـگە كاـ
يىپ كەتتى:

«مەن ئەقلى كېسىلىپ كەتـكەن ئۆـ
لۈمتۈك قېرى، نېمىشقىمۇ بۇنى بۇرۇنراق
كۆرمىگەنىدىمەن؟ مېنى مۇز ئارىـسىدىن
قۇتقۇزۇپ چىققانمۇ، بەدىنىمنى ئۆز بەدىـ
نى بىلەن ئىسسىتىپ ئۆلۈمـدىن ساقـلاپ
قالغانمۇ مۇشۇ ئىنەك. مەن ئۇنىڭغا نېـ
مىگە كېرەك كەلدىم؟ تارتقان ئازابلىرىـ
نى نېمىشقا ھېس قىلالمىدىم؟ تىلسىز،
ياۋاش بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ئاھ، بىـچارە،
خۇدانىڭ مۆمىنى، كۈيۈمچان جانىۋارىم!
ئۇ كېچە مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان، ئۇـ
نىڭ ھازىر مۆرىگىنى — توپىقىنى ئەسكە
ئالـغىنى، ئەمـدى ئۇنى ئاچـلىقـتىن
قۇتـقـۇزماقـچى، ئاپئاق سـۈتى بىـلەن

تويۇندۇرماقچى...»

بوۋاي ئىنەكنى يېتىلەپ، كونا يول بويلاپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ھارۋىسىغا، ئوتتۇنىغا بولغان ئۆكۈنۈشى ئاللىقاچان ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن، ئۇ ئەمدى ئۆيىدە — توغرا تام كەينىدە ئېڭراپ، ئۆزىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ياتقان ئاغرىقچان ئايالىنىمۇ، ئوغلىنىڭ چەملىتىدىغان ئايىغىنىمۇ، كېلىنىگە ئېلىپ بېرىدىغان ياغلىقىنىمۇ، قىزىنىڭ «دەپتەر - قەلەم» دەپ مىشىلداپ يىغلاپ، يۈرەكنى ئېزىپ تاشلايدىغان ھەسرەتلىك يالۋۇرۇشلىرىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئۇ پەقەت ئۆيىگە تېزرەك بېرىپ، ئىنەكنىڭ توپىقىنى تويغۇچە ئەمدۈرۈۋېلىشنىلا ئويلايتتى. ئۆيىدىكى موھتاجلىق، كەنت باشلىقىغا تۆلەيدىغان ئالۋان - ياساق پۇلى بۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نېمە ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئىنەكنى توپىقى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىستەك بوۋاينىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ خۇدا ئالدىدا قىلغان ئېغىر گۇناھلىرىنى يۇيۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇ تۇيغۇلارنى ھېس قىلىۋاتقان چاغدىكى خۇشاللىقنىڭ چېكى يوق! بۇنداق خۇشاللىقنىڭ ئىنسان قەلبىگە ئاتا قىلىدىغىنى ئانا قۇچىقىدىكى بوۋاقتەك سەبىيلىك، توي كېچىسىدىكى ئۇنجى سۆيۈشلەردەك شېرىنلىك، ناماز ئۈستىدە خۇدانىڭ جامالىنى كۆرگەندىكىدەك بەختىيارلىق! بوۋاي ھازىر ئاشۇ لەززەتلىك تۇيغۇ بەخش ئەتكەن چەكسىز ھۇزۇر ۋە ئارامبەخشلىك تۇيغۇسىغا چۆمگەنىدى.

«ئادەم دېگەن بىر تۆشۈكتىن چىقىپ، يەنە بىر تۆشۈككە كىرگۈچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمەيدۇ؟ — دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى بوۋاي، — بىر ھارۋا قاقشالنى كېسىش دېگەن ناھايىتى ھايتىنى ھۆييت دېگۈچىلىك بىر ئىش. ئۇنى مەن پۇلىغا سېتىۋالغىنىم يوق. خۇدانىڭ جاڭگىلىدىن بىكارغا كېسىپلا كەلدىم شۇ. پەقەت شۇ ھارۋىغىلا ئازراق قورسىقىم ئاغرىيدۇ. ئوزاقى يىلى ئىككى پاي چاقىنىلا يۈز كويغا ئالغان. ئۆتكەن يىلى قىشتا ھېلىقى لەنىتى قاراقچى بىر پاي چاقنى ئوق ئېتىپ تېشىۋەتكەنلىكتىن، يەنە قىرىق نەچچە كوي پۇل خەجلەپ بىر پاي يېڭى چاق ئالغان ئەمەسمىدىم. ئوۋۋاي... بوپتىلا، ھاياتىمدا ئۇنداق زىياندىن قانچىلىكنى تارتمىغان ئادەم مەن؟ بوپتۇ، بېشىمغا كەلگەن بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن كەتكەندۇ. ئوغۇل بالا دېگەن تارتقان زىيانغا قورسىقىنى ئاغرىتىپ يۈرگۈلۈك ئەمەس، ئىشلىگۈلۈك! شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرىشەلمەيدىغان ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ. ئادەم دېگەن ھاياتلا بولسا، خۇدا ئۇنى كۈتكەن مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ...»

بوۋاي ئالدىدا، ئىنەك كەينىدە، ئۇلار دەريا بويىدىن ئانچە يىراق ئۇزاپ كېتەلمىگەن، ئاچچىق شور بۇقسۇپ تۇرىدىغان توپىلىق يولدا مەھەللە تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ باش - كۆزى قېلىن بىر قەۋەت توپا بىلەن مەينەتلەشكەن، ئۇلار بىر قارىماققا ئوچۇقچىلىقتا چوقچىيىپ تۇرغان بىر پارچە چولاق تامغا ئوخشايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ چاقناپ، بىرسىنىڭ مۆلۈلدەپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان كۆزلىرىدىلا، ئۇلارنىڭ تىرىك جان-
بەردىنىڭ ئادەم، بەردىنىڭ ھايۋان ئىكەن-
لىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىنەكىنىڭ كۆ-
زىدىن بۇرۇنقىدەكلا مۆڭلۈقلۇق، بىچار-
لىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەمما بوۋاينىڭ
كۆزىدە ئىنەككىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان،
چېقىنداپ تۇرغان ئۆزگىچە نۇر بار ئى-
دى. بۇ نۇردا ئۆكۈنۈشمۇ، شۈكرى-قانا-
ئەتمۇ، مېھرمۇ، قەھرى-غەزەپمۇ بار
ئىدى. ئۇشتۇمتۇت دەريا كېچىكى تەرەپ-
تىن كىمنىڭدۇر ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭ-
لاندى. ئارقىدىنلا بوۋاي ئۇلارنىڭ قوللى-
رىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۆزىگە قاراپ يۈ-
گۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«ئەمدى نېمە قورقۇش...؟— بوۋاي
ئىنەكىنى يېتىلەپ، ھېچ ئىش بولمىغان-
دەك پەرۋاسىز كېتىۋەردى،— ئوتۇن باس-
قان ھارۋام بولمىغاندىكىن جاڭگال پۇلى
تۆلە دەپ ئېسىلىۋالالمايدۇ. يەنە ئۇششۇق-
لۇق قىلىپ باقسۇنچۇ، توۋا قىلدۇرۇۋەت-
مىسەم ھېساب ئەمەس...»

ئۇلار بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ
كەلدى.

— توختا!— ئاردىن كىمدۇر بىر-
سى بوغۇق، ئەمما كەسكىن ئاۋازدا ۋارقى-
رىدى. بوۋاي ئارقىسىغا بىر قاراپلا ئۇ-
نىڭ ھېلىقى ھارۋىنىڭ چاقىنى ئېتىپ
كاردىن چىقارغان مىلتىقلىق ئىكەنلىكى-
نى تونۇدى. ئۇنىڭ ئۈشىنىسىدە يەنە شۇ
بۇرۇنقى كونا مىلتىق پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

— ئوھو... يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇقمۇ
ئەمدى؟— دېدى ئۇ بوۋايغا مەسخىرىلىك
كۈلۈمسىرەش ئىچىدە سوغۇق نەزەر بىلەن
تىكىلىپ،— ھا... ھا... ھا... قېرىغىنىڭىز
بىلەن كۆزىڭىز يامان ئىكەن جۇمۇ
سىزنىڭ!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟— زەردە بى-
لەن كۆزلىرىنى چەكچەيتتى بوۋاي ئۇ-
نىڭ گېپىدىن داڭ قېتىپ، مىلتىقلىقنىڭ

چىرايى بىر خىل ئۆچمەنلىك بىلەن پۇ-
رۇلۇپ كەتتى.

— قايسى قوتاننىڭ ئىنىكى بۇ؟

— قايسى قوتاننىڭ دەيسىزغۇ؟ ئۆز
قوتىنىمنىڭ! توختاڭا، نېمىگە سوراپ
قالدىڭىز بۇنى؟

— ئەلۋەتتە سورايمەن. مانا بۇنى
بىر يەردىن ئوغرىلاپ كېلىۋېدىڭىز، ئەمدى
تۇتۇلۇپ قالدىڭىز.

— ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ سۆزلە
جۇمۇ!— دېدى بوۋاي غەزەپتىن جالاقلاپ
تىترەپ،— ئۆزۈڭچە كىم كۆرۈۋاتىسەن
مېنى؟ تېخى ئوغرى تۇتۇۋاتامسەن؟

— كاپشىما!— مىلتىقلىق كۆزلىر-
رىنى چەكچەيتىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈ-
گۈرۈپ كەلدى،— ئىنەكنى ئۆزۈمنىڭ
دېمەكچىمۇ سەن؟ ئەمىسە بۇ يىراق جاڭ-
گالغا نېمە دەپ يېتىلەپ كەلدىڭ ئۇنى؟
ئەقلىڭدىن ئادىشىپ قالغانمىدىڭ-يا؟
ياكى ئۇنى تاماشا قىلدۇراي دەپ ئەكەل-
دىڭمۇ؟ راستىنى ئېيت؟ ئىقرار قىلمىغان-
لارغا كەڭچىلىك!

بوۋاي ئۆزىنىڭ پېشكەللىككە ئۇچ-
رىغانلىقىنى ئېيتىشقا تىلى بارمىدى. راست
سۆزلەشنى مۇشۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ
قەدىر-قىممىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق دەپ
ئويلىدى.

— ئىنەك يازدىن بېرى توقايدا
تۇرغان،— دەپ يالغان ئېيتتى بوۋاي،—
تۈنۈگۈن باغلاقتىن بوشىنىپ قېچىپ كې-
تىپتۇ. بىردىپ تۇتۇپ كەلدىم شۇ.

— كېچىكتىن ئۆتمەي، ئاسماندىن
ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ-دە، كېچىكنى كېچە-
كۈندۈز بېقىپ ياتقان ئادەم بار.

— دەريادىن ئۆتىدىغان جاي يالغۇز
مۇشۇ كېچىكلا ئەمەسقۇ؟

— ساڭا ئوخشاش باشقا يەردىن قې-
چىپ ئۆتۈپتۇ-دە ئەمىسە. گەپ شۇ، ئى-
نەك مۇسادىرە!

— نېمە، ئۆزۈمنىڭ بولسىمۇ مۇسادىرىمۇ؟

— ئۆزەمنىڭ دەيدىغانغا نېمە ئىسپاتىڭ بار؟

— مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن گۇۋاھ - شاھىت. تېخى ئېغىلدا قالغان كىچىك توپىقىمۇ بار.

— مانا، بەللى! ئوغرىلىقىڭنى ئاخىر چاندۇردىڭغۇ - ھە، پەس قېرى! ئېغىلدا توپىقى قالسۇنۇ، ئۇنى تاشلاپ توقايغا چاپسۇن،— ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى، — ئىنەكنى ئېلىپ مېڭىڭلار!

— نەگە؟— بوۋاي ئىنەكنى گەۋدىسى بىلەن ھىمايە قىلدى،— مۇشۇنداق ئاپئاشكارا بۇلاڭچىلىقىڭلارنىڭ ئاخىرى ھېسابى بولماسمۇ؟ جاڭگالدىكى توغراقنى قوغداش باھانىسى بىلەن كىملەرنى قاقشىتىشمىدىڭ؟ قانچىلىك توغراق ياغىچىنى ئوغرىلىقچە سېتىپ خەجلەشمىدىڭ؟ سەنلەرنىڭ پاسىق قوللىرىڭ تەگمىگەن بۇ يەرنىڭ سېرىق بۇيىنى، دەريادىكى بېلىق بىلەن ئاسماندىكى غاز، ئۆردەك، جاڭگالدىكى توشقان، جەرەن قالدىمۇ؟ ئەمدى ئىنىكىمنى نېمە قىلىشماقچىسەن، ئۆلتۈرۈپ يېيىشمەمسەن؟

ئۇلار بوۋاينىڭ گېپىگە قۇلاق سالار ئەمەس، ئۇلار خۇددى بوراندەك يوپۇرۇلۇپ ئىنەككە ئېتىلىپ كېلىشتى، بوۋاي ئۇلارنىڭ بىرلىرىنىڭ قولىغا ئېسىلاتتى، بىرلىرىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى. شۇ ئارىدا ئۇ مىلتىق پەينىكىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن بېشى «پىر» قىلىپ ئايلىنىپ، ئالدى - كەينىگە سەنتۈرۈلگەندەك بولدى - دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى...

بوۋاي يولدا توپىغا مىلىنىپ قانچىلىك ياتقىنىنى بىلمىدى. ئۇ بىر چاغدا كۆزىنى ئاچقاندا، قېشىدا نە ئىنىكى، نە ھېلىقى كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى.

«قېنى سەن ئىنىكىم ...؟» بوۋاي ئېچىنىشلىق خىرىلداپ، سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئالاڭلاپ ئەتراپقا قارىدى، تۆت ئەتراپتا يەنىلا شۇ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يۇلغۇن، ئاق تىكەن، يانتاق، سېرىق بۇيا... پەقەت دەريا ئۈستىدىكى ئاقۇچ مۇز يۇلغۇنلار ئارىسىدىن غىل - پال، خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاي بېلىدىن پالتىسىنى ئالدى، بىسىنى سىناپ كۆردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەھرلىك كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان كۈچلۈك نۇر پالتىنىڭ ئۆتكۈر بىسىدە يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ كەتتى.

«خۇدا ئالدىدا ... ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن ...! — بوۋاي پالتىنىڭ ئۆتكۈر بىسىنى كالپۇكىغا يېقىپ، قەھرلىك بىر ئاۋازدا خىتاب قىلدى، — ئىنىكىمنى بۇلاپ كەتتىمۇ، ئەمدى ئۇلارغا تىنچلىق - خاتىرجەملىك يوق. يول ماڭسا تاپىنىغا تىكەن بولۇپ سانچىلىمەن. تاماق يېسە گېلىغا سۆڭەك بولۇپ قادىلىمەن، ئىچىدىغان سۈيىگە تۈز بولۇپ قۇيۇلىمەن، بۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئادەملىك سۈپىتىم يول قويمىسا، ئىتقا، بۆرىگە ئايلىنىپ كېتىشكە رازىمەن! تاكى يوقاتقان نەرسىلىرىمنىڭ ھەققىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋالمىغۇچە، ئۇ نىجىسلارنى خۇدانىڭ بۇ پاك زېمىنىدىن قوغلىۋەتمىگۈچە ئۆلسەممۇ كۆزۈمنى يۇممايمەن...!»

بوۋاي قەددىنى رۇسلاپ، پالتىسىنى ئاسمانغا زەرب بىلەن شىلتىدى. ئاندىن بۆك جاڭگاللىقنى كۆكسى بىلەن يېرىپ، شاخلارنى غاراسلىتىپ سۇندۇرغىنىچە يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

دەرۋەقە، شۇنىڭدىن كېيىن، ياغاچ توسقۇچىلارنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى.



ئەتراپتىن كولاپ كېلىنىپ گەمە يېنىغا
رەتلىك قىلىپ دۆۋىلەپ قويۇلغان سېرىق
بۇيا يىلتىزى بىر كېچىدىلا كۆيۈپ كۈل-
گە ئايلاندى. ئۇلار بۇ ۋەقەنىڭ سىر-سە-
ۋەبىنى بىلەلمەي خاپا بولۇپ تۇرغان
چاغدا، بۇيا يىلتىزى توشۇشتا ئىشلىتىلى-
غان بىرنەچچە قول ھارۋىسىنىڭ نامە-
لۇم بىر ئادەم تەرىپىدىن پارە-پارە قى-
لىپ چانىلىپ كېچىكتىكى مۇز پارچىسى
ئارىسىغا تاشلىۋېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.
ئۇلار ئەمدى قەھرىتان قىشنىڭ ئۇزۇن
كېچىسىنى ئۇخلىماي تىنىك ئولتۇرۇپ ئۆت-
كۈزۈشىدىغان بولۇشتى.

ئەمدى ئاۋۋال ئاخشامدىن تاكى تاڭ
ئاتقۇچە جاڭگاللىق ئارىسىدىن يۈرەككە
ئۆلۈم قورقۇنچىسى سالىدىغان دەھشەتلىك،
ۋەھىمىلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدىغان بولۇپ
قالدى. بۇ ئاۋاز گاھ يىغىغا، گاھ كۈلكى-
گە، گاھ بۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرىغا، گاھ
يولۋاسنىڭ ھۆركىرەشلىرىگە، گاھ شىددەت-
لىك بوراننىڭ قەھىرلىك گۈرۈلدەشلىرىگە
ئوخشايتتى. يول توسقۇچىلار بۇ ئاۋازدىن
تەنلىرى جۇغۇلداپ بىر-بىرىگە ئۈنسىز
قاراشقىنىچە غالىلداپ تىترىشەتتى.

قىش دەھشىتى ئەۋجىگە چىققان
بورانلىق بىر كېچىدە يول توسقۇچىلار
ھېچقاچان ئويلىمىغان دەھشەتلىك بىر ۋە-
قە يۈز بەردى. ئۇلار مەش يېنىدا سو-
رۇن تۈزۈشۈپ كالا گۆشى بىلەن هاراق
ئىچىشىۋاتاتتى. سىرتتا بىرسىنىڭ ئۇش-
تۇمتۇت ئېچىنىشلىق ئېڭرىغان ئاۋازى
ئاڭلاندى. ئۇلار بىر-بىرىگە چۆچۈپ قا-
رىشىپ، ئارىسىدا باشلىقنىڭ-ھىلتىقلىقنىڭ
يوقلۇقىنى بايقاشتى-دە، دەلدەڭشىپ، مۈ-
دۈرۈشۈپ تالاغا چىقىشتى. گەمىنىڭ ئار-
قىسىدا — ئىنەكنىڭ پاك-پاكىزە غاجىلان-
غان سۆڭەكلىرى تۆكۈۋېتىلگەن جايدا
ھىلتىقلىق كۆچسىز تىپىرلاپ، خارقىراپ
جان تالىشىۋاتاتتى. ئىنەكنىڭ بېشىدىن
قومۇرۇلۇپ تاشلىۋېتىلگەن بىر جۈپ ئۈچ-
لۇق مۈڭگۈز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادالغان
ئىدى. بوران گۈرۈلدەيتتى، ئاشۇ ھەيۋەت
گۈرۈلدەشلەر ئىچىدە قاقاقلىغان كۈلكە
ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى...

مەسئۇل تەھرىرى: روزىمەھەممەت جۇمە

ئەركىن مەتنىمىن

# سەھرا، تۇپراق، مەن

## ئۇپۇقتىكى سۆزۈك قەترە مەن

ئۇپۇقتىكى سۆزۈك قەترە مەن،
قۇياش بىلەن چۈشەرمەن يەرگە.
ئەقىدەمدە جانلىنار زېمىن،
تاڭدا گۈللەر يېتەر قەدرىمگە.

قارىچۇقۇمدا چاقنايدۇ قۇياش،
كىرپىكلىرىم ئوينار بىتاقەت.
زىنىقىمدا كۆلەر شولىسى،
قۇچىقىمدا يايرار تەبىئەت.

ئۇپۇقتىكى سۆزۈك قەترە مەن،
قارىچۇقۇمدا مۆلدۈرلەر قۇياش.
تەختىم يەنە بولسىمۇ ئېگىز،
پاك ۋۇجۇدۇم زېمىنغا تۇتاش.

## بىر سىنى دەپ يازىمەن قوشاق

كۆيلىرىمدە ئاقىدۇ دىلدار،
ساڭا بولغان ئەقىدەم ئېنىق.
بۇ سەھرالار رەڭدۇر ھېسسىمگە،
زىيا بولۇپ شۇنچىلىك قېنىق.

مەن بىر چاغلار يازغان سەن ئۈچۈن،
شەھەرلەردە ئولتۇرۇپ قوشاق
شۇ ئەقىدەم بولۇپ بىر قۇياش،
سەھرادىمۇ يانماقتا شۇنداق.

بىر سىنى دەپ يازىمەن قوشاق،
چۈنكى ئۆزۈك ئەقلىم شولىسى.
بەكمۇ ئارام خىيال سۈرۈشكە
كونا كۆلبەم ۋەيران ھويلىسى.

يۇلتۇزلارغا باقىمەن تۈندە،
ئەقلىم چىگىش، سىنى ياد ئېتىپ.
ئۇنتۇتمىدىم، ئاخىرقى ۋەدەم
نۇر چاچىدۇ تۇپراققا چۆمكۈپ.

نۇر چاچىدۇ تۇپراققا چۆمكۈپ،
زىنىقىمدىن يانار تەبەسسۇم.
بۇ سەھرالار سەن ئۈچۈن سىرلىق،
تۇپراق پۇرار بۇندا قەسىدەم.

تۇپراق پۇرار بۇندا كۆيلىرىم،
سىنىڭ ئۈچۈن ئېيتىپ بىر ئاھاڭ.
يېنىك تىنىپ ئوقۇغىن دىلدار،
كۆيلىرىمنى زېرىكىپ قالساڭ.

## ئۇلۇغ تۇپراق

تۇپىلاڭدا ئېيتاتتۇق ناخشا،
تۈيغۇمىزدا تەۋرىتىپ قۇياش.

ئۆپۈق سۆيگەن زەڭگەر بۇ تۇپراق
ھاياتلىققا ئىدى چىڭ تۇتاش.

ھېس بېرەتتى قايتا دىللاردا،
سۆيگۈمىزنى تەۋرىتىپ يېنىك.
ئويناقلىغان قىرچىنتال، تېرەك،
ياز كۆنلىرى بولاتتى كۆنلۈك.

ئويناقلىغان قىرچىنتال، تېرەك،
چاچلىرىڭغا ئىدى بەك ئۆرنەك،
ساددىلىقىڭ مەست قىلاتتى يار،
شەھەرلىكتەك تاقمايتتىڭ بېزەك.

يۇمۇلايتتۇق گاھى تۇپىغا،
ئۆنۈپ چىققان سۆيگۈمىز يەردىن،
كۆچەيگەنتى ئىشقىمىز شۇ چاغ
شۇ تۇپراققا تەك تۆككەن تەردىن.

### غەزىپىمدە ئاچتىم سىرىڭنى

قوشاق قاتتى نىگارىڭ يىغلاپ،
بۇ سەھرادا خىيالغا پېتىپ.
ئاغرىمىغىن، يازدىم بۇ بىر رەت
تەنەمنى ھەم مىسراغا قېتىپ.

يىغلىۋالغانىدىڭ ئاشۇ چاغ،
يول ئالسام مەن سەھراغا غەمكىن.
شۇندىن بېرى كۆيەر يۈرىكىم،
مەيلى ھازىر يىغلا يا كۈلگىن.

شۇ ئاداقتى ئەقىدىڭنى دەپ،
سورىغىنىمدا قالغانىتىڭ قىيىداپ.
ئۇزاق بولدى كەلمىدىڭ ھېچ
بىر پارچە خەت ئۆزۈڭمۇ تۇرماق.

ۋاپاسىزلىق شۇنداق بولامدۇ،
تىۋىشسىزلا يوقالدىڭ بىردىن.
سەھرالىق ئۇ مايماق ئاياغ دەپ،
يالتايدىڭمۇ سۆيۈشنى دىلدىن.

ئەقىدەڭدىن كەچكىنىڭ جېنىم.
كار قىلالماس پاك بۇ دىلىمغە.
غەزىپىمدە ئاچتىم سىرىڭنى،
ئاغرىنىمىغىن يازغان كۈيۈمگە.

### تار كوچاڭ

يىغلاپ، قاقشاپ تېپىشتۇق مانا،
تار كوچاڭدا تويماي بېقىشىپ.
چىقىپ كەلدى بىلىمىدىم، داداڭ
سايە كەبى بىزگە ئەگىشىپ.

ئىككى كىشىلىك تار كوچاڭ پەقەت،
يول يوق ئىدى داداڭغا دىلدار.
بۇ ئازابتا ئۆرتەندى قەلبىم،
ئايرىلىشتۇق بولۇشۇپ بىدار.

ئوبۇل ئەزىزى

## قەلبىم بەرگىدە چاقنايدۇ شەبنەم

سۆيگىن مېنى، ئاھ، قۇم دېڭىزى

سۆيگىن مېنى، ئاھ، قۇم دېڭىزى،
قۇياش سۆيگەن ئاتەش لىۋىڭدە.

ئەستە قالسۇن سۆيگۈنىڭ ئىزى،
قۇت بېغىشلاپ قىران ئۆمرۈمگە.

سۆيگىن مېنى، ئاھ، قۇم دېڭىزى،
بالىلىقتا سۆيدۈرگىنىڭدەك.

مېھرىڭ بىلەن ئىسسىق قويىنۇڭدا
تەنلىرىمنى كۆيدۇرگىنىڭدەك.

قۇم دېڭىزى بالىلىقىمنى
جامالىڭدىن كەلدىم كۆرگىلى.
گۈل ئۈندۇرۇپ قوينۇڭغا ھەر خىل
سۈرۈش ئۈچۈن ياشلىق پەيزىنى.

### مەن كۆزەتتە تۇرسام چوققىدا

مەن كۆزەتتە تۇرسام چوققىدا،
يالغۇز ئىكەن دېمىگىن مېنى.
قار لەيلىسى مېنىڭ سىرداشىم،
ھەرگەن ماڭا سۆيگۈ-ئىشقىنى.

مەن كۆزەتتە تۇرسام چوققىدا،
مۆگدەپ قالار دېمىگىن مېنى.
ۋەتەن — ئەلنىڭ شادلىقى ئۈچۈن
تېگىشكەنمەن شېرىن ئۇيقۇنى.

مەن كۆزەتتە تۇرسام چوققىدا،
توڭلىغاندۇ دېمىگىن مېنى.
يۈرىكىمدە ئەلگە يەتكۈدەك
تۇرسا يېنىپ سۆيگۈ يالقۇنى.

مەن كۆزەتتە تۇرسام چوققىدا،
جاپا چەكتى دېمىگىن مېنى،
چۈنكى جاپا ئەگدۈرەلمەس باش،
جىسمى پولات قەيسەر جەڭچىنى.

### كۈلگىن، نىگارىم

كۈل نىگارىم، تۆكمە يېشىڭنى،
مېنى ناخشا بىلەن ئۇزاتقىن.
ئۇرۇن ئالسۇن ھاياجان — شادلىق،
چىن سۆيگۈڭگە سادىق يۈرەكتىن.

شادلىقىڭغا بەرمىسۇن ئازاب،
مارجان كەبى تۆككۈلگەن يېشىڭ.
مېنىڭ بىلەن كەتسۇن چېگرىغا،
تولۇن ئايدەك پارلىغان چېھرىڭ.

### ئاڭلىمىغىن ناخشامنى

ئاق كېچىدە تار كوچاڭنى ئارىلاپ،
ناخشا توۋلاپ مەجنۇنلاردەك يۈرىمەن.
دېرىزەڭنى قىيا ئېچىپ مارىلاپ،
چىرايلىق قىز نېمە ئۈچۈن كۈلىسەن؟

دېرىزەڭنى يېپىپ قويغىن، ئەي قىزچاق،
ئاڭلىمىغىن ناخشامنى، تىنچ ئۇخلاپ قال.
قاراپ تۇرساڭ خىجىل بولۇپ يېنىمغا
چىقمايدىكەن قوشناڭ قىزى ئايجامال.

**يالقۇنجان ئىسلام**

## شېئىرلار

### قەشقەر گۈزىلىگە

(ئا.ت.ئۆتكۈرنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

قاشلىرىڭ ئىسكەنجىسىدە تورۇۋالدىڭمۇ مېنى،
قاتمۇقات قورشاۋ ئىچىدە ئورنىۋالدىڭمۇ مېنى،

ئاي كەبى ھۆسنىڭگە مەپتۇن قىلۋالدىڭمۇ مېنى،
بىر قاراپ سېھرىڭ بىلەن سەن يۆمۋالدىڭمۇ مېنى،
ئۆرۈم-ئۆرۈم چاچلىرىڭغا ئۆرىۋالدىڭمۇ مېنى.

چىن مۇھەببەت كوچىسىغا جان تىكىپ كىرمەستە مەن،
ھەمدە ئارقاڭدا گادايدەك تەلمۈرۈپ يۈرمەستە مەن،
يارنېمە، سۆيگۈ نېمە، ھىجران نېمە؟ بىلمەستە مەن،
ھۆر ئىدىم چۆلدە كېيىكتەك، كۆزلىرىڭ كۆرمەستە مەن،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ سەن ئىلىۋالدىڭمۇ مېنى.

خۇددى پەرۋانە چىراغىنىڭ مەپتۇنى بولغان كەبى،
بۇلبۇلى گۈل ئىشقىدا شامۇ-سەھەر يانغان كەبى،
ئىختىيارىنى غېرىبىنىڭ شاھ سەنەم ئالغان كەبى،
ھېچ كېتەلمەيمەن قېشىڭدىن يۆگىلىپ قالغان كەبى،
پۇتلىرىمدىن يۆگىمەچتەك يۆگىۋالدىڭمۇ مېنى.

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى بولدى قەد-نىھالىم بەندۇ-بەند،
ئالدىدا جادۇ كۆزۈڭنىڭ ھەر ئامالىم بەندۇ-بەند،
چاچلىرىڭ بۇلۇتلىرىغا نۇر-جامالىم بەندۇ بەند،
با ۋۇجۇد بولدى ئەسىر، ئەقلى خىيالىم بەندۇ-بەند،
شۇ قارا خالىڭ ئىچىگە يۇغۇرىۋالدىڭمۇ مېنى.

نەۋ باھارنىڭ يامغۇرىدەك ئاقدۇ كۆزدىن يېشىم،
بولدى ئوغا، ئامرىقىم سەنسىز مېنىڭ ئىچكەن ئېشىم،
قالدى كۆلپەت تاغلىرىنىڭ ئاستىدا مىسكىن بېشىم،
مۇكچىيىپ قالدى بېلىم، پۇت-قوللىرىممۇ ئەۋرىشىم،
تالى مەجنۇندەك ئۆزۈڭگە ئېگىۋالدىڭمۇ مېنى.

قايسى كۈن كەزدۇق چىمەننى قول تۇتۇشۇپ-سۆيدىشىپ،
گۈل تۈۋى خىلۋەت ماكاندا قانغۇچە دىل مۇڭدىشىپ،
ئوينىشىپ گۈلشەن ئىچىدە ھۆر-پەرىدەك قوغلىشىپ،
كەچكى شەپەق كۆلگەن چېغى ناخشاڭ يىلەن بىللە قوشۇپ،
تارىلىرىڭ رىشتىسىگە ئىنگىرىۋالدىڭمۇ مېنى.

ھېچ چىمەنىڭ گۈلى سەندەك ئىختىيارىم ئالمىدى،
ھېچ نىگار سەندەك كۆڭۈلگە ئىشتىياق-ئوت سالمىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەلمۈرۈپ يولۇڭغا رەنا كۆزلىرىمۇ تالمىدى،
يا ھەرەم، يا ھۆرۈ-پەيكەردىن تامايىم قالمىدى،
تىل تۇمارىڭ قاتلىرىغا تۈگۈۋالدىڭمۇ مېنى.

مۇپتىلالىق بولدى نۇسرەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
مۇپتىلالىق بولدى مېھنەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
مۇپتىلالىق بولدى ھەسرەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
مۇپتىلالىق بولدى قىسمەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
ئەي نىگار، تەقدىر قازادىن سورىۋالدىڭمۇ مېنى.

## گۈزەل تۇمەن قىرغاقلىرى

گۈزەل تۇمەن قىرغاقلىرى ۋەتىنىمنىڭ،
خىسلەت بىلەن بىنا بولغان گۈل ۋادىسى،
جامالىڭدا جىلۋە قىلار ھەسەن—ھۈسەن،
نۇرۋادىسى، دۇر ۋادىسى، ھۆر ۋادىسى.
ئەقىل تاپقان كۈندىن بېرى ئىشقىڭنى مەن
ئىخلاس بىلەن يۈرىكىمگە تېگىپ كەلدىم.
بۇلاقلىرىڭ سۇلىرىدەك سەندىن چىقىپ،
تۇپرىقىڭغا يەنە سېنىڭ سىڭىپ كەلدىم.
نېمە ئانچە چىرايلىقسەن، ئىختىيارىم،
كېتەر قولدىن ھۆسنۈڭگە ھەر باققىنىمدا.
ئېرىپ كېتەر جىسمىم گويا سىماب بولۇپ،
ۋۇجۇدۇڭنى باغرىمغا چىڭ ياققىنىمدا.
يەرۇ زېمىن گۈلگە تولغان ماي كۈنلىرى
سەن ئاجايىپ بىر دىلرابا بوپ كېتىسەن.
چېھرىڭ ئارا جۇلالىنىپ شەپەق نۇرى،
ھەر قارىسام كۆزۈم يېغىن يەپ كېتىسەن.
بۇغدايزارلىق كەڭ دالىلار ئۇپۇق سۆيگەن،
زۇمرەت دېڭىز كەبى ھەيۋەت دولقۇنلىرى.
ئويغىتىدۇ تاڭنى شېرىن ئۇيقۇسىدىن
تورغايلارنىڭ ناخشا-ناۋا شاۋقۇنلىرى.

چىمەنزاردا ھەر غۇنچىگە ھەر بىر تاڭدا
بۇلبۇل بىردىن يېڭى قوشاق توقۇپ كېلەر.
قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىدە پۈتۈپ قويغان
پۈتمەس ئىشق ناخشىسىنى ئوقۇپ كېلەر.
شىلدىر ـ شىلدىر بۇلاق سۈيى ئاقار ئويناپ،
يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن سىزىپ چىققان.
ھەر بىر چەشمە مۈشكى ـ ئەنبەر تارتىمدۇ،
ھەر بىر جانغا بولۇپ شىپا، بېرىپ دەرمان.
خەلقىمىزنىڭ سىمۋولى ئەزىم دەريا،
ھاسىل بولغان سانسىزلىغان بۇلاقلاردىن.
كۆزلەپ بۈيۈك بىر پەللىنى ئېقىپ كەلگەن،
نەچچە مىڭ يىل، نەچچە مىڭ يول يىراقلاردىن.
ئاپئاق ئايدىڭ كېچىلەردە سەن ئاجايىپ،
بىر سەيلىگاھ مۈنبىرىگە ئايلىنىسەن.
دەۋرىمىزنىڭ يۈزلەپ تاھىر ـ زۆھرەلىرى
كۆلكىسىدىن زوق ئالىسەن، جانلىنىسەن.
يۆگىلىسەن باشتىن ـ ئاياغ زەرلىباسقا،
بۇغداي پىشقان مول ـ ھوسۇللۇق ياز ئايلىرى.
جانغا راھەت بېغىشلايدۇ يىراقلاردىن
كېلىۋاتقان ناخشا، خامان لاي ـ لايلىرى.
بوپ كېتىدۇ خۇددى جەننەت باغ ـ ۋارانلار
مەمۇرچىلىق كۆز مەۋسۇمى كىرگىنىدە.
ھەيران بولۇپ ياقا تۇتار ئىشەنمەستىن
ئۆز كۆزىگە ھەركىم سېنى كۆرگىنىدە.
بەختىلىكمەن بولغىنىمغا ئوغلۇڭ سېنىڭ،
تەگكۈزمەيمەن ئاشۇ نامغا داغ ئەبەدكە.
بېرەلەيمەن جاۋاب ۋىجدان، ۋاپا بىلەن
ئۆمۈر بويى ساڭا بولغان مۇھەببەتكە.
كۈللىتىمەن تۆكۈپ ساپ تەر ئېتىكىڭنى،
بەختىڭ ئۈچۈن ھاياتىمنى پىدا قىلىپ.
ئارمىنىم يوق قەبرە تۇتسام بويلىرىڭدىن،
تۇزۇڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى ئادا قىلىپ.

## ئەجەب تاتلىق بىر كۈلكە بار قىزلاردا

ئەجەب تاتلىق بىر كۈلكە بار قىزلاردا،
يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى ئويناتقان.
شۇنداق مەسۇم، شۇنداق ئوماق - يېقىملىق،
كۆڭۈللەردە شېرىن ھېسلار ئويغاتقان.
ئاشۇ كۈلكە، بىردەملىك بىر تەبەسسۇم،
ئۇچقۇن كەبى ئۇچقەن يېنىپ يەللىدە.
ئىزا تارتىش، ھەيران قېلىش، تارتىنىش،
بىلەن يۈزى قىزىرىپلا ۋىللىدە.
ئاشۇ كۈلكە شۇنداق تاتلىق،
ئالمىدەك
مەڭىزلەردە پەيدا قىلار زىناقلار.
پەقەت شۇنداق كۈلەلەيدۇ چۈشىدە
ئانىسىنى ئىمىۋاتقان بوۋاقلار.
بۇ كۈلكىلەر گۈزەللىكتە قىزلارنى
تۇرغان يەنە مىڭ ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىنى بەئەينى
يېشىل ياپراق ئالغىنىدەك يوشۇرۇپ.
بۇ كۈلكىلەر تاڭدا چىققان قۇياشنىڭ
شەپەق نۇرى ئوينىغان سۇ يۈزىدە.
ياكى سىرلىق خىياللىرى ئاھۇنىڭ
ئۆز ئەكسىنى كۆرگەن بۇلاق كۆزىدە.
ئەجەب تاتلىق بىر كۈلكە بار قىزلاردا،
يىگىتلەرگە چەكسىز ھۇزۇر - ئارام ئۇ.
نەكى ئارام، يىگىتلەرنىڭ ئارامى
ئۇيقۇسىنى قىلار تەرك - ھارام ئۇ.
كۈلەر قىزلار بۇ كۈلكىنى يېڭىدىن
گۈزەل ياشلىق كوچىسىغا كىرگەندە.
بىلىندۇرۇپ - بىلىندۇرمەي بىر يىگىت
ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ يۈرگەندە.
ئەجەب تاتلىق بىر كۈلكە بار قىزلاردا،
شۇ كۈلكىنى دېيسەن مەڭگۈ ئۆچمىسە.
كېتەرمىدى ئاھ! يۈرەكلەر يېرىلىپ،
شۇ كۈلكىلەر باتناشلارغا كۆچمىسە.

## ئىزگۇ تىلەكلەر

بولالمىسام كېرەك يوق ھەم شام،
بولالىسام چىراغقا پايە.
بەدەل بەرسەم نۇرغا ئۆمرۈمنى،
ۋىسال تاپار مەندىكى غايە.

بولالمىسام مەيلى ئىمدى گۈل،
بولالىسام يېشىل يوپۇرماق،
گۈزەل ھۆسن بېرىپ غۇنچىگە،
قالسام ئۆزۈم نەزەردىن يىراق.

ياشناپ ئۆتسەم بولۇپ مەڭگۈگە
خالى تاما، شۆھرەت كۆزىدىن.
ئايرىمىسا پىنھان خىسلەتلەر
تا ئەبەدكە مېنى ئۆزىدىن.

## دەپ

كىردىم كوچاڭغا، ئايدەك جامالىڭ
ئەيلەپ تاماشا، مەن بىر كۆرەي دەپ.
بولۇپ بىتاقەت، ۋەسلى - ۋىسالىڭ،
ئەي مېھرىبانىم، كۆزگە سۈرەي دەپ.

كۆرۈپ نىگارىم خۇمار كۆزۈڭنى،
كۈندەك نۇرانە تەلئەت - يۈزۈڭنى،
ئويناتقىنىڭدا قاشىڭنى قىيغاچ،
ھۆسنۈڭ بېغىدىن گۈللەر تېرەي دەپ.

ئەجەب كېلىشكەن قەددىڭ چىناردەك،
كۆكسۈڭنى خۇددى ئالما - ئاناردەك.
قىلىپ سەيلەر، ئەگىپ كېتەلمەي
جانان قېشىڭدا بىردەم يۈرەي دەپ.

سۇمبۇل چېچىڭنىڭ پۇراقلىرىدىن،
سېھىرلىك خالىڭ سوراقلىرىدىن،
مەستۇ غەرق بوپ، ھوشۇم يوقىتىپ،
بار ئىختىيارىم ساڭا بېرەي دەپ.

www.uyghurkitap.com

تاشلاپ نىگاھىڭ بىر ماڭا باقساڭ،
قاقشال تېنىمگە سەردىگە ياقساڭ،
تاشلاپ ئۆزۈمنى ئاياغلىرىڭغا،
ئالدىدىڭدا بىر يول جانىنى بېرەي دەپ،

غۇنچە لېۋىڭنى سۇخەنگە ئاچساڭ،
ئەقلىڭ كانىدىن دۇردانە چاچساڭ،
ھالىمنى سورىساڭ، خۇشاللىقىمدىن
بۇلبۇل كەبى شاد سايراپ كۈلەي دەپ،

ئەگەر مېنىڭدىن ئەيلەپ ھەزەر سەن،
كەتسەڭ ئۆتۈپ ھېچ سالماي نەزەرسەن،
چېچىپ بېشىمغا مەن خاكى — تۇپراق،
رەسۋايى ئالەم بولۇپ ئۆلەي دەپ.

ئاشىق دېمەكتۇر، دەردمەن دېمەكتۇر،
سۆيگۈ ئىشى غەم، ھەسرەت يېمەكتۇر،
شۇندىمۇ يەنە ساڭا ئۆمۈرلۈك
بەخت، سائادەت، نۇسرەت تىلەي دەپ.

**ھاجى ئەخمەت**

## رۇبائىيلار

* *

دوست بولايلى، كەل نىگار، دوستلۇقتا ئۆتسۇن ئۆمرىمىز،
ئىككىمىز بىر جان بولۇپ، قوشلۇقتا ئۆتسۇن ئۆمرىمىز.
بۇ جاھاننىڭ كارى رەنجىش - قايغۇرۇشقا ئەرزىمەس،
غەمنى ئۇنتۇپ، مەڭگۈگە خۇشلۇقتا ئۆتسۇن ئۆمرىمىز.

* *

ئەيىبىڭنى ئۆزگىگە ئاچماس ھەقىقىي دوست دېگەن،
باشقا كۈن چۈشكەندە ھەم قاچماس ھەقىقىي دوست دېگەن.
چىنىنى ساتقاي كېپەككە ھىممىتى دوستلۇق ئۈچۈن،
ئەمما زەرگە دوستىنى ساتماس ھەقىقىي دوست دېگەن.

* *

بىر يوچۇق ئىزدەپ نادان ساق تېنىدىن تۆگلۈك ئاچار،
ئاقىۋەتنى ئويلىماي، جان مۈلكىنى سۇرۇپ چاچار.
قىلمىشى بىرلە ئازابلار ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى،
بىر پالاكەت يەتمىسە دەپ مۇردىمۇ ئۇندىن قاچار.

* *

بىر كىچىك ئاجىز چۈمۈلە دانىنى يەر تالقان ياساپ،
تامنى باغلار چىڭگىلىك ئۆز غولىدىن ئارقان ياساپ.
چاغلىما ئاجىز رەقىبىڭنى ئۆزۈڭدىن، ئى نادان،
جانىنى ئالغاي زەھىرىدىن ئوق، ھىيلىدىن قالقان ياساپ.

* *

بىۋاپا دىلدارىلار دىلداش بولالمايدۇ ساڭا،
ئۆلپىتىڭ بولسا نادان، سىرداش بولالمايدۇ ساڭا.
ئاختۇرۇپ ئۆز تەڭدىشىڭنى تاپمىساڭ، ئى جان، ئەگەر
يولدا كۆرگەن ھەر كىشى يولداش بولالمايدۇ ساڭا.

* *

مەنزىلى قىسقا ئۆمۈرنىڭ، دەم غەنىمەت، ئەي ئەقىل،
تەقدىرىڭنى بەلگىلەر بەزەن دەقىق پەيت، ئەي ئەقىل.
كەتسە قولدىن قەدرى ئالتۇن ياخشى پۇرسەت، ئەي ئەقىل،
مەڭگۈلۈك قىينار سېنى پۇشمان بىلەن دەرد، ئەي ئەقىل.

* *

تەۋرىتەرسەن تاغنىمۇ تاپساڭ تۈگۈننى، ئەي ئەقىل،
توختىتارسەن چارە قىلساڭ كۆكتە كۈننى، ئەي ئەقىل.
ئۇچلا مەھكەم بارچە ئىشنىڭ چارىسى، تەدبىرىنى،
ھۇل سالارسەن ئەتىگە تۇتساڭ بۈگۈننى، ئەي ئەقىل.

* *

ھەقنى ھەقداسىغا يەتكۈز، ئى قەلەم،
خەستە دىلدىن غەمىنى كەتكۈز، ئى قەلەم.
تەندىكى ئاغرىق يامان ئىللەت دېگەن،
ئاغرىغان جايىغا تەگكۈز، ئى قەلەم!

* *

مېھنىتىمنى قىلمىغىن پەس، ئى پەلەك،
قىممىتىمنى قىلمىغىن پەس، ئى پەلەك.
ھىممىتىم جەۋھەر ئىرۇر جان مۈلكىدە،
ھىممىتىمنى قىلمىغىن پەس، ئى پەلەك!

* *

سىرۇ پىنھان تەختىدىن ئۇچتى ھۇما،
باشلىدى پەرۋاز بىلەن سەيرى ساما.
تەگلىسە ئۇ سۆيگۈنىڭ زەر تاجىنى،
قونسا دەپ باشىمغا كىم قىلماس تاما؟!

* *

جاننى سات، ئەركىڭنى ساتما، ئى كۆڭۈل،
ئېتىقاد — زەر، مىسنى قاتما ئى كۆڭۈل؛
پادىشاھلىق — ئەرك، ئۇنىڭ تاجى غۇرۇر،
ئۆز غۇرۇرىڭنى يوقاتما، ئى كۆڭۈل؛

* *

سەدىقەڭگە زەر ئەمەس، جاننى تۇتاي،
ئىشقىۋاز بۇلبۇل بولۇپ كۆڭلۈڭ ئۇتاي.
مەي خۇمارىم تۇتتى چاڭقاپ، ئەي پەرى،
گۈلسۈرۈخ لەب جامىدىن قەترە يۇتاي.

* *

بىر پەرىنىڭ ئىشقىغا مايىل بولۇپ،
تىلىسەم ئىنسابىمنى ساھىل بولۇپ.
سەدىقىسىنىڭ بەدىلىگە خۇنخۇمار
جان تىلەيدۇ خۇددى ئەزرائىل بولۇپ.

* *

باغرى قان بۇلبۇل كەبى ئەيلەپ ناۋا،
ئاھ! دېسەم ئۆرلەر پەلەككە ئوت-لاۋا.
يوق دېدى لوقمان شىپا ئىشق دەردىگە،
ئەي پەرى، رەنجىمگە سەن قىلغىن داۋا.

* *

دىلرابا، كەلگىن يېنىمغا بۇ كېچە،
بەر شىپا خەستە دىلىمغا بۇ كېچە.
بىر ئۇيۇنچۇق جان دېگەن ئاشىق ئۈچۈن،
يەتمىسۇن زەخمەت جېنىمغا بۇ كېچە.

* *

تۆكتى بۇلبۇل زارىنى گۈلگە قاراپ،
كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس، ئاقتى خۇناب.
بىر قىزىللىق تارقىدى گۈل ھۆسنىگە،
ئىچكىنىمدە قاننى ئەيلەپ مەي - شاراب.

* *

ئوتقا سالدىڭ قاش قېقىپ پەرمان بىلەن،
ئۆتتى ئۆمرۈم قان يۇتۇپ ئارمان بىلەن.
بىلمىدىم ھېچ، ئۆزگە بىر جاللات يەنە،
ساڭا ئوخشاش ئوينىشامدۇ جان بىلەن؟!

«ۋاي!» دېمەستىم يارنى دەپ كەتسە بېشىم،
رازىدىم ئوغا — زەھەر بولسا ئېشىم.
ھەسرىتا! ئىشقىدا قان يۇتسام ئۈنىڭ،
كۆلكىسىگە بوپتۇ ئەمەك كۆز يېشىم!

* *

نېمە ۋۇجىدىن، ئېيت، بۇرۇن سۆيدۈرمىكىڭ،
ئارقىدىن ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرمىكىڭ؟
ئەرمىكىڭ — ئاشىققا قىلماقلىق ئوۋال،
ئادىتىڭمۇ بىگۇناھ ئۆلتۈرمىكىڭ؟!

* *

مەن فارابى قامۇسىنى ئاختۇرۇپ،
ئوقۇدۇم بىر بابىنى بەك ياقتۇرۇپ.
ياڭقۇنى دەپتۇ يۈرەكنىڭ كۆي - ناۋا،
بىناۋا ئۆتسەم بولامدۇ ساق تۇرۇپ؟!

* *

نەۋقىران قۇشنى سىنار پەرۋازىدىن،
ئۆزگە خاس سايرىشى — ئاۋازىدىن.
قىممىتى بولماس نەزەردە قۇشچىلىك،
ئۆزمىسە شاگىرت ئەگەر ئۇستازىدىن.

* *

ئوتقا سالغاي قىسمىتى پەرۋانىنى،
جان بېرىپ قۇچقاي ۋىسال ئارمانىنى.
ئەھلى مەردلەر سۆيگۈدىن نۇرلاندۇرۇپ
ئۆتكۈزەر قىسقا ئۆمۈر دەۋرانىنى.

* *

مەرد يېڭىلسە قالغۇسى مەيدان ئارا،
جان بېرەر شەنىگە يۇقتۇرماي قارا.
قىلدۇرار مەردلىكنى روھى تەنتەنە،
زىننىتى — چىسمىغا تىغ سالغان يارا.

* *

بىر ئەزىم دەريا ئىمرۇر ئەل ھىممىتى،
زەپ ئۇلۇغ ھىممەتكى ئۇ، يوق مىننىتى.
ئەل دۇئاسى خاسىيەتلىك تىلتۇمار،
ئۇنتۇما جان، «ئەل بىلەن ئەر قىممىتى.»

* *

ئى كۆڭۈل، قىلما يامانلىق مەيلىنى،
دورىما ھەرگىز چايانىڭ پەيلىنى.
ياخشىلىق بىرلە جاھان ئاۋات ئىمرۇر،
ئۈلگە قىلغىن فەزلى ھىممەت ئەھلىنى.

* *

ئاي مەسىللىك سەرۋىنازىم، قايدىسەن؟
ئەندەلىپتەك خۇش ئاۋازىم، قايدىسەن؟
بىر نەزەر ئەتسەڭ تەبەسسۇم ئىلكىدە،
كەلتۈرەي خۇلقىڭغا تەزىم، قايدىسەن؟

* *

ۋادەرىغا، نە قىلايمەن يارسىز؟
كۈن ئۆتەر قانداق نىگار دىدارسىز.
ئاينى كۆكتىن ئۆزگىنى قۇربىم يېتەر،
ۋە لېكىن قالدىم پىراقتا چارسىز.

* *

باغدا رەزگى بىر قىياق قولنى كېسەر،
تاغدا يامغۇر تامچىسى تاشنى تېشەر.
قۇدرىتىڭدىن بولما غاپىل، ئى ئەقىل،
قىلچە غەپلەتتىن يېتەر جانغا خەتەر.

* *

ئىش دېگەننى بوي ئەمەس، قولدىن سورا،
مەنزىلگىنى ئۆي ئەمەس، يولدىن سورا.

ھېكمەتنىڭ سۆيگۈنىڭ گۈلدىن ئەمەس،
ئىشقى ئاتەش كۆيچى بۇلبۇلدىن سورا.

* *

خۇددى بىر نۇرلۇق چىراغدۇر ياخشىلىق،
مىكرى، مىننەتتىن يىراقتۇر ياخشىلىق.
ياخشىلىقنى بەرمە قولدىن، ئى ئەقىل،
ئەر - يىگىتكە بىر سىناقتۇر، ياخشىلىق.

* *

خەستە كۆڭلۈمنىڭ شىپاسى كۆزلىرىڭ،
سۆزلىرىڭنىڭ ئىپتىداسى كۆزلىرىڭ.
ھەممە پىنھان سىرلىرىڭنى پاش ئېتەر،
ماڭا سادىق، ساڭا ئاسىي كۆزلىرىڭ.

قۇربان ئەمەت

# ئۈزۈلگەن تار كۈيلىرى

## مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار

— ئابدۇللا ئارىپوۋغا نەزىرە —

سەن تەلمۈرۈپ كۈتكەن شۇ باغلار،
چۈشلىرىمدە بولدۇ ئايان.
بىدارلىقتا ئۆتەر كۆپ چاغلار،
بولۇپ دىلدا ۋەسلىڭ نامايان.
سىرلىرىمنى ئەيلىسەم بايان،
مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار.

باھارىڭغا بولدۇم ئىنتىزار،
بالدۇر تېخى قېقىشقا قانات.
ئۆزگىگە سىر ئەيلىمەي ئىزھار،
ئۇ مەن ئۈچۈن ئېغىر ھەم ئۇيات.
قەلبىم سېنى ئېتەر ھامان ياد،
مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار.

كۆك زېمىنگە سالغاندەك گىرە،
خىيالىمدا ئاچىسەن قۇچاق.
بىراق ھۆسنۈڭ كۆرۈنمەس بىرە،
كۆكسۈم يالقۇن قاينىغان ئوچاق.
ئۈمىد ئۈزمە، ماڭا سال قۇلاق،
مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار.

بارلىقىم جۇدۇندا يوقلاپ،
باھارىڭغا چىللاپسەن بۈگۈن.
كىرپىكلەرنى ياش بىلەن ئوقلاپ،
بىدارلىقتا ئۆزاپ كەتتى تۈن.
يەشسەم ئەگەر شۇنداقتۇر تۈگۈن،
مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار.

قاناتلىرىم رۇسلاندى مانا،
قىرقىلغىنى كۆكلىدى يېڭى.
يول بەرمەكچى تەبىئەت ئانا،
ئاتسا بۇ رەت ۋىسالىڭنىڭ تېڭى.
كۈتۈپ ئالاي ئۇنى سەمىمىي،
مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار.

سولاشمىغاي قولۇڭدىكى گۈل،
كۈتۈۋېرىپ بولما پەرىشان.
چاپار سايەم ھەتتا مەن تۇگۇل،
ئەگىشەتتى ئىلگىرى ئاران.
كۈتكىن مېنى دىلدىن، قەدىردان،
مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار.

كۆرەي تاڭدا نۇرانە قۇياش،
جۈپ بەرگلەر چىرماشسۇن قېنىپ.

ئاسمان تۆكسۇن شادلىقدىن ياش،
ئۇچۇپ باراي يالقۇندەك يېنىپ.
باراي مەغرۇر مۈشكۈلنى يېڭىپ،
مەن باھارنى سېغىندىم، دىلدار.

### ئۈزۈلگەن تار كۆيلىرى

تار ئۈزۈلدى كۆي ئەۋجىدە نىھايەت،
سىڭدى كۆككە ئۇنىڭ ياڭراق ساداسى.
تۇرار كۆيچى كۆل بويىدا سالامەت،
(ساقلىغانمۇ ئۇنى شەپقەت خۇداسى؟)

ئەكس سادا بەردى ساما پىغانلىق،
ۋە چايقالدى كۆل باغرىدا تىنىق سۇ.
يېشىل كۆكتە بولدى غالىب ئامانلىق،
قاياقىدۇ يوشۇرۇندى ئېزىتقۇ.

### چولپان يۇلتۇز توۋلايدۇ ناخشا

دەريا بويى سۈرلۈك، خىيابان،
كىرپىكىدە نۇر چاقنار تال - تال.
دولقۇنلارنى ئىزدەر ھاياجان،
نۇر كۆرسىتەر گىرۋەكلەر غىل - پال.

ئويغىنىدۇ ناخشىدىن شاۋقۇن،
مەجنۇن سايە ئويناپدۇ ئۇسسۇل.
تېنەپ يۈرەر سامادا ئۇچقۇن
قامچا ئۇرۇپ كەلگەنگە ئۇدۇل.

ئاي مۆكمەيدۇ نېمىشقا؟ ھەيھات،
يۇلتۇزلارمۇ تىڭشايدۇ ناخشا.
يېشىل قىرغاق جىم بولۇپ پات - پات،
چايقىلىدۇ يېنىك ۋە ئاستا.

يېشىل قىرغاق يوقاتقان ئۇچقۇن
تىنەپ يۈرەر نېمىنى كۆزلەپ؟
ئۈرلىتىدۇ شوخ ئېقىن ئۇپقۇن،
تۈن چۈشىگە ھېكايە سۆزلەپ.

چولپان يۇلتۇز توۋلايدۇ ناخشا،
شاۋقۇنلارنى ئويغىتار كۆيى.
قارشى قىرغاق نۇرلىنار ئاستا،
ئەللەيلىنەر دەريانىڭ سۈيى.

### تەبىر

ۋاقىت—بىلەي، پۇرسەت تىغى يالتىرار،
بوغۇزلىنىش گىردابىدا ياش تىلەك.
ۋاقىت—ئەجەل، ئۆتكەن قىسمەت قانسىرار،
ئايلىنىشتا توختىماستىن كاج پەلەك.
ۋاقىت — ۋىسال، بەخت تېڭى نۇرلىنار،
ھايات ئۆتەر، ئىشلار تۇرار ئۆزگىرىپ.
ۋاقىت — ئۈمىد، كۆكتە قۇياش پارقىرار،
ئۈمىد بىلەن سوقار يۈرەك جۇش ئۇرۇپ.

### تەنھالىقتىكى خىياللار

تۈن ھەسسىدىن ئاشقاندۇر بۇ دەم،
سەن ئۇيقۇمنى ئۇخلايسەن قوشۇپ.
كۆيلىرىمنى چۈشەيسەن سەنەم،
تۈن سەلكىنى ئېپ بارسا توشۇپ،
سەن ئۇيقۇمنى ئۇخلايسەن قوشۇپ.

ئۇيقۇ يىراق، ئويچاندۇر كۆزۈم،
تۈن خورىكى — سەرساندۇر شامال.
قەلبىم چېقىن ئالمى، ئۆزۈم
خوجايىنى مۆڭلارنىڭ بۇ ھال،
تۈن خورىكى — سەرساندۇر شامال.

چۈشلىرىڭدە تەكرارمۇ كۆيۈم،
كۆز يېشىمدىن ئەندىكمىدىڭمۇ؟
بۇ دەم تىنچ، يوپيورۇق ئۆيۈم،
سەنمۇ ياكى ئويغاق ئىدىڭمۇ،
كۆز يېشىمىدىن ئەندىكمىدىڭمۇ؟

ئاھ، نەلەرنى كېزىدۇ ئويۇم،
سەن دۇلدۇلۇم ئۈستىدە مېھمان.
خىيالىمدا شادىمان تويۇم،
يولىمىزغا يېقىلغان گۈلخان؛
سەن دۇلدۇلۇم ئۈستىدە مېھمان.

www.uyghurkitap.com

## ئاداققى سۈرەت

پۇلاڭلايدۇ تىنجىماستىن نازاكەتلىك قول،
مېنى يىراق تاشلىغاندا كۆزۈڭ ئۆپۈقى.
يۈرىكىمنىڭ قاتلىمىنى كېسىپ چىققان يول،
كېتەر يىراق، قالار بىراق توزانلار يۇقى؛
قارىچۇقۇمدا قالغان بىسات ئادەمسىز بېكەت،
شۇ بېكەتتە تۇرار ئەنە ئاداققى سۈرەت.

كۆيەر قۇياش باش ئۈستۈمدىن ئۆرلىتىپ يالقۇن،
ۋىسال ئىزدەپ كۆزۈم مۇڭدىن ئۇچارغاندا قۇش.
يۈرىكىم سۇ، ئۆرلىتىدۇ قېيىمقىنىڭ بۇژغۇن،
يېتەلمەيسەن قىرغا، كۆڭلۈم دېڭىزغا ئوخشاش.
نە دېڭىزكى، دېڭىزلاردا بولىدۇ قىرغاق،
ئەجەبلەنمە، دىل دېڭىزىم قىرغاقسىز بىراق.

پۇلاڭلايدۇ تىنجىماستىن نازاكەتلىك قول،
مەن تۇرىمەن قىمىرلىماي، ئايلىنار پەلەك.
كۆڭلۈم ساڭا چاپتى بولۇپ مىسالى دۇلدۇل،
كۆز يېشىمغا تىزگىن تارتىپ بولىمەن ھەلەك.
قارىچۇقۇمدا قالغىنى شۇ ئادەمسىز بېكەت،
كۆزۈمدە ياش، كۆزۈمدىكى ئاداققى سۈرەت.

## تەكرار - تەكرار ئالدىنار باھار

چىلىلىۋالدى ياپراقنى تۇپراق،
پىچىرلاشتى يېقىپ ھەم قۇلاق.
دەسلىپىدە كۆكىرىپ، كېيىن
ئاستا - ئاستا تاتاردى ياپراق.

ئېلىپ كەتتى ئۇنى شۇم شامال،
ئۆكۈنۈشنى ئارقىغا قويۇپ،
كېيىن يەنە تىرىلگەن باھار،
كەلدى يېشىل شەربەتكە تويۇپ.

سانسىز ياپراق ئاچقاندا جامال،
دەرگاھىغا چىلىلدى تۇپراق.
چىلىلاپ بۇ رەت تۇپراقنى ئۇلار،
ياپراقلاردىن تاشلىدى باغاق.

باغاقلاردىن زەنجىرلەر توقۇپ،
سۆرەپ يۈرەر خىياللار ھەريان.
تەكرار - تەكرار ئالدانغان باھار
ئۇيغا پاتار سۈرمەستىن زۇۋان.

## خىلۋەت باغدا

شامال چايناپ كومىك بولغان تام،
مۆكتۈرىدۇ شەپەقنى غىل - پال.
يېتىم سۆڭگۈچ ئاققۇزسا تارام،
چۈشۈپ قالار ئاي نۇرى تال - تال.

قاشالارغا ئارتىلسا گۈكۈم،
ئىت قاۋايدۇ پەسىيىپ، كۆچەپ.
خىلۋەت باغدىن يوقالغان ئۈزۈم،
چىغىريولغا چېچىلغان (ئەجەب).

ئىزنى بويلاپ كېتىدۇ بوۋاي،
ئۈزۈملەرنى تېرىپ ئاۋايلاپ.
ئارقىسىدا قالار خىلۋەت باغ،
سەگەك ئىتتى كۆچەيدۇ قاۋاپ.

مۇتەللا قىرانى

# ئۈنسىز ناخشا ئېيتىدۇ يۈرەك

## تەلۋە سۆيگۈ يىغلايدۇ ئۆكسۈپ

قەبرە كولاپ غېرىب ساھىلغا،
كېپەنلىدىڭ سۆيگۈنى تۈگەل.
قەبرە تاشقۇ قاتۇرما، مەيلى،
تالمۇ سانجىپ قويمىدىڭ گۈزەل.

تەبەسسۇمدا باققان سۆيگۈنى
ئۇزاتمايسەن نېچۈن ياش تۆكۈپ.
ئۈنسىز كەتتىڭ، بىراق قەبرىدە
تەلۋە سۆيگۈ يىغلايدۇ ئۆكسۈپ.

## كۆزەتچىمۇ دەريا زېمىنغا

زەڭگەر قىشلاق ئۇيقۇغا ئەسىر،
چۈش ئىچىگە شۇڭغۇغان خىيال.
بۆشۈكىدە ئۇخلايدۇ زېمىن،
پەقەت تىنماي پۇشقىرار شامال.

ئاي شولىسى دەريا يۈزىدە،
كۈمۈش ھالقا ياساپ ئوينايدۇ.
تۈن قوينىدا دەريا تىنىمسىز
بىر ئاھاڭدا ناخشا توۋلايدۇ.

مەست زېمىننىڭ قىزاردى كۆزى،
قان تامچىغان قەدەھتەك گويا،
ناخشا ئېيتار كېچە-كۈندۈز،
كۆزەتچىمۇ زېمىنغا دەريا.

## مىسكىن قەلب تۆكەر شۇنداق كۈي

شۇ بۇلاق، مەجنۇنتال، تونۇش چىغىريول،
كۈمۈش رەڭ دۇنيا ئۇ، ياق-ياق سېرىدىق رەڭ.
شۇ ناخشا، شۇ تونۇش يېقىملىق چىراي،
ھىجراننىڭ ئەلچىسى قۇچاق ئاچار كەڭ.

قەلبىمدىن ئۇرغۇغان شۇ ناخشام مېنىڭ
بۇلاقنىڭ كۈيىگە تەڭكەشتۇر بۇ ئان.
ئۇ بەخت قوينىدا ۋە لېكىن مېنىڭ
كۆڭلۈمگە ھۆكۈمران ئازاب ۋە ھىجران.

شۇ بۇلاق، مەجنۇنتال گۇۋاھ سۆيگۈمگە،
بىز تۇنجى ئۇچراشقان يەرمۇ مۇشۇ جاي.
قانچە رەت شۇ تەقلىد ناخشا ئېيتىشتۇق
بۇلاقتا چايقالغان چاغدا تولۇن ئاي.

شادلىقتا بۇلاقتىن سۇمۇ ئىچىشتۇق،
بەزىدە ئوينىشىپ چالما ئېتىشتۇق.
ئاھ، سۆيگۈ سېھرىگە بېرىپ ئاخىر تەن،
شۇ بۇلاق يېنىدا يەنە تېپىشتۇق.

ئۇ چاغلار بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك شېرىن،
ئۇ چاغلار بەك قىسقا بوپ قالدى بىراق.
ھىجراننىڭ شامىلى سوقۇپ گۈلۈمنى،
ۋاقىتسىز سارغايتىپ تۆكتى ئاھ، ياپراق.

شۇبۇلاق،مەجنۇن تال، تونۇش چىغىر-يول،
ئاۋۋالقى پېتىچە تۇرۇپتۇ ئەنە.
ۋە لېكىن شادلىقنىڭ يوقتۇر سادىسى؛
بۇلاقتا چايقىلىپ ئوينار ئاي يەنە.

بۇلاقتا قارايمەن ئۈنسىز ۋە تەنھا،
لېكىن سەن بەختىڭنىڭ قوينىدا خۇشال.
ئاھ! سۆيگۈ قىسمىتى تاشلىدى دەردكە،
ياش تۆكۈپ ماڭىلا ھەمراھ مەجنۇنتال.

* *

شۇ بۇلاق،مەجنۇنتال،تونۇش چىغىريول،
كۈمۈش رەڭدۇنيا ئۇ،ياق - ياق،سېرىدىق رەڭ.
شۇ ناخشا، يەنە شۇ يېقىملىق چىراي،
ھىجراننىڭ ئەلچىسى قۇچاق ئاچار كەڭ.

www.uyghurkitap.com

پەرھات مۇھەممەت

# سۈبھى بىلەن ئويغانغان بۈگۈن

## بۈگۈن

خوراز چىللاپ يورۇدى سۈبھى،
يەرتتى تۈننىڭ لىباسىنى كۈن.
ئىتلار قاۋاپ، غىچىرلاپ ئىشىك
كەتتى شۇنداق باشلىنىپ «بۈگۈن».

قىز - يىگىتلەر ماڭار ئېتىزغا
دولىتىغا كەتمەننى سېلىپ.
قوشچى يىگىت توۋلايدۇ ناخشا
ئانا يەرنىڭ باغرىنى تىلىپ.

بوخچىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە
ماڭسا خۇشال ئوماق باللار،
قاراپ قالار ئارقىدىن شۇ تاپ
مېھرى ئىللىق خۇشخۇي ئانىلار.

ھايات قايناق بىزنىڭ يېزىمىز
ئەمگەك بىلەن ياشنىغان گۈلگۈن.
يۈرىكىمنى قىلدىغۇ شەيدا
سۈبھى بىلەن ئويغانغان «بۈگۈن».

## ئايدىڭ كېچە بىر قىز، بىر يىگىت

ئايدىڭ كېچە بىر قىز، بىر يىگىت
كېلەر ئاستا قەدەم ئېلىشىپ.
يول بويىدا تەنھا مومايىنى
كۆرمەي ئۇلار كەتتى كۈلۈشۈپ.

ئايدىڭ كېچە بىر قىز، بىر يىگىت
كەتكەن ياققا باقار ئۇ موماي.
ئەسكە ئېلىپ ئۆتكەن ياشلىقنى،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ئاھ ئۇرار تىنىماي.

سەيلى قىلىپ يۈرگەن قىز، يىگىت
كەلسە ئىدى موماي ئالدىغا.
باسار ئىدى قىزنى شۇ موماي
ئوغلى بىلەن قوشۇپ باغرىغا.

ئايدىڭ كېچە بىر قىز، بىر يىگىت
كۆرۈنمەيدۇ ئەمدى قارىسى.
ئەيدىشىگە سېلىپ مومايىنى
يۈتتى نەگە يۈرەك پارىسى.

## دېرىزەمدە بىرتۈپ ئانارگۈل

دېرىزەمدە بىر تۈپ ئانار گۈل
غۇنچىلاپتۇ، ئېچىلار تېخى.
تۇپراق يېرىپ چىقىپتۇ ئۆسۈپ
يىلتىزىدىن بىر يۈمران بىخى.

ھەر سەھەردە ھەۋەستە ئاڭا
زوقلىنىمەن، تويماي قارايمەن.
كېلەچىكىن سۆزلەپ مەن ئۇنىڭ
يۈرىكىمنى كۆيگە ئورايمەن.

سۆيدى ئۇنىڭ بەرگىنى شەبنەم
سۆيگىنىمدەك يىگىت يارىنى.
ئەسكە سالدى شېرىن دەملەرنى،
چېكىپ نازۇك دىلىمنىڭ تارىنى.

## ئايدىڭ كېچە ئۇزاقتىن - ئۇزاق

كۆچەيگەندە سۆيگۈ ئىشتىياق،
سەن دومسىيىپ، تۇرۇپ مەن قاپاق.
جىمجىت، يولغا باسىمىز ئاياق،
ئايدىڭ كېچە ئۇزاقتىن، - ئۇزاق.

مەن يۇلتۇزغا باقىمەن بىراق،
سەن ھەمىيەرگە باقىسەن ئوماق.
لەۋگە لەۋلەر بولسىمۇ چاڭقاق،
ئايدىڭ كېچە ئۇزاقتىن — ئۇزاق.

سورالمىدى ياكى بىر سوراق،
يېپىلغاندەك ئېغىزغا توۋاق.
لېكىن دىلدا ناخشىمىز ياڭراق،
ئايدىڭ كېچە ئۇزاقتىن- ئۇزاق.

يېقىلغاندا دىلغا نۇر چىراق،
تەگمىشىمىز بولغاچقا ئامراق.
قەلبىمىزدە سۆيگۈمىز قايناق.
ئايدىڭ كېچە ئۇزاقتىن، ئۇزاق.



ئالىمجان ئىسمايىل

# كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى

(ھېكايە)

يولۇچىلارنىڭ ئۈمىدى بىكار بولدى، ئاپتوبۇس تاشيولدىن قايرىلىپ، ئۇزۇنىسىغا بىر قاتار كونا ئۆيلەر بار قاقاس بىر قوروغا كىرىپ توختىدى. ئاپتوبۇستىكى ھەممەيلەن رولدا ئولتۇرغان شوپۇرغا قاراشتۇق، يۈزىنى قويۇق ساقال باسقان، مۇز چىراي شوپۇر كابىنكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكنى ئېچىپ، خىرىلدىغان ھالدا:

— ئەتە ئەتىگەن سائەت بەشتە ماڭىمىز، — دېدى قاپىقىنى تۈرگەن پېتى، ئاندىن كابىنكىدىن ئالدىرىماي چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ چاقلىرىغا قاراشقا باشلىدى.

شۇئان ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىنى تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن نارازىلىق، تىل-ھاقارەت بىر ئالدى.

— كۈن تېخى بالدۇر تۇرسا، بۇ چۆلدە چۇسا باقامدۇق؟

— ئىلگىرىكىن تازا بىر نەس شوپۇرغا ئۇچراپتۇق-تە...

— خوتۇنى قوغلاپ چىقارغانىمىتىكىن بۇ قاسماقنى، توختىغان يېرىنى كۆرمەمدىغان بۇ بېشىگىنى يەيدىغان ئەبگانىڭ...

— شوپۇرغا دەپ باقمايلىمۇ، جىمىغا بېرىپ ياتايلى.

— خۇدايا توۋا دەگىلا، بۇلار كېلىشىۋالغان گەپ، ھازىر شوپۇرلارمۇ قوشۇمچە كەسىپ قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، بىزنى مۇشۇ چۆسىخانىدا ياتقۇزغانلىقى ئۈچۈن شوپۇرغا بىرمۇنچە ھەق بېرىدىكەن.

— ئەنە قاراڭلار، ئۆتەڭنىڭ خوجايىنى بولسا كېرەك، شوپۇر بىلەن بىر نېمە دېيىشىۋاتىدۇ...

ھەممەيلەن ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن قورۇغا قاراشتۇق. ئېگىز بويلۇق، سەل دوكراق كەلگەن بىرەيلەن شوپۇر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى-دە، ئۇنى ئاشخانا بولسا كېرەك، ئىسلىشىپ كەتكەن ئۆيگە باشلاپ ماڭدى.

— زوۋانىسىزنىڭ كىچىك تىللىرى چىقىپ كەتتى شۇ تاپتا، — دېدى ئارقا تەرەپتىكى بىر ئايال، — ۋاي پۇل، ۋاي پۇل...

— يۇرۇڭلار ئاغىنىلەر، — دېدى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر يىگىت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، — ئېغىل بولسىمۇ ئەمدى مۇشۇ يەردە ياتماي ئامال يوق، ھېلى تېخى بۇ ياتاقلارمۇ تەگمەي قالمىسۇن...

شۇ گەپ بىلەن يولۇچىلار ئالدىراش نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشۇپ سىرتقا يۈگۈرۈشتى. مەن ھەممىنىڭ كەينىدىن چىقىپ ياتاق بېلىتى ئالدىم، مېنىڭ ياتىقىم كۆتچىقىش تەرەپتىكى چەتتىكى ئۆي ئىكەن، ياشانغان كۈتكۈچى ئايال ماڭا تاختايلىرى ئاجراپ شالاقشىپ قالغان ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

مەن ئىشىكتە بىر پەس تۇرۇپ ئىچكىرىگە زەڭ سالدىم، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى، ئۇنىڭدىن زەي، ئورا تېگىدەك ئاچچىق بىر پۇراق گۇپپىدە بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى، ئۆيدە ئىككىلا كارىۋات بار ئىدى. ئۆينىڭ يېرىمىغا بولسا كونا مەش-كاناي، پىلتىنىڭ ئاغزى، گۇرجەك، سۈپۈرگىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى، قارىغاندا ئەسلى بۇ ئامبار بولسا كېرەك، ئادەم كۆپرەك كەلسە ياتاق بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدىكەن. مانا پۇل تېپىش دېگەن. ئامبارمۇ بىر كېچىسى تۆت سوم پۇل كىرىدىم قىلسا ئۆتەڭدىكىلەر شوپۇرغا قانچىلىك «ئادەمگەرچىلىك» قىلسا ئەرزىيدۇ-دە...

ياتاققا قاراپ تېنىم شۈركەندى. ئورۇن-كۆرپىسى بولسا تېخىمۇ بەتبەشىرە ئىدى. تۈزۈكمۇ يىغىلماي پومىلاقلاپلا قويۇلغان چىت يوتقان بىلەن چاقماق كىرلىك كىرنىڭ دەستىدىن رەڭگىنى يوقاتقانىدى، ياستۇق ئورنىدىكى سامان قاچىلانغان خالتا يەردە توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئىككى كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارغىنا بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر تەرەپكە قىيسىيىپ تۇرغان ئاغزى يوق چايدان بىلەن ئىچىدىكىنى قاپقارا قاسماق بېسىپ كەتكەن بىر كورۇشكىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى.

ياتاققا قاراپ كۆڭلۈم ئاختۇرۇلدى، مۇشۇ يەردە يالغۇز بىر كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ بېشىم قاتتى. بۇ ئۆيدىن تالا تۈزۈكرەكقۇ، ئەڭ بولمىغاندا

ساپ هاۋادىن نەپەس ئالسەن، مەن ئىچىمدە شوپۇرنى مىڭنى تىللاپ هويلىغا چىقاي دەپ تۇراتتىم، ياتاقتا مەن بىلەن بىر ئاپتوبۇستا مېنىڭ ئالدىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كەلگەن يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن چىققاندىن بۇيان يول بويى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپلا خىيال قىلىپ ئولتۇردۇ، هېچكىم بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭمۇ قىلىشمايدۇ. پەقەت هەدەپ تاماكىلا چېكىدۇ. مەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ، سودىسى ئاقمىغان ئوقەتچى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنىڭ ئۆزىنى تاماكىغا زورلىغىنىغا قارىغاندا خېلى زىيان تارتقان بولسا كېرەك. ئەمدى ئۆيگە بېرىپ ئاتا-ئانىسىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق قىلىشنى ئويلاپ غەمگە پاتقان بولسا كېرەك، ئېھتىمال ئىلگىرى ئۇ زىيان تارتىپ كۆرمىگەن ئوخشايدۇ، بۇنداقلار ئۆزىنى بەكلا يوقىتىپ قويىدۇ. پۇل دېگەن قالتىس نېمىدە، ئادەمنى هەر كويغا سالىدۇ. شۇڭا كونىلار «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە» دەيدۇ ئەمەسمۇ...

يىگىت ماڭا بىر قاراپ قويدى-دە، گەپ-سۆز قىلماستىن ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، تۇرقىدىن ئۇ بۇ ئۆيدىكى هەممە نەرسىگە ئىرەڭ قىلمىغاندەك، پەرۋاسىز ئىدى. ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى-دە، تورۇسقا تىكىلگىنىچە كارىۋاتقا يانپاشلىدى. ئۇ ئاياغ كىيىمىنىمۇ يەشمەستىن پۇتىنى كىرلىكنىڭ ئۈستىگە ئالدى، تاماكىسىنىڭ كۈلىنىمۇ كارىۋاتنىڭ توغرا كەلگەن يېرىگە قاقاتتى. مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم، ئۇ ئاق ئۈزلۈك، قىر بۇرۇنلۇق، تولۇق كەلگەن يىگىت ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ كىردىن پارقىراپ كەتكەن كۆڭلىكى، نەچچە يېرى يىرتىلغان شىبلىتى ئۇنى چۈشكۈن، كۆرۈمسىز قىلىۋەتكەنىدى. «هەي بىچارە،— دېدىم ئىچىمدە،— بۇلاڭچىغا ئۇچراپ كەتتىمىكىن؟... ئوقەت دېگەن مۇشۇنداق ئىش، زىياننىڭ ئاچچىقىغا چىدىيالىغان ئادەملا قىلسا بولىدۇ، ياش بالىلار كۆتۈرەلمەيۋاتقان گەپ. شۇنىڭغا قارىغاندا ماڭا ئازراق بولسىمۇ مۇشۇ مۇقىم ئىشچىلىقىمىز ياخشى ئوخشايدۇ، هەر ئايدا ئېلىپ تۇرىسەن، بەك باياشات بولۇپ كەتمىسەڭمۇ هەر هالدا ماۋۇ يىگىتتەك خاراب بولۇپ كەتمەيسەن...»

هەر ئىككىمىز ئۆز خىيالىمىز بىلەن جىمىپ كەتكەنىدۇق، سائىتىمگە قارىدىم، تېخى ئالتە، قاراڭغۇ چۈشۈشكە يەنە ئىككى سائەتتىن جىقراق ۋاقىت بار، نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇنداق ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەك بىر گەپ. مەن بۇ غەلىتە يىگىتنى گەپكە سېلىپ باقماقچى بولدۇم:

— نەگە ماڭدىڭىز، ئۇكا؟

ئۇ تاماكىسىنى پۈۋدۈۋېتىپ مىدىر قىلماستىن جاۋاب بەردى:

— ئىلىغا...

— ئىلىدىنمۇسىز؟

— ياق.

— ئوقەت بىلەن كېتىۋاتامسىز؟

— تۇغقان يوقلاپ...

«قىزىق ئىش، قولىدا سومكىسىمۇ يوق، قانداق تۇغقان يوقلايدىكىنا، بۇ گېپى يالغان، ئەھۋالىغا قارىغاندا بىر جەلىـ

گۈل ئۇغرىدەك قىلدىڭ، ياكى تۈرمىدىن قاچقان نېمىمىدىن؟ ...»

مېنى ئەمدى ئەنسىزلىك باستى. يېنىمدا زاۋۇتتىن ئالغان ئۈچ مىڭ سوم نەق پۇل تۇرۇپتۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ بەش يۈز سومدەك پۇلۇم بار ئىدى، — تازا تېپىشىپتۇقتەم، مېنى پايلاپ مۇشۇ ياتاقتا كىردىمۇ تېخى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك...

مەن تاماكا چەككەچ خىيالغا چۆكتۈم، كاللامغا ھېچبىر ئامال كەلمەيتتى، بىرسىگە چېقىپ دەي دېسەك ھېچبىر پاكىتسىز بىرسىگە تۆھمەت قىلغان بولسەن، تۇرۇپ يەنە ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، دېگەن ئويى كېلىپ، ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. نېمە بولمىسۇن ئۇنى ئوبدانىراق بىلىپ بېقىشقا ئۇرۇندۇم.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟ ئاشخانىسى قانداقراقكەن؟ — دەپ سورىدىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— يېياق، — دېدى ئۇ تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئىشىك تەرەپكە پىرقىرىتىپ چۆرۈۋېتىپ، — گاڭپەن بار ئىكەن دېيىشۋاتىدىغۇ...

شۇ گاڭپەن دېگەننى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن. مەن ئادەتتە ئۇنى ئۆيدىمۇ يېمەيمەن، شۇڭا سومكىدىكى بار نەرسىلەر بىلەن قورساق تويغۇزۇش نىيىتىگە كەلدىم.

— كېلىڭ ئۇكا، — دېدىم مەن سومكامدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەلگە ئېلىپ، — سىزمۇ قارىسام ئەتىگەندىن بېرى بىر نېمە يېمىدىڭىز، بىزنىڭ خوتۇننىڭ پىشۇرۇپ بەرگەن نەرسىلىرى بىلەن قورساق تويغۇزايلى،... ئاپلا، قايناق سۇيىمۇ يوق ئوخشىمامدۇ. مەن قايناق سۇ تېپىپ كېلەي...

— ئەكەلسىلە، مەن ئەكىلەي، — دېدى يىگىت قوپۇپ چايدانىنى قولۇمدىن ئالدى - دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈم سەل جايىغا چۈشتى. يىگىت خېلى بىر ھازادىن كېيىن كىردى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ تۇرغان بوتۇلكىنى كۆرۈپ، پۇرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرمىدىم.

— بىزنىڭ خوتۇن تولىمۇ ئەنسىز ئۇكا، مەن، يولدا ئاشخانىدىن تولا نېمە يوق، ئاۋارە بولما، دەپ تاس بۇ نەرسىلەرنى ئالمايدىكەنمەن، مانا تازا ئەسقاتتى. مايەرگە چايمۇ سېلىپ قويۇپتۇ، توختاڭ، بىر خام چاي قىلايلى،... ھە، ماۋۇ گۆش ناندىن ئېلىڭە، بىزنىڭ خوتۇننىڭ بۇنىڭغا خېلى پەيزى بار، شۇنىسى سوۋۇپ قالدى - دە...

ئىككىمىز ھە، ھۇ بىلەن بىر گۆشناننى يەپ بولدۇق. ھەمراھىم ئەتىگەندىن بېرى تاماق يېمىگىنىگە قارىماي ئازراقلا يەپ توختاپ قالدى. ئاندىن يانچۇقىدىن بوتۇلكىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا ئاكا، — دېدى ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ، — ئالدىلىرىدا ھۆرمەتسىزلىك قىلدىم.

ئۇ دەسلەپكى قەدەھنى ماڭا تۇتتى.

— بوپتۇ، — دېدىم مەن ھاراقنى قولۇمغا ئېلىپ، — مەن سىزدىن چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئىچىپ بېرەي، لېكىن مېنىڭ ئاشقازىنىم چاتاق، جىق ئىچەلمەيمەن...

— مەيلى، كۆڭۈللىرى تارتقۇچە

www.uyghurkitap.com

ئىچىپ بەرسىلە.

— مەن بىر بىلەن توختىۋالدىم، ئۇ بولسا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ - تۆتنى كۆتۈرۈۋەتتى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ چىقتى.

— ھەقاچان سىلى ماڭا ھەيران قېلىشۋاتقانلا، — دېدى بىر كەمدە ئۇ ماڭا قاراپ، — ئىچىلىرىدە مېنى تازا يولدىن چىققان ھاراقكەش نېمىكەن دەۋاتىدىلىغۇ دەيمەن؟ ...

يىگىتنىڭ بۇ سوئالى مېنى قايمۇقـتۇرۇپ قويدى.

— بېشىڭىزغا بىرەر كۈن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم مەن قىزىقىپ، — سوددىن زىيان تارتتىڭىزمۇ؟ ياكى ...

— سوددىن بولسا چاغلىق گەپقۇ، — ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ گېپىمنى بۆلدى، — پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى، بىردىن زىيان بولسا يەنە بىردىن پايدا ئالغىلى بولىدۇ، ئەمما دەرد يامان ئىكەن، ئادەمنى تىرىك ئۆلتۈرىدىكەن، ... ھەي ئاكا، ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتتى جۇمۇ ...

— بىزمۇ ئاڭلىساق بولامدۇ؟ — مېنىڭ يىگىتنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى، — تونۇشۇپ قالدۇق، قولۇمدىن كەلگۈچە ياردەم قىلىمەن ...

يىگىت بىر پەس ئۈن تىنۋىسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قولى لاغىلداپ تىترەيتتى، خېلى ئۆتكەنـدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.

— سىلى سوراپ قاللا، ھازىرغىچە بىر ئىنسانغا تىنمىغانتىم، بوپتۇ، سىلىگە دەپ بېرەي.

ئۇ ھاراقتىن يەنە بىر رومكا ئىچىـۋېلىپ ئالدىرىماستىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

— مەن ئەسلى كۇچادىن بولىمەن، ئۆز دادام مەن ئېسىمنى بىلمىگەن چاغدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، ئانام ئىككى يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئۆگەي دادام — ساۋۇر قاسساپقا ياتلىق بولۇپتۇ، مەن شۇنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم، ئۇ ئادەم ئىلگىرى قۇشخانىدا ئىشلەيتتى، بەش - ئالتە يىل بولدى پېنسىيىگە چىقىۋېلىپ، يەككە قاسـساپلىققا كىرىشىۋالغانتى. مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالدى، مەن قويـلارنى باقاتتىم، ئوت - سامان، بوغۇز توـشۇيتتىم، دۇكانغا گۆش توشۇپ بېرەتتىم. ئۆگەي دادام قاسساپلىقتىن تاشقىرى يۇڭمۇ ئېلىپ ساتاتتى، ئۇ ئالدىنقى يىلى ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدى، مەن ئاشۇنداق ئادەمنى ھاجى قىلـغان خۇدايىمنىڭمۇ كۆزى يوق ئىكەن دەيمەن. راست، مەن ئۇنى تازا بىلىپ كەتتىم، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكىنىنىڭ ھەمـمىسىلا ھىيلە، ئۆچكە گۆشىنى قوينىڭ دەپ ساتىدۇ، گۆشنى سۇغا چىلاپ توڭـلىتىدۇ، ھەممىدىن يامىنى ئۇ يۇڭغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ جىڭنى ئاۋۇتىدۇ. بۇنـداق ھۈنەرنى ئاڭلىمىغان بولغىيتتىلە. ئۇ بۇنى نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيدىكىن، بەزىدە توۋا دەپ ياقامنى تۇتىمەن، ماۋۇ ئادەمنىڭ ھاجى تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشىنى دەيمەن ... شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بېيىپ كەتتى، يېڭىدىن كاتتا قورۇ - جايمۇ ئالدى. ئۇ بۇ يۇرتتا تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئالدىنقى يىلى ئاپام رەھمەتلىك ھېلىقى يامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ

تۈيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا
ئۆيلەپ قويالمىدىم دەپ ساكرات ئۈستىدە
ئۆگەي دادامغا تاپىلىدى. ئانام ئۆلگەنـ
دىن كېيىن ئۆيدە ئۆگەي دادام ئىكـ
كىمىزلا قالدۇق. ئۆيدە ئايال كىشى بولمـ
غاچقا بىزنىڭ ئاش - تامىقىمىز، كىر - قاتـ
لىرىمىزمۇ بىر گەپ بولدى. ئۆگەي دادام
بولسا ياشىنىپ قالغانىدى، ئەمدى ئۇ-
نىڭ ئۆيلىنىشى يوق گەپ، شۇڭا ئەل -
جامائەت مېنى ئۆيلىنىشكە، ئۆيگە كېلىن
ئەكىرىپ ئۆي ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىـ
قىرىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشتى.
ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ ئىدى، مەن ئۆ-
زۈممۇ شۇنى ئويلاپ قىزلارغا كۆز سېلىپ
يۈردىتتىم، بىر مەزگىل شۇنداق يۈرگەنـ
دىن كېيىن، مەن ئۆزۈمگىمۇ لايىق تاپـ
تىم. بۇ قىزمۇ مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپـ
تىكى ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئىسمى ئايىمـ
نىسا ئىدى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئالىي
مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي ئۆيدە
ئولتۇرۇپ قالغان بولۇپ، شۇ كۈنلەردە
ناھىيىدىكى بىر باشلىقنىڭ ئۆيىدە بالا
باققۇچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەنىدى. ئايىمـ
نىسانىڭ ئائىلىسىنىڭ ھال - كۈنى ئانچە
ياخشى ئەمەس ئىدى. دادىسى مېيىپ
بولۇپ، كوچىدا ياماقچىلىق قىلاتتى.
ئايىمنىسا ئارىلاپ، بېقىۋاتقان بالـ
نى كۆتۈرۈپ ئۆگەي دادامنىڭ دۇكىنىـ
دىن گۆش ئالغىلى كېلەتتى، ئۇ مەكـ
تەپتىكى چېغىدىمۇ مىجەزى ئېغىر، جىمـ
غۇر قىز ئىدى. ھازىر بولسا تۇرمۇشنىڭ
ئازابى ئۇنى تېخىمۇ غەمكىن قىلىۋەتكەنمۇ،
ئىشقىلىپ كۆزۈمگە مىسكىن كۆرۈنەتتى،
ھەمىشەملا خىيالدىن باش كۆتۈرمەيتتى.
مەن ئۆزۈممۇ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغاچـ
قىمۇ مەندە ئېھتىمۇشقىدۇر ئۇنىڭغا نىسبەـ
تەن كۆڭۈل يېقىنچىلىقى پەيدا بولۇپ
قالدى. ئۇ چىراي جەھەتتىن ھېچكىمدىن قالـ
غۇچىلىكى يوق، تۇرمۇشنىڭ قاتتىق - يىرـ
كىنى تېتىپ چوڭ بولدى، باشقا قىزلارـ
دەك كوچىدا سەكىلدەپ يۈرمەيدۇ، مۇ-
شۇنداق قىزلار كىشىگە ئاش - نان بولىدۇ...
ئايىمنىسانىڭ تەقدىرى كۆڭلۈمگە
كىرىپلىۋالدى. ئۇنى ئاستا چېكىپ بېقىش
نىيىتىگە كەلدىم. بىر كۈنى ئۇنى گۆش
ئېلىپ قايتىشىدا يولدا كۈتۈپ تۇردۇم.
— ئايىمنىسا، نەگە ماڭدىڭىز؟ —
دېدىم مەن ھېچنەرسىنى ئۇقماسقا سېلىپ،
ئۇ، سەل ھودۇققاندەك بولۇپ ئاستا جاـ
ۋاب بەردى:
— ئۆيگە.
— بۇ ئوغۇل ئۇكىڭىز بولامدۇ؟ —
سورىدىم مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى
ئىما قىلىپ.
— ياق، خەقنىڭ بالىسى، ... مەن
بېقىۋاتىمەن.
— ھە، بالا بېقىۋېتىپسىز-دە، ... ئېـ
يىغا قانچە پۇل بېرىدۇ؟
— 30 كوي ...
— 30 كوي؟ — مەن ھەيران بولـ
دۇم، — ھازىر 30 كويغا نېمە كېلىدۇ،
تازىمۇ پىخسىق خەق ئوخشىمامدۇ؟
— قانداق قىلىمەن؟ شۇ ئىشمۇ تەسـ
تە تېپىلدى، — دېدى يەرگە قارىغىنىچە.
ئۇمۇ توغرا دەيدۇ، ھازىر ئايىمنىـ
سادەك قىزلاردىن كۆرمىگى ئىشسىز، بىـ
كار يۈرۈۋاتقان تۇرسا، ئۇ شۇ خىزمەتـ
كىمۇ رازى بولماي نېمە چارە... ھەمـ
مە ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىۋەرمەيدۇ-
دە...

— ئۆزىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — ئۇ گەپنى يۆتكەپ مەندىن سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە، يوشۇرماي دەپ بەردىم.

— مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا كەلگۈسىدە قاسساپ بولارمەن دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم، دۇنيادا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئىشىممۇ مۇشۇ ئىدى. ئۆگەي دادام قوي سويسا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ يىراققا كېتىۋالاتتىم، قاچقانغا ياماشقاندەك، ئاخىرى ئۆزۈم قاسساپ بولۇپ قالدىم، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ،... سىزمۇ بالا باققۇچى بولارمەن دەپ خىيالمۇ قىلمىغان بولغىيدىڭىز؟

ئايىمنىسا ۋىدىلىدە قىزارغان ھالدا غەمكىن كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلكە بىلەن ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ يۈزىدە قوش زىناقلار پەيدا بولۇپ، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىكى، ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمدە بۇنداق بىر ھالەتنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. يۈرىكىم ئوخچۇپ، پۈتۈن بەدىنىم توك قويۇۋەتكەندەك قىزىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالا يىغلاشقا باشلىدى. ئايىمنىسا خىجالەت بولغاندەك ماڭا قاراپ قويدى-دە:

— بىزنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالدى، مەن كېتەي، — دېدى. راستىمنى ئېيتسام ئۇنىڭ بىلەن يەنە پاراڭلاشقۇم بار ئىدى. يۈرىكىنى چېكىپ باقماقچى ئىدىم، لېكىن ئامال بولمىدى، مەن ئىچىمدە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى سېرىق شۇمنى مىڭنى تىللىدىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئۇنى كۆرمىسەم تۇرالماس بولۇپ قالدىم، كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، ھەر كۈنى ئۇنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ، ئۇ كېلىدىغان كوچىدا سائەتلەپ ساقلاپ تۇراتتىم. يىراقتىن ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرسەم باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ خۇش بولۇپ كېتەتتىم، كۆڭۈل دېگەنمۇ ئاجايىپ ساراڭ نېمە ئىكەن-دە...

بىز بىرەر ئايغىچە ئاشۇنداق كوچىدا كۆرۈشۈپ يۈردۇق. ئۇياق-بۇياقتىن چېكىپ باقسام دېيىشكەن يىگىتى يوقتەك قىلىدى، مەن خېلى ئويلاپ باقتىم، ئويلىسام-ئويلىسام ئۇ ماڭا باپ كۆرۈنەتتى. ئۆزى ياۋاش، چىرايىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولى ئىشلىق ئىكەن، تۇرمۇشتىن ئارتۇق تەلىپى يوق، بارىغا رازى، ئۆيىدىكىلەر كەمبەغەل بولغاچقا تويلۇقنىمۇ ئېغىر سالمايدىغاندەك تۇرىدۇ، چۈنكى مېنىڭ بىر چوڭ ئەندىشەم ئۆگەي دادام باي بولغىنى بىلەن تولىمۇ پىخسىق ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ رايىچە مەن ئۇنى بىر تىيىن چىقىم قىلغۇزماي خوتۇن ئالسام خۇش بولاتتى. شۇڭا سەل ھاللىق يەرلەرگە گەپ ئېچىشتىن قورقاتتىم. شۇڭا بىردىنبىر مۇۋاپىق قىز ئايىمنىسا ئىدى. ئەگەر بىز توي قىلىپ قالساق كېيىنچە دۇكاننى ئايرىپ ئۆز ئالدىمغا ئوقەت قىلسام بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز گۈلدەك ئۆتۈشىدە گۇمان يوق ئىدى. مەن ئويلا-ئويلا ئاخىرى شۇ قارارغا كېلىپ، ئايىمنىساغا گەپ ئېچىپ باقماقچى بولدۇم.

ئەمما ئايىمنىسا تۇيۇقسىزلا گۆشكە كەلمەس بولۇپ قالدى. ھەپتە ئۆتتى، يوق، مەن ھەركۈنى بىز كۆرۈشىدىغان يەردە ئۇنى ساقلايتتىم، ئۇنىڭ ماڭا تونۇش

ھاۋارەڭ كۆڭلىكىمنى كىشىلەر ئارىسىدىن ئاختۇراتتىم، دەسلەپ ئۇنى ئاغرىپ قالدىمىكىن، دەپ پەرەز قىلدىم، لېكىن كۈن ئۆزارغانسېرى كۆڭلۈمگە ھەر قىسما خىياللار كېلىشكە باشلىدى، نېمىشقىمۇ گەپىنى بالدۇرراق دېمىگەن بولغىيدىم، دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم، ئۇ بالىسىنى بېقىۋاتقان كادىرنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنىمۇ بىرنەچچە كۈن ئايلىنىپ يۈردۈم، لېكىن ئايمىنىسا زادىلا كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا غايىب بولۇشى مېنى ئەندىشىگە سېلىپ، ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدى. ئىشقا تۈزۈك قولۇم بارمايتتى، ھەر كۈنى كوچىلارنى مەنىسىز كېزەتتىم، تۇرۇپ، باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قالدىمىكىن، دەپمۇ ئويلايتتىم، مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن دېسىلە، مانا ئەمدى ئۇ يوق بولۇۋپدى، خۇددى بىر يېرىم كەمدەك گاراڭلا بولۇپ قالدىم.

بىر ئاي ئاشۇنداق ئۆتتى، بىر كۈنى تاسادىپىي ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. قانداق دەمسىز؟ ئويلىمىغان يەردىلا... مەن شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتىم. ئىچىم پۇشۇپ قاۋاقخانىغا كىرىپ يۈز گىرام قېقىۋالدىم. ئايمىنىسا يوقالغاندىن بۇيان ئانچە-مۇنچە ئىچىدىغان بولۇۋالدىم. ھەممە دەردىمنى ھاراقتىن ئالاتتىم. قاۋاقخانىدىن چىقىۋېتىپ يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام تاماكا قۇتام ئۆيدە قاپتۇ، ھاراق ئىچكەندە تاماكا خۇمارىنىڭ تۇتۇپ كېتىدىغانلىقى سىلىگىمۇ ئاياندۇر، شۇڭا يۈرەككە تەگكۈدەك ئاچچىقراق موخۇركا ئالاي دەپ كېچىلىك بازار بولىدىغان كۇلۇبنىڭ ئالدىغا كەلدىم. بازاردا ئادەم كۈندۈزدىكىدىنمۇ جىق ئىدى. خېلى ئاردىلاپ تاماكىچىلارنى ئاران تاپتىم، ئۇلارغا يېقىن كېلىپ دىققىتىدە چۆچۈپ كەتتىم، كەيپچىلىكتە كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ يا دەپ بىر زايىپەزىنىڭ ھارۋىسىنىڭ دالدىسىغا ئۆتتۈم-دە, تاماكىچىلارنىڭ قاتارىدا موخۇركا سېتىۋاتقان قىزغا بىردەم سەپسالدىم،... ياق، شۇ ئۆزى، ئايمىنىسا شۇ... ئۇ بىر قول ھارۋىسىغا بىرنەچچە خالتا موخۇركىنى تىزىپ قويغانىدى. ئۇ ئاردىلاپ-ئاردىلاپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە، «موخۇركا، كەلسىلە ئاكا، ئاچچىقىمۇ، ئوتتۇرىسىمۇ بار،... چېكىپ كۆرسىلە! ...» دەپ توۋلاپ قوياتتى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەن بىلىدىغان تارتىنچاقلىقى، ئېغىر-بېسىق مىجەزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىر دەم نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇردۇم، كاللامغا مىڭ بىر خىياللار كېچىپ ئۆتتى، ئاخىرى ھاراقنىڭ كۈچىدىنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم، ئۇ ھارۋىسىنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويغان پەنەرنىڭ گۇنسىز يورۇقىدا مېنى دەرھال تونۇيالمىدى بولغاي، ماڭا قارىماستىن موخۇركىسىنى داڭلاشقا باشلىدى:

— كەلسىلە، بەلەن موخۇركا، ئاچچىقراقتىن بېرەيمۇ؟ چېكىپ كۆرسىلە...

ئۇ كېسىلگەن گېزىت قەغىزىنى ماڭا سۇنۇۋېتىپ مېنى تونۇپ قالدى-دە، چۆچۈپ كەتتى. كېچە قاراڭغۇچىلىقىدا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ قەغەز تۇتقان قولى توك تەككەندەك تىترىدى-دە، تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدىم مەن ئاۋال

www.uyghurkitap.com

گەپ ئېچىپ،ـ مۇنداق ھۆنەرلەرمۇ بار ئى-
كەن ـ دە...

مەن تەنە بىلەن دېدىم، ئۇ گەپ-
سۆز قىلماستىن يەرگە قاردۋالدى، چىرا-
يىنى مىسكىنلىك قاپلىدى. ئەسلىدە كۆك-
لۈمدە ئۇنىڭغا خېلى ئاچچىق گەپلىرىم
بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ غەمكىن ھالى-
تىگە قاراپ ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم،
ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى.

ــ بۇ نېمە ئىش، ئايىمنىسا؟ــ ئاخى-
رى بۇ جىملىقنى يەنە مەن بۇزدۇم.

ئۇ ئېغىر بىر خورسىنىپ قويدى، ئەلپا-
زىدىن شۇ تۇرقىدا پاكىىدە ئېتىلىپ يىغ-
لىۋېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. مەن كوچىلاپ
سوراۋەرگەندىن كېيىن، ئۇ بولغان ئىشنى
ئاستا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە
بالا باقتۇرغۇچى ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى
ئايىمنىسانى ئېرىدىن كۈنلەپ، ئاخىرى
ئۆيدىن قوغلىۋېتىپتۇ، ئىككى ئايلىق ئىش
ھەققىنىمۇ بەرمەپتۇ، مۇشۇ ئەلەمدە ئايىم-
نىسا بىر ـ ئىككى ھەپتىگىچە ئۆيدىن تا-
لاغا چىقماپتۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن خېلى ئا-
ھانەت ئاڭلاپتۇ، ئاخىرى باشقا ھېچبىر
ئىشنىڭ ئېپىنى قىلالماي ئىككى ـ ئۈچ
كۈندىن بۇيان تاماكىچىلىق قىلىشقا
مەجبۇر بولغانىكەن. ئۇ بېشىغا كەلگەن
دەردلەرنى سۆزلەۋېتىپ ئېسەدەپ يىغلاپ
كەتتى، ئۆزىنىڭ قىز بالا بولۇپ تۇغۇ-
لۇپ قالغانلىقىغا مىڭ يەردىن پۇشايمان
قىلدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مې-
نىڭ ئىچىم سېرىلىپ كەتتى، تۇرمۇش،
تىرىكچىلىك كىشىلەرنى نېمە كويلارغا
سالمايدۇ ـ ھە؟ بەلكىم ئۇ بۇ ئىشنى قىل-
غۇچە قانچىمۇ ئازابلانغاندۇ؟ مەن تېخى
ئۇنىڭغا دوق قىپتىمەن، كۆڭلىگە ئازار
بېرىپتىمەن، ھەي... مەن ئۇنى ياخشى
كۆرگەن ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن
ئۇنىڭ ھالىغا يېتىشىم، بۇ ئىشتىن قۇتۇل-
دۇرۇشۇم كېرەك، شۇ تاپتا كۆڭلۈمدىكىنى
ئوچۇقلا دېسەم بولارمۇ؟ ئايىمنىسانىڭ ياق
دېمەيدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپ-
تۇ، لېكىن... ئۆگەي دادام ئۇنىماي
قويسىچۇ؟ مەن ئۆگەي دادامنىڭ قولىغا
قاراشلىق تۇرسام، ناۋادا ئۇ يەنە بىرەر
يىل تۇرۇپ تۇر، دەپ قالسا، ئايىمنىسا
يەنە ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالماي چارە
يوق... ياكى ھازىرچە باشقا گەپنى قو-
يۇپ دادامغا: بىزنىڭ ئاش ـ تامىقىمىز-
نى ئېتىپ بەرسە، دەپ تونۇشتۇرسام قان-
داق بولار، ئىلگىرى دادام نەچچە قېتىم
شۇ گەپنى قىلغانتى، قالغان گەپنى كې-
يىنچە دېمەيمەنمۇ؟... مەن كاللامغا
كەلگەن بۇ خىيالنى ئايىمنىساغا ئېيتىۋې-
دىم، ئۇمۇ قارشىلىق قىلمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدا مەن دا-
دامغا بۇ گەپنى دېدىم، ئۇ ماڭا سىنچى
كۆزىدە بىر قاراپ قويۇپ، بىردەم ئويلى-
نىپ قالدى:

ــ بىللە ئوقۇغان دېدىڭما؟ــ دېدى
ئۇ ئاخىرى ئىپادە بىلدۈرۈپ،ــ قولى ئەگ-
رى ئەمەستۇ؟ تېگى ـ تەكتىنى ئوبدان بى-
لەمسەن؟

مەن ئامالىمنىڭ بارىچە ئايىمنىسانى
ماختاپ بەردىم.

ــ قېنى، كېلىپ بىر تاماق ئېتىپ
باقسۇن، كۆرۈپ باقىلى،ــ دېدى ئۇ ما-
قۇل بولۇپ...

شۇ زاماتلا مەن ئايىمنىساغا بۇ
خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدۇم. خۇددى ئىككى-
مىزنىڭ تويىمىزغا رازىلىق بېرىلگەندەك

ھەر ئىككىمىز ئۇ كۈنى شۇنچىلىك خۇش بولدۇق، ھەتتا ئىككىمىز بىللە كىنوغۇ كۆردۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. ئۇ ئۆيلەرنى كۆرۈپ ھاڭتاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ بەلكىم بىزنى بۇنچىلا باي دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئۇ ئۆي ئىچىگە تەئەججۈپ ۋە يېتىرقاش بىلەن قارايتتى، قورۇنۇپ ئارانلا ماڭاتتى، بەلكىم ئۇ كېيىنچە مۇشۇ ئۆيلەرنى ئۆزىنىڭ تۇتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھاياجانلىنىۋاتسا كېرەك. ئۆگەي دادام ئايىمىنىسانى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى، ئۇنىڭ ئۈستىبېشى، ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سورىدى. ئاندىن چۈشكە ئولتۇرۇپ بىر چۆچۈرە ئىچىشنى ئېيتىپ، دۇكانغا ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ مېڭىشتىن ئىلگىرى ئاشخانا ئۆيدىن باشقا ھەممە ئۆيلەرگە قۇلۇپ سالدى. قورۇغا چىققاندا بولسا مېنى چاقىرىپ:

— ئارىلىقتا كېلىپ كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرغىن، چىرايىغۇ پاكىز، ئىنسابى بار بالىدەك قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ پەخەس بولغىنىمىز ياخشى. بىز يوقتا ئۆيدىكىنى سۈپۈرۈپ ماڭمىسۇن يەنە، — دەپ تاپىلىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭا سەل ھار كەلسىمۇ ماقۇل دېدىم.

مەن ئايىمىنىساغا بۈگۈن سويغان قوينىڭ گۆشىدىن تاماقتا چۈشلۈك ئېلىپ بېرىپ، سويۇلغان قويلارنى دۇكانغا ئېلىپ ماڭدىم. ئىچىمدە ئۇ تاماقنى بىر ئوخشاتسا ئىكەن دەپ تىلەيتتىم. چۈشكىچە كۆڭلۈم دەككە-دۈككىدە يۈردۈم، گۆشنى سېتىپ كەلسەك ئايىمىنىسا تاماقنى ئېتىپ قويغاندىن تاشقىرى ئۆي ئىچى ھويلا-ئارامنى چىننىدەك قىلىپ تازىلاپ قويۇپتۇ، چۆچۈرىمۇ شۇنداق ئوخشاپتۇكى، بىز ئانام ئۆلۈپ ھازىرغىچە بۇنداق تىلغا تېتىغۇدەك تاماق يەپ كۆرمىگەنىدۇق، دادام خۇشلۇقىدا ئايىمىنىسا كەچۈرۈن ماڭارچاغدا ماڭا ئۇنىڭغا بىرەر ئاشلىق گۆش چىگىپ بەرگۈزدى. ئادەتتە ئۆگەي دادام تۇغقانلارغىمۇ بىكارغا بىرەر جىڭ گۆش بەرمەيتتى، دېمەك بولغۇسى كېلىنى ئۇنىڭ دىتىغا يېقىپ، بۇ پىششىقنىمۇ ئېرىتكەنىدى، مەن ئىشنىڭ بۇنداق ئوڭۇشلۇق باشلانغانلىقىدىن خۇرسەن بولدۇم.

ئاردىن بىرە-ئاي ئۆتتى. مەن بۇ ئارىلىقتا مەھەللىدىكى ئاقساقاللاردىن ئىككى ئادەمنى دادامغا كىرگۈزۈپ، ئايىمىنىسا ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئۇقتۇردۇم، ئەلچىلەرنىڭ دېيىشىچە دادام رازى بوپتۇ ۋە كۆزلۈككە تويىمىزنى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، دادامغا ئاسانلىقچە ئادەم يارىمايتتى، دەسلەپ ئانام قازا قىلغاندىن كېيىن مەھەللىدىكى ئاقساقاللار ئۇنىڭغا يۇرتتىكى ياشانغان تۇل ئاياللاردىن بىر قانچىسىنى سايە قىلىپ باققانىكەن، لېكىن ئۆگەي دادام بىرسىنى قېرى دېسە، بىرسىنى مىسمىس دەپ ياراتماپتۇ، مەن ئىچىمدە «ئايىمىنىسانى كېلىن قىلىۋالسا، ئايال ئەكىرىپمۇ نېمە قىلىدۇ، قېرىغاندىمۇ سەت ئەمەسمۇ» دەيتتىم، مانا ئىش ئوڭغا تارتىپ، ئۆگەي دادام ئايىمىنىساغا خېلى ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى ماختاپ قوياتتى، ئۆيگە ئالغاچ بېرىڭ دەپ گۆش بېرەتتى، ھەتتا روزى ھېيت ئالدىدا چىگىۋالسىلا دەپ ھەرەمنىڭ ۋال-ۋۇل ياغلىقىدىن بىرنى سوۋغا قىلدى. ئايىمىنىسا بارغانچە ئۆينىڭ ئۆز ئادىمىدەك

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قېلىۋاتاتتى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆگەي
دادام مېنى يەنە بىر شېرىكى بىلەن
يولتۇزدىن قوي ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. مېنىڭ
شۇ تاپتا ئايىمنىسادىن زادىلا ئايرىلغۇم
يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سەپەرگە
كەم دېگەندە ئىككى - ئۈچ ئاي ۋاقىت كې-
تەتتى، بارماي دېسەم ئۆگەي دادامنىڭ
ئاچچىقىدىن قورقتۇم، بىزنىڭ قىشچە قى-
لىدىغان ئوقىتىمىز مۇشۇ ئەكىلىدىغان قوي-
لارغا باغلىق - تە، بېشىمدىن باغلىغاندەك
ئامالسىز ماڭدىم. ماڭار چاغدا ئايىمنىسا ماڭا:
— سىز كەلگۈچە ئۆز ئۆيۈمدە تۇ-
رۇپ تۇرساممىكىن، — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلى-
رىدە بىر خىل ئەندىشە ئۇچقۇندايتتى.
— نېمىشقا؟ — مەن ھەيران بول-
دۇم، — ئۇنداق قىلسىڭىز دادام نېمىدەپ
ئويلاپ قالىدۇ؟
ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى، پەقەت مې-
نى بالدۇرراق يېنىپ كېلىڭ، دەپ تاپى-
لىدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنى ئۆيدە
قالدۇرۇپ يولغا چىقتىم...
يىگىت گېپىدىن توختاپ ھاراقتىن
ئىستاكانغا يېرىم قۇيدى - دە، بىراقلا كۆ-
تۈردى. مەن ئۇنىڭ ئىستاكاننى تۇتقان
قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىدىن ھېكايىسىنىڭ
داۋامىنى ئېيتىشتىن قىينىلىۋاتقانلىقىنى
پەملىدىم. ئۇ ھاراقتا قانمىغاندەك يانچۇ-
قىدىن گېزىت قەغىزى ئېلىپ قوپال قىلىپ
موخۇركا يۆگىدى، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ
ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىگە تارتتى. مەن
ئاخىرىنى ئاڭلاشقا شۇنچە قىزىقساممۇ ئۇ-
نىڭ ئۆزىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ جىم
ئولتۇردۇم.
— مەن ئۈچ يېرىم ئاي دېگەندە ئۆي-
گە يېتىپ كەلدىم، — دېدى يىگىت بىر
ھازادىن كېيىن ھېكايىسىنى ئۇلاپ، — بۇ
سەپەردە تارتمىغان جاپايىم قالمىدى، يې-
رىم يولدا ئۈچ قوي بۆلۈنۈپ كېتىپ،
بىر ھەپتە تاغنى كەزدىم. پۇتلىرىم يېرى-
لىپ قاداق بولۇپ كەتتى، لېكىن ھەممى-
گە چىدىدىم، ئايىمنىسا ئۈچۈن، ئۆگەي دا-
دامنى رازى قىلىش ئۈچۈن ھەممىگە چى-
دىدىم. مېنى كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇش
قىزىقتۇرۇپ، ۋۇجۇدۇمغا قۇۋۋەت بېرەتتى.
شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئۆيگە كەلدىم، لې-
كىن يېنىپ كەلگىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىل-
دىم. سىلىگە نېمە دېسەم بولار؟ بۇنى دې-
يىشكە تىلىم بارمايدۇ. نېمىنى دەيلا؟...
ئايىمنىسا ياتلىق بوپتۇ، كىمگە دې-
مەملا، مېنىڭ ئۆگەي دادامغا، مەككە مۇ-
كەررەمنى تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولۇپ كەل-
گەن نومۇسسىز قېرىغا ياتلىق بولۇپتۇ.
مەھەللىگە كىرىشىمگە بىر ئاغىنەم بۇ شۇم
خەۋەرنى يەتكۈزدى. بېشىمغا توقماق يې-
گەندەك ئەس - ھوشۇمنى بىلمەي قالدىم،
ئالەم دوزاخ تۇيۇلدى. ساراڭدەك بولۇپ
قاپتىمەن. ئاغىنەم مېنى ئۆيىگە ئەكىرىپ
كۆڭۈل ئېيتتى، ئايىمنىسانى تازا تىللاپ
بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئايىمنىسا ھازىر
رەسمىي خېنىم بوپتۇمىش، ئۆگەي دادام
ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەرمىش... بۇ
گەپلەرنى كاللامغا ھېچ سىغدۇرالمايتتىم،
ئاشۇ ياۋاش، جىمغۇر ئايىمنىسا شۇنداق
بولۇپ كەتكەن بولسا ھە... ئاچچىقتا كال-
لىغا ھەر قىسىما خىياللار كېلىدىكەن، مەن
ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى چانىۋېتىپ، بې-
شىمغا كەلگەننى كۆرمەكچىمۇ بولدۇم،
كەچقۇرۇن ھاراقنى تازا ئىچىپ ئۆيگە بار-
دىم. قورۇدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ھويلا

ئىچى رەتلىك، پاكىز ئىدى. مەن ئۆيگە
كىردىم، مېھمانخانا ئۆيدە ئايىمنىسا يال-
غۇز ئۆزى بىر رەختنى كۆرۈۋاتقانىكەن،
مەن ئۇنى تونۇيالمايلا قالدىم، ئۇ ئۇس-
تىگە ھەرەمنىڭ ۋال - ۋۇل رەختىدىن كۆك-
لەك كىيگەن، قوللىرى ئالتۇن ئۈزۈكلەر
بىلەن تولغانىدى. ئىلگىرىكى ئايىمنىسادىن
ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئۇ مېنى كۆرۈپ
داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چىرايى تاتى-
رىپ، كۆزى ئالايدى، مەنمۇ ئاچچىقىمدا
نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئۇنىڭغا قادى-
لىپلا قالدىم.

— سېنىڭ مەقسىتىڭ شۇمىدى؟ —
مەن ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ كېلىپ ۋارقىرى-
دىم، — ساڭا پۇل، كىيىم لازىم ئىكەن-
دە؟! ... ھوي ۋىجدانسىز! ...

ئاغزىمغا كەلگەن تىللار بىلەن تازا
تىللىدىم، يۈزلىرىگە تۈكۈردۈم، ئايىمنىسا
بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى، ئۇنىڭ كۆ-
زىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلەتتى.
بىركەمدە ئۇ ئايىغىمغىلا يىقىلدى:

— مېنى ئۇرۇڭ، ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، —
دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، ئۇ ھۆڭگىرەك
ئېتىپ يىغلايتتى، چاشلىرىنى يۇلاتتى. بۇ
ھالىتىگە قاراپ يەنە ئىچىم ئاغرىپ قال-
دى. ئۇ بولسا يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىش-
نى سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ دېيىشىچە
مەن تاغقا مېڭىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆگەي
دادام ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلى-
دىغان بولۇپ كېتىپتۇ، لوق - لوقلا پۇل
تۇتقۇزىدىغان بوپتۇ، قۇربان ھېيتتا ئۆي-
دىكىلەر قۇربانلىق قىلسۇن، دەپ تىرىك
بىر پاقلاننىمۇ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، بىر كۈ-
نى كەچقۇرۇن ئۇ ئايىمنىساغا زورلۇق قى-
لىپ نومۇسىغا تېگىپتۇ، ... بۇ ئىش بول-
غاندىن كېيىن ئۆگەي دادام يۇرت ئاق-
ساقاللىرىنى ئايىمنىسانىڭ ئۆيىگە ئەلچى-
لىككە ئەۋەتىپتۇ، ئۆمرى نامراتچىلىقتا
ئۆتكەن ئايىمنىسانىڭ دادىسى شۇنداق بىر
باي ھەم ئۆلىما كىشىنىڭ ئۆزىگە كۈيئو-
غۇل بولۇشىغا جان دەپ رازىلىق بېرىپتۇ،
ئايىمنىسامۇ تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ ...

مەن دەسلەپكى ئاچچىقىمدا ئايىمنى-
سانى تازا ئۇرۇپ چەيلىمەكچى ئىدىم، مې-
نى ئالدىغانلىقىنىڭ ئەلىمىنى ئالماقچى ئى-
دىم، ھازىر بولسا ئۇنى ئۇرۇشقا قولۇم
بارمىدى. ئۇ بىر ئاجىز، بىچارە، ئۇنىڭ-
غىمۇ نېمە ئامال ... مەن ئاچچىقىمنى ئۆي-
دىكى سەرەمجانلارنى چېقىشتىن ئالدىم،
كۆزۈمگە چېلىققان نەرسىلەرنى يەرگە ئۇ-
رۇپ چېقىۋەردىم، ئايىمنىسا بولسا بۇلۇڭ-
دا تىترىگەن ھالدا تۆگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى.
ھەممىنى ۋەيران قىلىپ پۇخادىن چىققان-
دىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. كەچ-
كىچە ئۆگەي دادامنى ئىزدەپ تاپالمىدىم.
ئەگەر شۇ كۈنى ئۇ قېرى ئۇچراپ قالسا
چوقۇم بىر نەرسە قىلىۋېتەتتىم ...

ئەكەلگەن قويلارنى ئەتىسى بىر قاس-
ساپقا بىراقلا ساتتىم. ئەمدى ماڭا بۇ ئۆي،
بۇ يۇرت ھارام بولدى. قايسى يۈزۈم بى-
لەن تۇرىمەن؟ ... بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ
كەتكىنىم تۈزۈك. قوينىڭ پۇلىنى يېنىمغا
سالدىم. مېنىڭ نومۇسسىز قېرىدىن ئالغان
ئۆچۈم مۇشۇ بولدى. مانا ئۇ پۇللار، — ئۇ
چاپىنىنىڭ تۆگمىسىنى يېشىپ كۆرسەتتى،
دەرۋەقە ئۇنىڭ قورسىقىغا ئايلاندۇرۇپ مۇ-
نەك - مۇنەك پۇل رەختكە ئوراپ چىگى-
ۋېتىلگەنىدى، — بۇ دەردىمنى بۈگۈن مانا
سىلىگە دەۋاتىمەن. ھازىرغىچە ھېچكىمگە

(ئاخىرى 75 - بەتتە)



ماخمۇت مۇھەممەت

# گۈزەل قىرغاق

(ھېكايە)

1

زامانلاردىن بېرى شىددەتلىنىپ ئېقىۋاتقان بۇ دەريانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىمىغان، يېنىغا بىر كېلىپ، چىمەن قىرغىقىغا دەسسەپ، ئۇنى قانغۇچە تاماشا قىلىشنى ئارزۇ قىلمىغان كىم بار؟ ... تالاي ناخشىلاردا كۈيلەنگەن بۇ دەريانىڭ لايقىلىنىپ، شاۋقۇنلاپ تېز ئېقىشلىرىنى بىر تاش ئېتىم يەردىن ئاشكارا كۆرەلەيسىز. ھەر ئاخشىمى ئۇيقۇ قەسىردىگە راۋان بولۇش ئالدىدا ئاشۇ تىنچىماس دەريانىڭ شاۋقۇنى — تەبىئەتنىڭ ئاخىرى چىقماس كۈيى سىزنىڭ مەست-ئەلەسلىك قەسىردىگە تېزرەك جۆنىشىڭىز ئۈچۈن مۇڭلۇق ئەللەي ئېيتىپ، جىمىرلىغان تەنلىرىڭىزنى پەپىلەيدۇ.

نۇرسۇل بوۋاي بۇندىن ئاتمىش يەتتە يىل ئىلگىرى مۇشۇ دەريانىڭ بويىدا، ئەتراپى رۇس دېھقانلىرىنىڭكىدەك مىختا، چىرايلىق قاشالانغان چاققانىنە ھويلىدا تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ھاياتقا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم قىلغان «پاردكى» — ئەنسىز ئىگەلشى دەل مۇشۇ دەريانىڭ ئەتمىياز پەسىلىدىكى تۇسۇن ئېقىنىنىڭ قەھىرلىك شاردىلداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. سۆزدىن ئاغزى بېسقمايدىغان، ئەمما ھەردىكىتىمۇ ياش جۇۋانلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان دومچەك كىسىندىك ئانىنىڭ يېگى ئۇچۇرۇمىنى دەسلەپكى رەت چۆمۈلدۈرگەن بىر ئاپتۇۋا ئىلمان سۈيىمۇ دەل مۇشۇ خاسىيەتلىك دەريادىن ئېلىنغانىدى ...

شۇندىن بېرى ئاتمىش يەتتە يىل ئۆتتى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. زامان يېڭىلاندى، ئادەملەرمۇ يېڭىلاندى. ئاتمىش يەتتە يىل ئىلگىرى سۆيۈملۈك پەرزەنتى نۇرسۇل دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنى سال ھەيدەپ ئاشۇ سىرداش، ئاچچىقى يامان دەريادا لەيلەپ يۈرگەن رو-

www.uyghurkitap.com

سۇل سالچىمۇ بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن كەتـ
تى. روسۇل سالچىنىڭ كۆچۈمگىنە مەـ
ھەللىسىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان قەـ
دىردان قوشنىلىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن
بىرى ئورنىنى خۇددى ئۆزلىرىگىلا تارتقان
ۋارىسلارغا بوشىتىپ بېرىپ، سالچى قوشـ
نىسى بىلەن مۇڭداشقىلى ھېلىقى سىرلىق،
قورقۇنچلۇق دۇنياغا راۋان بولۇشتى. ئۇـ
لارنىڭ ئارىسىدا پارۇم كۆزەتچىسى قىرغىزـ
مۇ، كۆكتات تېرىغۇچى خەنزۇمۇ، ھەسەل
ھەرىسى باقىدىغان رۇسمۇ، مۇئەللىم تاتارـ
مۇ بار ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قەدىـ
مى زېمىن جايلىرىدا ئۇلارنىڭ پۇشتى،
ئۆم قوشنىلار ئاتا - ئانىلىرى ئېيتىپ تۈـ
گىتەلمىگەن ھايات قوشىقىنى داۋاملىق
ئەمما يېڭىچە ئاھاڭدا ئېيتىشماقتا. روسۇل
سالچىنىڭ ھېلىقى قاشالىق ھويلىـ
سى ئاتمىش يەتتە يىل ئىچىدە نەچچە
قېتىم تۈسىنى ئۆزگەرتتى. سوقما تاملىقـ
مۇ، كېسەك تاملىقمۇ، چىتەن تاملىقمۇ
بولدى، بىراق دەريا بويىدىكى ئاشۇ يېرىم
مودىن سەل ئاشىدىغان زېمىنلا قوزغالمىـ
دى، ئۆزگەرمىدى. بۇ چىملان تۇپراق زېـ
مىندا جاراڭلاپ تۇرغان پېشايۋانلىق خىش
ئۆيلەر، چىرايلىق ئايلاندۇرۇلغان خىش
تام، چاققانغىنە، نەقىشلىك قىلىپ ياسالـ
غان زەڭگەر سىرلىق قوش ئانات، مىس ھالـ
قىلىق دەرۋازا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇ
ئازادە، پاكىز ھويلىدا ئىككى يىل ئىلگىـ
رى دەم ئېلىشقا چىققان، يېشىغا ئون ئۈچ
ئايلىق مائاش ئالىدىغان پېشقەدەم ھۆكۈـ
مەت خادىمى نۇرسۇل بوۋاي ئۆزىنىڭ ياـ
ۋاش، بىراق سەل ئاڭقاۋراق مومىيى ۋە
كەنجى ئوغلىنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن
بىرگە ياشايدۇ. توغرا، ئاشۇ ئېيتماقتا
ئاسان، ئەمما مۇساپىسىنى باسماق مۈشـ
كۈل بولغان ئاتمىش يەتتە يىلدا، بۇ قەـ
دىردان دەريانىڭ بويىدىكى كۆچۈم مەھەلـ
لىدە زامانغا ئەگىشىپ ھەر تەرەپلىمە ئۆزـ
گىرىشلەر بولدى. قىياپەتمۇ، ئادەملەرمۇ
يېڭىلاندى. لېكىن دەريالا — بۇ تىلسىماتتەك
سىرلىق دەريالا ئاۋۋالقىدەك كۆۋەجەپ،
سوغۇلماستىن بىر خىلدا ئاقماقتا ئىدى...

2

نۇرسۇل بوۋاي بۈگۈنمۇ كۈندىكىدەك
بالدۇر ئويغىنىپ كەتتى. ئادەم قېرىغاندا
ئۇيقۇدىن قالىدىكەن. ئۇمۇغۇ بىر سەۋەب
بولغىيدى، بىراق بوۋاينىڭ بۇ قېرىلىققا
خاس ئادىتىگە بىر ئايدىن بېرى يەنە بىر
يېڭى ئۆزگىرىش، غەلىتىلىك قوشۇلدى. ئۇ
ھازىر ئىلگىرىكىدىنمۇ سەھەرچى بولۇپ
كەتتى. تېخى تاڭنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن خېلى
ئىلگىرى — باش توخۇ چىللاش بىلەن تەڭـ
لا بېشىنى ماموق ياستۇقتىن يۇلۇپ ئاـ
لاتتى - دە، يېنىدا يانچە بولۇپ، قوينىڭ
قوزىسىدەك مۇلايىم تۈستە پۇشۇلداپ ئۇخـ
لاۋاتقان، سەل كەم يېرىم ئەسىرلىك قەدىـ
ناسىنى ئويغىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، كىـ
يىملىرىنى ياش يىگىتتەك چاققانلىق بىـ
لەن كىيەتتى - دە، كۈمۈش رەڭ تاماكا قۇـ
تىسى بىلەن سەرەڭگىسىنى ياستۇقنىڭ تېـ
گىدىن ئېلىپ، ساپما كەشىنى سىلىق شىـ
پىلداتقىنىچە تالاغا چىقاتتى. كېچىچە
ئۇنىڭ چۈشىدە ھەمراھ بولۇپ چىققان ئانا
دەريانىڭ تىنچىماس ئاۋازى ئۇ ئىشىكنى
ئېچىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، سۈرەن

سىلىپ قۇلىقىغا ئۇرۇلاتتى. بوۋاي بولسا خۇددى ئاشۇ ئاۋازنى يەنىمۇ ئىرچۇقراق، ئۈنلۈكرەك ئاڭلىماقچى بولۇپ ئالدىرىغاندەك، سوقماق يول بىلەن دەريا بويىغا قايراپ كېتەتتى. قاپقاراڭغۇ بوشلۇق ئىچىدە ئۇ دەريانى، پەقەت دەريانىلا كۈچلۈك بىر تەسەۋۋۇر كۆزى بىلەن ياققال كۆرۈپ تۇراتتى. شۇنداق، ھەتتا دەريانىڭ ھەر بىر كىچىك قايناملىرىغىچە ئۇنىڭ كۆزىگە نامايان بولاتتى. شۇ تەرىقە بۇ قەدىمىي دەريانىڭ ئوت - چۆپ ۋە گۈللەر چىرمىشىپ كەتكەن قىرغىقىدا كېچە ئىلاھىدەك قامەت ئىككىلەپ تۇرغان نۇرسۇل بوۋاي ئاقىرىپ كېلىۋاتقان تاڭنى ئاشۇ بىر ئايدىن بېرى چىڭگىشىلىشىپ كەتكەن يىپقا ئوخشاپ قالغان تاقەتسىز دىمىنى كەسكۈچى، يۈرەكنى يۇنۇغۇچى خىياللارغا غەرق بولۇپ كۈتۈۋالاتتى. گۈزەل ۋە يېشى بىر سەھەر نازاكەتلىك قول بىلەن كائىنات سەھنىسىدىن قارا مەخمەل پەردىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا قىزغۇچ شايى پەردىنى ئاساتتى. ئەزىم دەريانىڭ كۆز يېتىم يەردىكى نېرىقى قىرغىقى بوۋاينىڭ كۆزىگە ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ نۇرلۇق بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىرلىق، ئەمما يېقىملىق قۇچىقىغا چىللاپ ئۈنسىز، غايىبانە تىل بىلەن نېمىلەرگىدۇر ۋەدە بېرەر ئىدى.

بۇنداق چاغلاردا نۇرسۇل ئاتا نېرىقى قىرغاققا ئۈزۈپ ئۆتۈشنى، ئۇ يەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ناتونۇش ۋە شۇكلاشقىنمۇ قىزىقارلىق يېڭى چۆپ - گىياھلار، تاشلار ۋە ئىزلارنى تاماشا قىلغۇسى كېلەتتى. شۇنداق چاغلاردا پەقەت يۈز مېتىرچىلا نېرىدىكى ئۇ قىرغاق مۇشۇ دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ، قول يەتمەس ياشلىقىنىڭ... قىرغىقى بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئاتمىش يەتتە يىللىق ھاياتىدا تالاي - تالاي قېتىم ئۆتكەن، كۆرگەن، چۆپلىرىنىڭ ئۈستىدە دومىلاپ ياتقان، ئۆلپەتلەر بىلەن قارىغايلار ئارىسىدا كاۋاپدان تىككەپ، ناخشا توۋلاشقان ئاشۇ نېرىقى قىرغاق، شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ بايىقى ئەنسىز، مۆڭلۈك، باشقا ئادەمگە ئېيتقىلى بولمايدىغان ئوي - پىكىرلەر، ئارمانلار بىلەن يېنىپ تۇرغان قەلبىنى تېخىمۇ قوزغىتىپ، بۇژغۇتۇپ، ئېيىق تاپنى چىلانغان ھاراقنى ئىچىۋالغان ئادەمدەك بوۋاينى تېپىرلىتىۋەتتى.

نۇرسۇل بوۋاي ئاشۇ ئاجايىپ خىياللىرى، شۇ يانغىن كەيپىياتى بىلەن بۈگۈنمۇ سەھەر مەلىكىسى ئالەمنى نازلىق سۆيگەنگە قەدەر بۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ، مۇھەررەمخان ھەققىدە نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى.

3

گەپنى ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدىن باشلىغىنىمىز تۈزۈك. ئۇ چاغدا ئون يەتتە ياشلىق، كېلىشكەن يىگىت نۇرسۇل بىر تەرەپتىن، شەھەردىكى بىردىنبىر ئەرلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، «سانايى نەپىسە» دەيدىغان مەھەللىۋى سەنئەت ئۆمىكىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

روسۇل سالچىنىڭ قوشنىسى تاتار مۇئەللىم — ئىساق ئەۋزى جاپاكەش سالچىنىڭ دۇنيالىقتا يالغۇز ئوغلىنىڭ ھوش-كاللىسىنىڭ جايىدىلىقىنى، بالا يەتتە ياش-

قا تولماي تۇرۇپلا بايقىغانىدى. ئەۋزىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئويىنايدىغان نۇرغۇن ئۇششاقلار ئارىسىدا پەقەت مۇشۇلا، تاتار قىزلىرىنىڭ چاقماقتەك دىكلاماتسىيە قىلغان شېئىرلىرىنى دەررۇ تۇتۇۋالاتتى ۋە كەم سۇردىسا شۇنىڭغا خاتاسىز يادا ئوقۇپ بېرەتتى. ئەۋزىنىڭ بۇ ھەقتىكى باھاسى بورانلاردا پىشىپ كەتكەن تۇك-گەرى سالچى روسۇلنى تازىمۇ خۇشال قىلدۇەتتى. ئۆزىنىڭ چەككەن رىيازەتلىرىنى بالىسىغا مىراس قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، خىياللىنىپ يۈرگەن روسۇل سالچى تاتار قوشنىسىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئوغلىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردى. شۇ پېتىچە نۇرسۇل باشلانغۇچنى، كېيىنچە بولسا ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇدى. يېشى ئۇلغايغانسېرى بالىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى قابىلىيىتى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ناخشىمۇ ئېيتاتتى، دۇتارنىمۇ ئوبدان چالاتتى. بولۇپمۇ ئادەم دوراشقا چېۋەر ئىدى. كېيىنچە، «سانايى نەپىسە» نىڭ مەسئۇلىغا نۇرسۇلنىڭ ئىقتىدارى يېقىپ قالدى-دە، پۈتۈن شەھەرگە داڭقى چىققان، مەھەللىۋى خاراكتېرنى ئالغان سەنئەت ئۆمىكىگە نۇرسۇل يېڭى ئارتىس بولۇپ قوشۇلدى. ھەممە دەرد مانا شۇنىڭدىن باشلاندى.

ئۇ زامانلاردا خانىم-قىزلارنىڭ سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىگە قاتنىششى مۇشكۇل بىر ئىش بولۇپ، پەقەت ئايرىم ساندىكى جۈرئەتلىك، جەسۇر قىزلارلا ھەر خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ، دەردلەرنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ سەنئەت ئۇيۇشمىلىرىغا قاتنىشاتتى. نۇرسۇل سەھنىلەردە ئەل-يۇرتقا خېلىلا تونۇلۇپ يۈرگىنىدە ئۆمەككە مۇھەررەم ئىسىملىك، چىرايلىقلىقىدىنمۇ كۆرە يېقىملىق، بىر ناخشىچى قىز قېتىلدى. قىز كېلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتە-ئۆتمەيلا نۇرسۇل بۆلەكچىلا بىر ئىنسان بوپقالدى. ئۇ ئەمدى ناخشىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ يېقىملىق ئېيتاتتى. دۇتارنى بولسا پەقەت مۇڭلۇق-مۇڭلۇق پەردىلەرگىلا چالاتتى. قىزىقچىلىقى نەگىدۇر غايىب بولدى.

مۇھەررەم بىلەن نۇرسۇل ئىككىسىنىڭ سىرلىق، شېرىن مۇھەببىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. قىز يىگىتكە، يىگىت قىزغا ئۈنسىز، نازلىق، مەنىلىك بېقىشلار ئارقىلىقلا مەپتۇن، مەھلىيا بولۇپ قېلىشقانىدى. ئۆمەك ئىچىدە ئۇلار گويا ئاداۋىتى بار ئادەملەردەك بىر بىرىدىن يىراقلىشىپ يۈرۈشەتتى. پەقەت ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم، ئۆزلىرى كېلىشىۋالغان ئاشۇ خىلۋەت جايدىلا ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى. ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق بىر-بىرىگە دۇچ كەلتۈرۈپ قويغان سەنئەت ئۆمىكىگە، شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتتىكى ئاشۇنچىلىك بولسىمۇ ئىقتىدارلىرىغا رەھمەت ئېيتىشاتتى.

بىر يىلدىن كېيىن نۇرسۇل ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاقارتىش ئىشخانىسىغا كاتىپلىققا ئورۇنلاشتى. «سانايى نەپىسە» گە ئوخشاش مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىمۇ مانا مۇشۇ ئورۇن باشقۇراتتى. نۇرسۇلنىڭ خىزمىتىگە ئۇنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك روسۇل سالچى خۇشال بوپكەتتى.

— سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل چىققىنى دېگەن مۇشۇ. ياراتقان ئىگىسىگە مىڭ قەتلە شۈكرى! — دەيتتى ئۇ يېنىش-يېنىشلاپ.

هاياتتا قوشلاپ ۋە ياردىشىپ كەلگەن
خۇشاللىق ئاز بولىدۇ. نۇرسۇل مەدەنىيەت
خادىمى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن مۇھەر-
رەم «سانايى نەپىسە» گە قاتنىششتىن
مەھرۇم بولدى. مۇھەررەمنىڭ يۇرت كې-
زىپ سودىگەرلىك قىلىدىغان ئاتىسى جەنۇب
تەرەپتە ئىككى يىل تۇرۇپ قايتىپ كەل-
گەندە، ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى
مۇھەررەمنىڭ ئانىسىنى راسا دۇمبالاش ۋە
ئەل - جامائەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ «تاغدەك

ئىناۋىتىنى تېرىقتەك قىلىپ، شەيتانىغا
شاگىرتلىققا كىرگەن، ھۆسنى بولغان بى-
لەن ئەقلى يوق» قىزىنى مەھكۇمخانىغا
بەند قىلىش بولدى. يەنە بىر يىلدىن
كېيىن مۇھەررەم ئۆزى زادىلا خالىمايدى-
غان، ناخشا ئېيتقان يەردە دوپپىسى چۆ-
شۈپ قالسا، خەققە پۇل بېرىپ ئېلىپ
چىققۇزىدىغان شىراجى دەيدىغان دۇكان-
دارغا ياتلىق قىلىندى.

4

نۇرسۇل بوۋاي بۈگۈن دەريا بويى-
دىن كېلەلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان
ئورنىدا تاماكا قالدۇقلىرى تېرىلىپ يا-
تاتتى. شاۋقۇنلۇق، سۇرۇلگەن زۇمرەت
ئېقىن گويا بوۋاينىڭ كۆڭۈل دەردلىرىنى
بىلىدىغاندەك، ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولۇش-
نى خالايدىغاندەك شارىلدايتتى. يۇقىرى
تەرەپتىن ئارىلاپ گاھى يىلتىزى بىلەنلا
قومۇرۇلغان ياش قارىغاي دەرىخى، گاھى
سىپتا ئاقلىنىپ، بىر ئۇچى قازاق كەكىسى
بىلەن تېشىلگەنلەر، گاھىدا بولسا قۇچاق
يەتمەس قىلىپ باغلانغان قېيىن شاخلىرى
بىردە چۆكۈپ، بىردە لەيلەپ كېلەتتى.
شۇنداق، ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ تىنىمسىز ئاق-
قان دەرياغا ئوخشايدۇ. دەريا ۋە ھايات،
ئۇ ئىككىسى سىڭدىن ئوخشاشلا ئىجازەت
سوراپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆز يولى بىلەن
ئېقىۋېرىدۇ. مۆرىتى كەلسە قارا كۈچ
بىلەن دەريا سۈيىنى توختىتىش، بۇراش
مۇمكىن. بىراق ھايات ئېقىنىنى، ھايات
دەرياسىنىڭ سۈيىنى بولسا ئېقىشتىن توخ-
تىتالمايسەن. نۇرسۇل بوۋاينىڭ ھايات
دەرياسى ئاتمىش يەتتە يىل ئەنە شۇنداق
ئېقىپ ئۆتتى. بۇ ئېقىندا بولسا خىلمۇ-

خىل نەرسىلەر گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ
دېگەندەك ئېقىپ ئۆتتى. گاھىلىرى سال-
ماقلىق، ئۇنتۇلماس شېرىن خاتىرىلەر،
گايىلىرى يۈرەكنى تىرنىلغۇچى ۋە ئۇمۇ
ھەم ئۇنتۇلمايدىغان ئاچچىق ھەسرەتنىڭ
ئېقىندىلىرى. نۇرسۇل بوۋاي ئۆز ھايات
دەرياسىنىڭ ياشلىق پەيتىدىكى ئاشۇ شوخ
ئېقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا شۇنچە
ئۇزاق تىنچ، ئەمما بۇرۇختۇم، لايىقا ئې-
قىنىدىن رازى بولغىنى يوق. ئالەمگە
كېلىپ - كەتكەن مىليونلىغان ئىنسانلارغا
ئوخشاش ئۇمۇ ھاياتتا كۈتكەنلىرىگە ئېرى-
شەلمىدى، ئېرىشكەنلىرىدىن بولسا رازى
بولمىدى. بۇنىڭدىن قىرىق بەش يىل
ئىلگىرى ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەن
شىرەم تۇغقىنىنىڭ خەدىچە ئىسىملىك كەم
سۆز، ئاش - تاماققا چىۋەر بىر قىزىغا
ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىيىگە
باش قويدى. سەنئەت ۋە ئۇنىڭغا بولغان
ئىشتىياقى توپەيلى بولسا كېرەك، ئۆز
زامانىسىدىكى، ئۆز يۇرتىدىكى نۇرغۇن يە-
گىتلەردىن بۆلەكچىرەك بىر ھېسسىياتقا،
كۆڭۈلگە ئىگە نۇرسۇل ئۇچۇن توي قى-
لىشنىڭ زۆرۈرىيىتى گوياكى بىرىنچى توي

كېچىسى ئۈچۈنلا بولغانىدەك تۇيۇلغانىدى.
شۇنداق، ئاشۇ كېچىسى ئۆزىنىڭ ئادەم-
لىك، ئېنىقراقى بىر ئەركەكلىك مەسئۇل-
يىتىنى ئادا قىلدى. لېكىن نېمىشقىدۇر
خەدىچەنىڭ يىلىم سۈركەلگەن بېشىنى
تەسەللايى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، كۆز
ئالدىغا مۇھەررەمنىڭ زىباھا ھالىتىنى ئې-
سىگە ئالدى. قاراڭغۇلۇقتا ئۆزىگە ھەشقى-
پىچەكتەك چىرمىشىپ كېتىۋاتقان قىزنى
بىر لەززەت تۇيغۇسى ئەركىلىتىۋېتىپ
«مۇھەررەم جېنىم!» دېپسالدى. غەلىتى
ئىسمىنىڭ مەنىسىنى، بۇ ئۆمسە چاقىرىش-
نىڭ سەۋەبىنى خەدىچە بىلمەي، چۈشەن-
مەي قالدىمۇ ياكى بىلسىمۇ بىلمەسلىككە
سالدىمۇ ئەيتاۋۇر يەنىلا كەم سۆزلۈكنى
قىلدى. بىراق ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلى-
دى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ
ھازىرقى ئەمەلدار ئوغلى ئاسىل تۇغۇلدى.
ئەنە شۇ تەرىقىدە قىرىق بەش يىل
ئۆتتى. كەم سۆز، ياۋاش خەدىچە ئارقا-
ئارقىدىن يەنە ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى.
بۇ تارىخمۇ ئۇزۇن ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى
نۇرسۇل ئاتا ئۆيىدىن، ئايالىدىن توغرىسى
ئۆزىنىڭ شۇ ھالىدىن بىزار بولۇش، سو-
ۋۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. خەدىچىخان ئېرى-
نىڭ ئۆزىگە ئۇچلۇقىنى كۆلۈپ قارىغان
ۋاقىتلىرىنى بارماقتا ساناپ بېرەلەيتتى.
بوۋاي غەلىتە مىجەزلىك ئىدى. قېرىلىق
يېتىپ مۆكچەيگەن مەزگىللىرىدىمۇ ئۇنىڭدا
كېچىلىرى مەشۇقلىرى بىلەن ۋەدىلەشكەن
ئۆستەڭ بويىغا چىقىدىغان يىگىتلەردە
بولىدىغان بىر تۇيغۇ كەم بولمايتتى. ئۇ
ئۆمۈر بويى تاماكا، ھاراقتىن ئايرىلماي
ئۆتتى. مانا ھازىرمۇ مۇنۇ دەريانىڭ چى-
رايلىق قىلىپ سېلىنغان كۆۋرۈكى يېنىدى-
كى بوتكا دۇكانلارنىڭ بىرەرسىگە بېرىپ
ھەر كۈنى بىر - ئىككى رومكا قېقىۋالىدۇ
ياكى ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا
«تىنك ئاتىدۇ»، ئاندىن كېيىن بولسا
ئايالىنىڭ كۆيۈنۈپ قىلغان نەسىھىتىگە،
نە كەنجى ئوغلىنىڭ ئوماق قوشكېزەك
بالىسىنىڭ چۇۋۇلداپ تىزىغا يېپىشىشلىرىغا
پەرۋا قىلماستىن ئاشۇ توختىمايلا ئاقىدى-
غان دەريانىڭ بويىغا بېرىپ سائەتلەپ
ئۇ قاتقا قاراپ ئولتۇرىدۇ. مانا، بۈگۈنمۇ
يەنە شۇنداق ئولتۇرغىنىغا ئىككى سائەتچە
بولدى. دەريا گويياكى كەچ قالغان سە-
پەرچىدەك ئىتتىك ئېقىپ ئۆتمەكتە.
ئەتراپتىكى مەھەللىداشلارمۇ ئالدىراش
ھالدا ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ.
لېكىن بىرلا نۇرسۇل ئاتا ئالدىرىمايدۇ.
ئۇنىڭ ئاتمىش يەتتە يىللىق ئالدىراشچى-
لىقتا ئۆتتى. ئەمدى ئالدىرايدىغان ئىشى
قالمىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ دەم
ئېلىشقا چىقتى. بىر ئۆمۈر ئىدارە خىز-
مىتىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى.
مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى روناق
تاپقۇزۇش يولىدا ئەجىر سىڭدۈردى.
بۆلۈم باشلىقى بولدى. لېكىن ئۇ مەن-
سەپكە، يۇقىرى ئۆرلەشكە قىزىقمىدى.
ئۇنىڭغا قارىغاندا بوۋاينىڭ تۇنجى ئوغلى-
نىڭ ئاشۇنداق ئىشلارغا ئېپى بار چىقتى.
باشقارما دەرىجىلىك كادىر بولسىمۇ، يەنە
دائىم ئويلايدىغىنى يۈز - ئابروي تېپىش
ئىدى. ئۇ شەھەر، ۋىلايەت، ھەتتا ئاپ-
تونوم رايوندىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى-
نى دېگۈدەك تونۇيدۇ ياكى بولمىسا ئىس-
مىنى يادقا بىلىدۇ. يۇقىرىدىن بىرەر
ئەمەلدار بۇ شەھەرگە كېلىپ قالسىلا،
ئالدى مېھمانخانىنىڭ دەرۋازىسىدا جېسەك-

چېلىكتە تۇرىدۇ، ئۆيىگە باشلايدۇ. بوۋاي-
مومايىنى ئاردىلاپ كۆرگىلى كەلىمىسە مەيـ
لىكى ئەمما باشلىقلارنىڭ سوئىمىدىن چىقـ
مايدۇ. ئاتا - ئانىسىغا بىر تەڭگىلىك سارىم
ئالمىنى ئەكىلىشكە ئىچى ئاغرىيدۇكى،
ھېلىقىدەك كاتتىلارغا قوي سويىدۇ، كىمـ
لەرنى دوراپ قالىدىكىنىتاڭ بۇ بالا ...
نۇرسۇل بوۋاي ئاشۇ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىـ
رى تۇپەيلى ئەمەلدار ئوغلى بىلەن نەچچە
قېتىم دېيىشتى، ھەتتا قىزىرىشىپمۇ
قالدى. مانا ئىزنىڭ ئۆزى ئىككى يىل
ئىلگىرى خىزمەتتىن ئايرىلغىنىدا مەدەنىـ
يەت باشقارمىسىدىكى ئىشداشلىرى كاتتا
بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، بوۋاينى قىيالماستىن
ئۇزىتىپ قويۇشتى. مەدەنىيەتكە مەسئۇل
مۇئاۋىن ۋالىيمۇ بەزمىگە ئىشتىراك قىلدى.
بەزى ئايال خىزمەتداشلىرى ھەتتا ئۇنىڭغا
تىلەك سۆزى قىلىۋېتىپ، كۆز يېشى قىلىشـ
تى. ئۇنىڭ بۆلۈم باشلىقلىق مەنسىپىنى
ئۆتكۈزۈۋالىدىغان، شائىرلىقتىن تاماسى بار
ياش يىگىت، مۇيەسسەرتكە ئاتاپ يازغان
قەسىدىسىنى ئوقۇۋېتىپ خۇشاللىقىدىنمۇ
ياكى ھەقىقىي قىيالماسلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر
يىغلىۋەتتى. ياشىنىپ قالغان نۇرسۇل بو-
ۋاي شۇ كۈنى بىرىنچى قېتىم ئاشكارا
مەست بولدى. ھەتتا يىگىتلەرگە لايىق
يېنىكلىك بىلەن «مەن خىزمەتتىن چېكىنـ
دىم، لېكىن مۇھەببەتتىن چېكىنمەيمەن!»
دېدى. ئەتىسى بولسا ئۇۋۇنىسىدىن ئايرىلغان
قۇشقاچتەك كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا،
ئاچچىق سوغۇق يەپ ئاشۇ قەدىرلىك، دەر-
يانىڭ قىرغىقىدا ساق بىر كۈن ئولتۇردى.

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى بو-
رانلىق بىر كۈنى، دەريا بويىغا ئانچە
يىراق بولمىغان «تاش ئوردا» دېگەن
مەھەللىدە ياش - قۇرامى نۇرسۇل ئاتىدىن
چوڭراق بىر مۇيەسسەرت ۋاپات بولدى.
نۇرسۇل ئاتا ھازا كۈنى مەرھۇمنىڭ با-
ياشات، قەۋم - جەمەتلىك ھويلىسىدا قاتار
قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا نۆۋەتلىشىپ ئول-
تارغان پەتىچىلەر ئارىسىدا ئۇزاقىچە
ئولتۇرۇپ، ئايال ھازىدارلار يىغلىغان
ئۆينىڭ ئىشىكىگە خۇپىيانە تەلمۈردى. ئۇ
يەردە مۇھەررەمخان ئىسىملىك بېشىغا ئاق
چىككەن ھازىدار ئايال بار ئىدى.

نۇرسۇل بوۋاي ئۆمۈر بويى «تاش
ئوردا» مەھەللىسىنى ئالەمدىكى ئەڭ ئېسىل
كوچا ھېسابلاپ كەلدى. ھەتتا پېنسىيە
يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردىمۇ ئۇ
«تاش ئوردا» مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ قالسا،
يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېغىپ كېتەتتى.
تالاي - تالاي قېتىم شىر كەيىپ ھالدا
بازاردىن يانغىنىدا، مەسخۇش كۆڭلىنىڭ
ئەمرىگە ئەل بولۇپ، شۇنچە يولىنى ئار-
تۇق بېسىپ «تاش ئوردا» ئارقىلىق دەريا
بويىدىكى كۆڭۈلسىز خانىسىگە قايتاتتى.
ئاللىقاچان مومايغا ئايلانغان ئاشۇ جانىنى
كوچا - كويلاردا، نەزىر ياكى توي - تۆ-
كۈنلەرگە بېرىپ قايتقان ئاياللار توپى
ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈپ قالسا، ئاشۇ
كېچىسى دەريا بويىدا تۈنەپ، ئاچچىق -
ئاچچىق چېكىپ چىقاتتى. بۇنداق چاغ-
لاردا خەدىچەخان تېخىمۇ شۈكلىشىپ، ئې-
رىنىڭ ھالىغا پايپېتەك بولۇپ، قىلمىغان
قىلىقى قالمايتتى - يۇ، بىراق بۇ غەلىتى
بوۋاي يەنىلا چىرايىنى تۈزۈكرەك ئېچىپ،
قىرىق بەش يىللىق جورىسىنىڭ مېھرىنى
قوبۇل قىلالاي دېمەيتتى. ئەنە شۇ تەرىقىدە
ئايلار كەينىدىن ئايلار ئۆتتى.

5

«تاش ئۇردا» مەھەللىسىدىكى ھېلىقى
جىنازا چىققان ھويلىدا بىر ھەپتە ئىلـ
گىرى مەرھۇمنىڭ يىل نەزرى بېرىلدى.
شۇنىڭ بىلەن ھايات يەنە ئۆز قىنىغا
چۈشۈپ، رەھمەتلىك سودىگەر شىراجىنىڭ
ئوغۇل - قىزلىرى ئىرىكچىلىكىنىڭ كويىغا
چۈشۈپ كېتىشتى. «زەپىمۇ زەپ، ئۆلگەنـ
گە زەپ» دېگەندەك، بۇ ھەشەمەتلىك
ھويلىدا سەبىلەرنىڭ كۈلكىسى، كېلىنـ
لەرنىڭ تاقىلداق قەدەملىرى ۋە كىيىم
جېدىلى قىلىشقان چۇقانلىرى، ئۇنىڭغا
بولسا شوخ ناخشىلار ئاڭلىنىدىغان بولدى.
مۇھەررەم ئىسىملىك ھېلىقى ھازىدار
بولسا، بۈگۈن بېشىغا قايتا تاڭغىنىغا بىر
نەچچە كۈن بولغان سىپايە گۈللۈك كەشـ
مىر ياغلىقىنى پات - پات ئوڭشاپ، ھاڭغىرـ
قاپ، ياسىداق ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تىزـ
لىرىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۈچىنچى قېتىم
پەتگە كېلىپ كەتكەن بىر كىشى ھەققىـ
دە ئويلىنىپ ئولتۇراتتى.

ھايات يولىنىڭ ئەگرى - توقايلىقلىرى
مۇھەررەمخانىنىمۇ ئاز ئازابلىمىدى. ئۆز
كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا خىيال سۈرگىـ
نىدە ئۇنىڭ يادىغا ئەڭ دەسلەپ بولۇپ
«سانايى نەپىسە» دېگەن بىر شېرىن
ئاتالغۇ كېلەتتى. بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ ئەڭ
كۆركەم كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان
ئاشۇ بۇلبۇللار بېغى كىمنىڭمۇ يادىدىن
كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيسىز؟ بولۇپمۇ ئاشۇ
قارچىغىنىڭكىدەك ئالمان كۆزلىرى
بىلەن يۈرەكنى زىدە قىلىۋېتىدىغان ھېلىقى
ناخشىچى يىگىت نۇرسۇلچۇ؟ مۇھەببەتـ
لىشىش، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ مېڭىش
دېگەنلەر تېخى ئىسكەنجىدە تۇرغان ئاشۇ
زامانلاردا ئىككى نوتاجان ئۈچۈن پىنھان
ئۇۋا بولغان ھېلىقى ئالمىلىق باغ ئارىسىدا
ئاي قەدىم زاماندىن بېرى بىر خىل تۆـ
كۈپ كېلىۋاتقان نۇرىنى يەنە سېخىيانە
تۆككىنىدە، بۇلبۇللارمۇ ئەندىكىپ ئەندىكىپ
مۇھەببەت كۈيلىرىنى ياڭراتقىنىدا، ئۇ
تەمبەل، ھېسسىياتلىق يىگىتنىڭ جىگىدە
پۇراپ قالغان قىز كۆڭلىنى تېخىمۇ مەھـ
لىيا قىلىپ مەھكەم قۇچاقلاپ، بېسىپ -
بېسىپ سۆيگەنلىرىنى مۇھەررەم ئىسىملىك
شۇ جان ئىگىسى ھازىر يىللارنىڭ بويۇنـ
تۇرۇقىدا سوغۇلغان تېنىدە ئەمەس، مەڭگۈ
بىر خىل تېپىچەكلەپ تۇرىدىغان سەنئەتـ
لىك، مۇھەببەتلىك يۈرىكىدە قىممەتلىك
خاتىرە سۈپىتىدە ئۆز پېتى ساقلاپ
كەلمەكتە.

كېيىن ھايات ئۆز خاھىشى بويىچە
قىلغۇلۇقلىرىنى قىلدى. ئۆزىدىن ئون ياش
چوڭ، سودا بىلەن پۇلنىڭ كېپىدىن
باشقىسىنى ئەخمەقلىق دەپ ھېسابلايدىغان
شىراجى دېگەن ئەردىن تۆت ئوغۇل، بىر
قىز تۇغدى. ھايات مۇھەررەمخان ئۈچۈن
بىر خىل كۆڭۈلسىز مەجبۇرىيەت ھېسابـ
لىنىپ كەلدى. شىراجى ھەر كۈنى ئاخـ
شىمى پۇللىرىنى ساناپ - قاتلاپ، قول ياغـ
لىقىغا چىگىپ، نەلەرگىدۇر يوشۇرغاندىن
كېيىن، مۇھەررەمخانغا قاراپ سىرلىق
كۈلگىنىچە پىخىلداپ تۇرۇپ ئاۋۋال ئۆـ
تۈكى، ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىشقا
باشلايتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇھەررەمـ
خانىڭ تېنىگە بەزگەك ئادەمنىڭكىدەك
تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىـ
لاتتى ... ھازىر تۆت ئوغۇل سودىگەرلەر
سورۇنلىرىنىڭ گۈلى، سودا بازىرىنىڭ

سەردارلىرى بوپقالدى. پەقەت قىزىلا، يەنى تۇنجى پەرزەنتى ئانىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى بولدى. هازىر ئۇمۇ شۇ شەهەرنىڭ پېشقەدەم «باغۋەن»لىرىدىن بىرى بوپقالدى. ئېرىمۇ ئۆزى بىلەن كەسىپداش، بەكمۇ ئېسىل ئادەم. قىزىنىڭ بېشىغىمۇ ئانىنىڭ سەۋداسى كەلگەنىدى. يەنى ئۇ ئۆزى بىلەن بىر مەكتەپتە خىزمەت قىلىدىغان ئاتاسى يوق مۇئەللىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. شىراجىنىڭ قىزىنى يالاڭتۆش ئەپەندىگە هەرگىز بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۆزىنىڭ جەزبىلىك چىرايى بىلەن ئەرنى يېپىسىز باغلىۋالغان ئايالى مۇهەررەمخان جېدىلىنىڭ ئارىسىغا جان تىكتى. شۇ چاغدا نېمىشقا شۇنداق قىلىدى؟ يەنە كېلىپ ئۆزىمۇ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ، تازا ياقتۇرۇپ كەتمىگەن ئاشۇ يىگىتكە قىزىنى بېرىشكە رازى بولغانلىقىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنى مۇكەررەم نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا بىلدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئانىسىنى تۇنجى قېتىم قاتتىق رازىمەنلىك بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيدى. كۆزىگە ياش ئالدى. هازىر ئۇ تۇرمۇشتا ناهايىتى بەختلىك...

نۇرسۇل بوۋاي مەرهۇمىنىڭ يىل نەزىرىدىن بىر ئاي ئىلگىرى كەلگىنىدە مۇهەررەمخانىنىڭ مول نېمەتلىك داستىخىنىدا تويپتوغرا ئىككى سائەتچە ئولتۇرۇپ قالدى. مۇهەررەمخان شۇ كۈنى دەسلەپتە بوۋاينىڭ ئېيتقان سۆزىدىن چۆچۈپ، هەتتا هوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى. كېيىن هەر هالدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، شۈكلىشىپ كەتتى. تاكى بوۋاي قوزغالغىچە لام-جىم دېمىدى. نۇرسۇل بوۋاي كېلىپ كەتكەن ئاخشىمى بولسا ئۇ خىيال ئىسكەنجىسىگە قامىلىپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

بۈگۈن مۇهەررەمخان ئورنىدىن بۆلەكچىلا بىر كەيپىياتتا قوپتى. قەپەسكە چۈشكەن قۇشتەك ئەنسىز تېپىرلاۋاتقان يۈرىكىدىن گاه كايىپ، گاه ئەجەبلىنىپ خىيال بىلەن كۈننى چۈش قىلىۋەتتى. بۇ كەڭ، ئاۋات هويلىدا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىككىسى مۇهەررەمخانغا هەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ. ئىككى ئۆيدىن ئىككى قىزچاق ئۇنىڭ بىلەن بىللە قونۇشىدۇ. ئوغۇللار مەكتەپتە ئوقۇمىغان بىلەن ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدۇ. هېسابقا، ئوقەتلىرىگە مىقتا. كېلىنلەرمۇ پات-پات بىر-بىرسى بىلەن ئارازلىشىپ قالىدىغانلىقلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئىشقىلىپ ياخشى. باياشات تۇرمۇش بۇ كاتتا قورۇنىڭ كەم-كۈتسىز بىر ئاساسلىق هۆسنى، لېكىن جۈپتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئەمەس، باشقىچە بىر سەۋەب بىلەن ئاراسىزلىنىپ قالغان مۇهەررەمخانلا شۇ بىر ئايدىن بېرى شاد-قۇۋناق ئەمەس. ئېسى هېلىدىن-هېلىغا بايىقى پەتىچىگە، ئۇنىڭ تۈزلا قىلىپ ئېيتقان پارىڭىغا، شۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى ئاجايىپ كۈنلەرگە كېتىپ قالاتتى. نۇرسۇل بوۋاي ئۇنىڭغا نەزىردىن كېيىن يەنە كېلىدىغىنىنى ئەسكەرتىپ كەتكەنىدى. نەزىر كۈنى مۇهەررەمخان ئۇزاۋاتقان ئەرلەرگە ئاشخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن بىرنەچچە قېتىم قارىدى. نۇرسۇل بوۋاي ئۆز قەرەلىدە كېلىپ، مەرهۇمىنىڭ نەزىر پولۇسىنى يېدى

ھەم ئىخلاس بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ جايىغا جەننەت تىلەپ كېتىپ قالدى. مانا، بىر - ئىككى كۈندىن بېرى مۇھەررەمخاننىڭ يادىغا بوۋاينىڭ ھېلىقى «كېلىمەن» دېگەن گېپى چۈشۈپ قالسىلا، ئىچىدە پىچىرلاپ «سەتلەشمىسە بولاتتى!» دەيتتى-يۇ، بىراق يەنە پات - پاتلا قوشتاناتلىق دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قالاتتى.

چۈشتىن كېيىن مۇھەررەمخان يەنە يالغۇز قېلىپ، بايىقى خىياللىرى بىلەن پېشايۋاندا ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرغىنىدا دەرۋازىدىن نۇرسۇل بوۋاي سالاپەتلىك مېڭىپ كىرىپ كەلدى...

6

نۇرسۇل بوۋاي بىر ھەپتىدىن بېرى تىلىنىڭ ئۇچىغا نەچچە قېتىم ئەكىلىپ، يەنە قايتۇرۇۋالغان گېپىنى بۈگۈن ئاخىر خەدىچىخانغا دەۋەتتى.

بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ خۇددى بىر يىل ئاغرىغاندەك جۈدەپ، ئورۇقلاپ كەتتى. ئاخىر بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەستە! بوۋاي مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئاش - نانىنىمۇ، ئۇيقۇسىنىمۇ تەرك ئەتمەكچى بولغاندەك ياكى بولمىسا دەريانىڭ قوينىدىن ماكان تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاشۇ پىشىپ يېتىلگەن كۆكاتلار، ھەر قىسما ياۋا گۈللەر ئىزغىرىدىن شامالدا باش لىڭشىتىپ تۇرغان قىرغاقتىن كېلەلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ سىرداش جايدا ئولتۇرىدىغان، خىيال سۈرىدىغان، تونۇش - سىرلىق ئېقىنغا چېكىتتەك تىكىلىپ - قادىلىپ ئولتۇرىدىغان سائەتلىرى ئاۋۋالقىدىن ھەسسىلەپ ئاشتى. چىرايلىق ياز كېتىپ، سېخى كۈز ئەمدىلەتىن ئۆزىنىڭ جامالىنى ئابرال تېغىنىڭ كەڭ كەگرى قاسناقلىرىغا توزدەك ياياي دەپ تۇرغان مەزگىل ئىدى. نۇرسۇل بوۋاي كۈزنىڭ خاسىيەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە باشلىغان قاغدال كۆكاتلارنى بېسىپ ئولتۇرۇپ تاماكىسىنى سەل قىڭغىر چىشلەپ، كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە دەريانىڭ كۆزلۈك ئېقىنىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى... ئاتمىش يەتتە يېشىدا، يەنى نۇرغۇنلىغان تەڭقۇرلار ئاخىرەتنىڭ كويىدا sاراسىمە بولۇشىدىغان ياشتا بۇ مويسىپىت بۆلەكچىلا بىر ھېسسىياتلارغا، مۇددىئالارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قېرىلىق ئەنسىزلىكى ئورۇن تاپالمىغان قەلبىدە قىرىق بەش يىل ئىلگىرى قوزغالغان ھېلىقى تۇيغۇلار ھامان ئوت بولۇپ يانماقتىدى. ئالدىدا بولسا نېمىلەرنىدۇر تىلسىز سادا بىلەن ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماقچى بولۇپ تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا... نۇرسۇل بوۋاي گۇۋاھ، ھەر يىلى بىر ياكى بىر نەچچە قىز مۇھەببەت دېگەن بۇ ئاجايىپ سېھىرلىك ئويۇننىڭ سەۋداسىدا يۈرەكنى ئەزگۈچى خەتلىرىنى قىرغاققا قالدۇرۇپ، مۇشۇ ھەيۋەتلىك ئېقىنغا ئۆزلىرىنى تاشلايدۇ، ئۇلاردىن پەقەت يىغا - زارە، ئارمان، پۇشايمان، تەنە، غەيۋەت... قېپقالىدۇ. ئاتمىش يەتتە يىلدىن بېرى نۇرسۇل بوۋاي ئاشۇنداق بىتەلەي بۇلبۇللاردىن نەچچىنى كۆرگەندۇر؟ ئۆزى نەچچىنى دەريادىن سۈزۈپ چىقىپ، ئاتا - ئانىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندۇر... بۈگۈن، دەل ئۆزىنىڭ ئاتمىش يەتتە يېشىدا بىر ئۆمۈرلۈك ھىجران لې-

ردىكىسىنى يادلاپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇ سۆيـ
گەن جۇپتىگە يېتىشەلمەي جاندىن كەچـ
كەن، بايقۇش دىلبەرلەرنىڭ ھالىغا يەتـ
كەندەك بولدى ...

نۇرسۇل بوۋاي ئاخىر خىياللىرىنى
چورتتىدە ئۈزۈپ، بىر سىرلىق، سېھىرلىك
تۇرتكىنىڭ كۈچى بىلەن ئورنىدىن دەس
تۇردى. كىيىم-كېچەكلىرىنى تۈزەشتۇردى.
يىللار داۋامىدا دەسسىلىپ، چىڭدىلىپ
ھاسىل بولغان سوقماق يولىدا گۈس-
گۈس دەسسەپ، ئاشۇ قەدىناس ھويلىسى-
غا، خەدىچىخان پىسىرلاپ يۈرۈپ تۆگـ
مەس كاكۇنچىلىقلار بىلەن مەشغۇل بو-
لۇۋاتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. بەش مې-
نۇتتىن كېيىن ئۇ ئۇنىڭسىزدۇ ئەنسىز-
لىككە چۈشۈپ، موكىيىپ، غەلىتە مىجەز
ئېرىدىن ئايلار، كۈنلەر بويى بىر ئېغىز
ياخشى پاراڭ ئاڭلىماي يۈرىدىغان خە-
دىچىخانغا راست گېپىنى ئېيتتى:

— قىرىق بەش يىل ئۆي تۇتتۇق،—
دېدى نۇرسۇل بوۋاي گەپنى نەق يەر-
دىن باشلاپ، — بۇ قىرىق بەش يىلدىن
بېرى مەندىن بىرەر قېتىم تىل، تاياق
كۆردۈڭمۇ؟ ياق دەمسەن؟ ئەلۋەتتە. بى-
راق مەندىن بىرەر قېتىم كۆڭلۈڭ سۇ
ئىچكۇدەك مۇھەببەتلىك پاراڭ ئاڭلىدىڭ-
مۇ؟ يېشىڭنى ئېقىتما خەدىچە، راست
گېپىڭنى قىل، ياق دېدىڭما؟ باردىكاللا،
تۆت بالىغا ئاتا-ئانا بولدۇق، تۆت ئارس-
لاندەك ئەزىمەت! ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى
ئىككىمىز ئۆي-ئوچاقلىق قىلەۋۇق، تۆتى-
سىلا كۆڭلى تارتقان، چۈشەنگەن قىزلى-
رىنى ئالدى. لېكىن مەنچۇ؟ ئۇلارنىڭ
دادىسىچۇ؟ يېشىڭنى ئېقىتما خەدىچە،
بىلىمەن، «سىزگە يەنە نېمە كەم؟ بىر
ئۆمۈر خۇيلىنىپ ئاھ ئۇرۇپ ئۆتتىڭىز،
‹قېرىغاندا قېرى تاتۇق› دېگەندەك ئەمـ
دى يەنە نېمىنى كۈتىسىز، بۇ پانى ئا-
لەمدىن؟» دەيسەن. باردىكاللا، تاق ئاشۇن-
داق بولغاچقا مۇشۇ پاراڭنى قىلىمەن.
سەن دېگەندەك خاموش، ھەمدەم خىيال
بولۇپ يۈرىمەن، ئەمدى ساڭا شۇنى ئېيـ
تاي: ئىككىمىزنىڭ قىرىق بەش يىللىق
ھاياتىدىن نېمە ئىز قالدى؟ تۆت بالا! شۇن-
داقمۇ؟ شۇلا كۇپايىمۇ. ئىنسانىنىڭ ۋەزىپىسى
پەقەت شۇلىمۇ؟ سېنىڭ يەنە پەرزەنت كۆر-
گۈڭ، بىر قىز تۇغقۇڭ بار ئىدى. لېكىن
نېمىشقا تۇغمىدىڭ؟ مەن سەۋەبچى بولدۇم.
كەنجى ئوغلۇڭ بۇ يىل نەچچىگە كەلدى؟
توپتوغرا ئوتتۇز ئۈچكە كەلدى، ئىك-
كى پەرزەنتكە ئاتا بولدى دەمسەن؟ با-
ردىكاللا، ئەمدى ئۆزۈڭ ئويلا، ئوتتۇز ئۈچ
يىلدىن بېرى مەن سېنىڭ تىلىكىڭنى بىر
قېتىم بولسىمۇ ئورۇندىدىممۇ؟ ئىككىمىز
ئەر-خوتۇنلۇق شەرتىنى بىر قېتىم بول-
سىمۇ ئادا قىلدۇقمۇ؟ بېشىڭنى ئېغىتقۋا-
تامسىنا؟ باردىكاللا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىلـ
گىرى بىلىپ يەتمىگەن بولساڭ ئەمدى
تېگىدىگە يېتىپ قوي، سېنى تۆت بالىغا
ئانا قىلغان ئەر، روسۇل سالچىنىڭ ئوغلى
نۇرسۇل ياراقسىز ئەر ئەمەستىم، لېكىن
خالىمىدىم...

خەدىچىخان موكچىيىپ، مىشىلداپ
باغرى تاش ئەرنىڭ قىرىق بەش يىللىق
بۇرۇقتۇمچىلىقىنىڭ پارتلىغىنىدىن لەرزـ
گە كېلىپ ئولتۇرماقتىدى. ئۇ بىلىپ يۈـ
رەتتى، قىرىق بەش يىلنىڭ ئالدىدا، ھې-
لىقى «مۇھەررەم جېنىم» دەپ ئېگراشتىن
بىرەر ئايچە ئىلگىرى توي ئالدىدىكى تۈن-
جى كۆرۈشۈشتىلا تەمبەل، كېلىشكەن يى-

گمت نۇرسۇل بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قارىغان
هالدا، كەم سۆز قىز خەدىچەگە شۇنداق
گەپلەرنى قىلغان، قىزنى يېنىڭىلمشقا
قىستىغانىدى. لېكىن مۇهەررەمدەك
قىزلار كۆيۈپ قالغان يىگىتكە ئۇ خەدىچە
نېمىشقىمۇ ئىگە بولۇشنى خالىمىسۇن!

— راست، هازىر ئىككىمىز ياشاندۇق،
چاچلىرىمىز ئاقاردى، چىشلىرىمىز سارغاي-
دى، قەددىمىز قار باسقان كۆچەتتەك
مۈكچەيدى. لېكىن ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن
نۇرسۇل باشقا ئەرلەرگە ئوخشىمايمەن، بۇ
ئۆزۈمنى ماختىغىنىم ئەمەس، چىن گەپ-
نى قىلسام، باشقا ئەرلەر بەلكى ماڭا
ئوخشىمىسا كېرەك. بەلكى ئۇلارنىڭ قېرى-
غاندا «هەسسىنە!» دەيدىغان ئىش يوق، لې-
كىن مېنىڭ بار. ساڭا ئىمانىم، ۋىجدانىم
بىلەن ئېيتاي خەدىچە، مېنىڭ بار...

ئوتتۇز ئۈچ يىلدىن بېرى ئىك-
كىمىز بىر يوتقاننى يېپىنىپ، بىر ياس-
تۇقتا باش قويۇپ كەلگەن بولساقمۇ،
لېكىن ئەر - خوتۇنغا ئوخشىمىدۇق، بەل-
كىم مەن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى، مەيلىنى
دەپ ساڭا ئۇۋال قىلغاندىمەن. شۇنداق
بولسا كەچۈرگىن مېنىڭ ۋاپادار قەدىنا-
سىم! بىز ئەمدى باشقا - باشقا تۇرايلى،
ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىر - بىرى-
مىزگە پۇتلاشمايلى...

خەدىچىخان ئۆكسۈدى، ئېسەدىدى.
لېكىن ئۇنىنى قاتتىقراق چىقارمىدى. قى-
رىق بەش يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم
ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى، خەدىچى-
خان هەر تەرەپلىمە ئويلاپ، هازىرمۇ بو-
ۋايدىن ئاغرىنغۇدەك مىسقالچە ئىللەتنى
تاپالمىدى.

— ياشلارغا لايىق ئارزۇ - هەۋەسلەر
بىلەن ئاۋارە بولماستىن، خەلقى - ئالەم-
نىڭ ئالدىدا سەتلەشمەستىن، چىن دۇن-
ياغا سەپەر قىلىشنىڭ تەييارلىقىدا بولسىلا
بولمامدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن، بارىكال-
لا، مەنمۇ نەق ئاشۇ تۈپەيلى مۇشۇنداق
سەۋدالاردا سەكپارە بولۇۋاتىمەن. بىلە-
سەن، ئادەم دۇنياغا بىرلا كېلىدۇ، قايتا
تۇغۇلماق يوق، شۇڭلاشقا هاياتنىڭ، تۇغۇ-
لۇشنىڭ دەهشىتى مەشەدە. ئۆمۈرنى قى-
يىپ، ئىككەدەپ ئۆتكەن ئارمانلارغا يې-
تىشمەك ئۈچۈن جان پىدا بولماقنىڭ
زۆرۈرىيىتىمۇ تاق مەشەدە! بىر پۈتۈم
گۆرگە ساڭگىلىغان بولسىمۇ، ئاشۇ ئۆ-
مۈر بويى ئويلىغان، كۆڭلۈمدىن چىقىرى-
ۋېتەلمىگەن ئارمىنىمغا يېتىۋېلىش، بىر
كۈن بولسىمۇ ئازابلىق مۇرادىمنى هەل
بولغان سىياقتا كۆرۈۋېلىشنى خالايمەن.
بۇنىڭغا مېنى يەتكۈزىدىغان سەۋەب ها-
زىر پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ سەن، خە-
دىچە ماڭا قارا، يىغلىما، ياشلىرىڭنى
سۈرتۈۋېتىپ، كۆزۈمگە تىك قاراپ تۇرۇپ
گېپىمنى ئاڭلىغىنا! پەقەت سەن! ئىك-
كىمىز ئۆمۈر بويى قاقىقاق قوزۇق، تۆگ-
كەن تۆگۈچىنىڭ بىر تال قىلىمۇ ماڭا كې-
رەك ئەمەس، مۇشۇ قورۇ - جاي، جىمى مال-
بىساتا، بانكىدىكى ئون يەتتە مىڭ سوم-
نىڭ چېكى سېنىڭ. ئۆلۈشكۈن ئىدارىگە
بېرىپ، باشلىقلار بىلەن پاراڭلىشىپ كەل-
دىم. باشقا پاراڭنى ئەمەس، ئۆيىنىڭ پا-
رىڭىنى... ۋالىي مەهكىمە دەم ئېلىشقا چىق-
قان كادىرلارغا ئاتاپ بىنا سېلىۋىدى،
شۇنىڭدىن ماڭا بىر يۈرۈش بېرىدىغان
بولدى. ئاندىن قالسا، پېنسىيە پۇلۇمدىن
ئايمۇ - ئاي يۈز سومنى قولۇڭغا نەق بې-
رىپ تۇرىمەن.

خەدىچىخان يەنە ئېسەدىدى. ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قىزارغان كۆز چاناقلىرىنى بېسىپ سۈرتتى ۋە:

— قىرىق بەش يىل مابەينىدە ... شۇ گېپىڭىزنى كۈتتۈۋىدىم، ھېلىمۇ ئىنساپ قىلدىڭىز، بىلىمەن، تاقەت قىلالدىڭىز، شىراجى بولسا كەتتى ... سىزنىڭمۇ ئەمدى ماڭا كىرىدىغىنىڭىز يوق ... مۇرادىڭىزغا يېتىڭ! لېكىن بالىلارغا نېمە دەيسىز؟ بالىلار نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.

نۇرسۇل بوۋاي خەدىچىخاننىڭ گېپى بىلەن تەڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ۋە قەھرى بىلەن نېمىدۇر دېمەكچى بولدى-يۇ، سەل ئويلىنىپ بېقىپ بۇ نىيىتىدىن ياندى. لاسىدە بېسىقىغا چۈشۈپ، ئايالىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېگىلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن قۇچاقلىدى.

— رەھمەت كۆڭۈلدىشىم، مەندىن زارى بولۇپ كەت، باشقا ئىشلار ماڭا بىر تىمىدىن! — دېدى.

7

كېيىنكى ئىشلار بىر تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ تېز ئۆتتى. نۇرسۇل بوۋاي تىكەندەك جېنىنى ئېلىپ دەريا بويىدىكى قەدىناس مەھەللىسىدىن، ئۆيىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەن ئوغۇللار، ھەتتا ئۆيىدە ئايالىنى ھە دېسە تىللاپ، دۈمبالاپ قويىدىغان ئىككىنچى ئوغلىمۇ نۇرسۇل بوۋايغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى، پەقەت مەنسەپدار ئوغلىلا بىرنەچچە كۈنگىچە ۋايساپ يۈردى.

— نە ئار، نە نومۇس بۇ-ھە؟ قېرىغاندا يۈزۈمنى يەر قىلدىڭغۇ-ھە؟ ماشۇجى، ئاۋامىلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ تېخى كېلەر ھەپتىدە زەي تىنگجاڭ ئۈرۈمچىدىن كەلسە، ئۇلارغا قوشۇپ ئۆيگە بىر چاقىرىپ تونۇشتۇۋالاي دېگەنتىمغۇ؟...

زىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئاشۇ يېشىدا تۇرمۇشلۇق بولۇشنىڭ خىجىللىقى بۇ ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، بەش پەرزەنتىنىڭ بولۇپمۇ قارىغايدەك تۆت ئوغۇل ۋە بىر تالاي نەۋرىلەرنىڭ ئالدىدا ئەرگە تېگىش، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات مەزلۇمىنى تاشلاپ كەلگەن ياشلىقتىكى سۆيگەن ئادىمىگە ئەگىشىش ھەقىقەتەنمۇ مۈشكۈل بىر داۋان ئىدى. نېمىلا بولسا بولسۇن، جىق گەپ-سۆز، تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ئىشلار ئۆز قېنىغا چۈشتى. نۇرسۇل بوۋاي گەرچە ياشىنىپ قالغان ئادەم بولسىمۇ، ئۇلۇغ بىر كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، نىكاھ رەسمىيىتىنى چىرايلىق ئادا قىلدى. مۇھەررەمخاننىڭ ئالدىغىمۇ ئۆرپ-ئادەتكە باپ ھالدا ئادەم ئەۋەتتى. ئىمام، مەزىن بىر ئاخشامدا كېلىپ نىكاھ ئوقۇدى. قارىماققا ھېچقانداق ئىش نېرى-بېرى بولمىغاندەك قىلاتتى. لېكىن مۇھەررەمخان بالىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىككى ئوغلىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا قارىماي، قىرىق بەش يىل ئىلگىرىكى ۋەدىسىنى ئادا قىلدى. بىر ھەپتىدىن كېيىنكى بىر

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولىمۇ چىرايلىق ۋە كەڭتاشا قىلىپ سېلىنغان «دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ئولتۇراق بىناسى»نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە مۇھەررەمخان تولىمۇ تەڭقىسلىق ۋە مۈشكۈلچىلىكتە كەلدى. بىر ئايال كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا يولدىشىنىڭ يىل نە-

ئاخشىمى نۇرسۇل بوۋاي قاتتىق تاياق يېدى. بۇ چاغدا ئۇ دەريا بويىدىكى قەدىردان مەھەللىسىگە بېرىپ قىرىق بەش يىللىق سابىق تەكىيدىشى ۋە كەنجى ئوغۇل، كېلىن - نەۋرىلىرىنى يوقلاپ كېلىۋاتاتتى. قايتاردا تېخى بىرىنچى قېتىم خۇشاللىقىدىن دەريا كۆۋرۈكى تۈۋىدىكى بوتكىلارنىڭ بىرىنىڭ پۇكىيىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ يۈز گىرامنى ئىككىگە بۆلۈپلا قېقىۋالغانىدى. ئولتۇراق بىناسىغا كىرىش ئېغىزىدىكى خىلۋەت باغدا ئىككى كۆلەڭگە بوۋاينىڭ كەينى تەرىپىدىن يېقىنلاشتى - دە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇنى ئۇرۇپ يەرگە ياتقۇزۇۋېتىپ نەگىدۇر غايىب بولۇشتى. نۇرسۇل بوۋاي كۆزنىڭ ھۇۋۇللاپ ئالغان سوغۇق، ئادەمسىز بېغىدا بىرەر سائەتچە ئېسىنى بىلمەي يېتىپ قالدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياخشى نىيەتلىك بىرەيلەن ئۇنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى. بوۋاي دوختۇرخانىدا بىر ھەپتە ياتقاندىن كېيىن مۇھەررەمخان ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى.

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتتى. نۇرسۇل بوۋاي سەللىمازا ساقىيىپ، يەر دەسسەپ كۆچىغا كەلدى. قىرىق بەش يىلدىن كېيىن مۇرادىغا يەتكەن ئاشىق - مەشۇقلار تا ئەزەلدىن ھايات، سۆيگۈ، قىسمەت ناخشىسىنى ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغۋار دەريانىڭ بويىغا، دەريا بويىدىكى ھېلىقى چىرايلىق، ھازىر كېڭىيىپ كەتكەن مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى. بوۋاي ئۇنى ئۆزى دائىم خىيال سۈرىدىغان يەرگە، چىغىريول بىلەن تۇتىشىدىغان ھېلىقى قىرغاقتا باشلاپ كېلىپ، كەچكى كۈزنىڭ تىنىچ، چىرايلىق ئېقىنىنى ۋە ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ، كۆڭۈلنى بولۇپ ياتقان نېرىقى قىرغاقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇڭداق دېدى:

— قارىغىنا مۇھەررەم، بىزنىڭ بۇ ئانا دەريايىمىز نېمانچىۋالا يېقىملىق، نېمانچىۋالا چىرايلىق - ھە؟ قارىغىنا ئاۋۇ قىرغاقتا، خۇيمۇ سۆلەتلىك كۆرۈنىدا! سەن تېخى «سىز بىلەن بىز نېرىقى قىرغاقتا يېتىپ قالغان ئادەملەر، سەت تۇرىدۇ» دېدىڭا ئۆتكەندە!؟ ئاشۇ گەپنى بىر قىلدىڭ، ئىككىنچى قىلما جۇمۇ. دەريا بولىدىكەن، ئىككى قىرغاق بولىدۇ، ئىككىسى بىر - بىرىدىن چىرايلىق، بىر-بىرىدىن ئېسىل، ئىككىلا قىرغاقتا گۈللەر ئېچىلىدۇ، بۇلبۇللار سايرايدۇ، سەن بىلەن بىز شۇنچە يىللار بېرىقى قىرغاقتا تۇردۇق، ياشىدۇق، كۆردۇق ئەمدى-زە، نېرىقى قىرغاققا يېتىپ، بۇ يەرنىمۇ كۆرۈپ باقمايمىزمۇ!؟ ئۇ يەردىمۇ ھايات بار، تەبىئەت بار، نى-نى مۇڭلۇق ناخشىلار بار. نېمىشقا دېسەڭ ئۇ قىرغاقمۇ، بۇ قىرغاقمۇ ھاياتلىقتا، مۇشۇ غەنىيمەت، چىن دۇنياغا تەئەللۇق ئەمەسمۇ!...

مۇھەررەمخان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى كۈز كەچقۇرۇنىنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدىن بويىي شۈركۈندىمۇ ئىشقىلىپ بوۋايغا يۆلەندى. قىرىق بەش يىل ئىلگىرى ھېلىقى ئاي نۇرىغا چۆمگەن خۇش پۇراقلىق باغدا چىرايلىق ئاتەش نەزەر ناخشىچى قىز مۇھەررەم كېلىشكەن تەمبەل يىگىت نۇرسۇلغا ئاشۇنداق يۆلەنگەنىدى.

مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن

ئەخەت ھاشىم

# رېستوراندا ئېچىلغان «يىغىن»

(ھېكايە)

كاتىپ كۆتۈرۈپ كىرگەن جەدۋەلنى ۋاراقلاپ كۆرۈپلا تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— بۇ نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتسىزلىك! بىر ئوبدان تەييارلاپ بەرگەن نەرسىنى ئوخشاپ تىزالماي شۇنداقمۇ قالايمىقان قىلىۋەتكەن بارمۇ؟ سۆز-جۈملىلەر پۈتۈنلەي خاتا، تۈپلىنىشمۇ قالايمىقان. ھەممىسى مۇشۇنداقمىكەن ياكى بىر قىسمىمۇ؟

— ھەممىسى مۇشۇنداق بېسىلىپتۇ، — دېدى كاتىپ.

— تۆلىسۇن! ھەممىسىنى قايتا باسسۇن! — باشلىقنىڭ چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ، جەدۋەلنى ۋاراقلاۋاتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ جۇدۇنى بىلەن شورىغاندىن كېيىن كاتىپقا قاراپ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى، — باسما زاۋۇتىنىڭ باشلىقىغا دەرھال تېلېفون بېرىڭ ياكى ئۆزىڭىز بارسىڭىزمۇ بولىدۇ. 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلنى ئېلىپ، ئىشنى مۇشۇنداق قىلامدىكەن؟ يا پۇلنى قايتۇرسۇن، ياكى ھەممىنى قايتىدىن باسسۇن!

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا سۆزلىشەي، — كاتىپ جەدۋەلنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كاتىپ باشلىققا ئىشنىڭ نەتىجىسىنى دوكلات قىلدى. كاتىپ زاۋۇت باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. زاۋۇت باشلىقى بۇ ئىشنى ياخشى قىلالمىغانلىقىنى، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى بويىنىغا ئاپتۇ. پۇلنى قايتۇرۇش ياكى جەدۋەللەرنى قايتا بېسىپ بېرىش مەسىلىسىگە كەلگەندە ئىككى تەرەپ بىرلىكتە مەسلىھەتلەشسەك، دەپتۇ. ئاندىن مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى يىغىنغا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى، مەسىلىنى جەزمەن ئادىل، كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

كاتىپىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن باشلىقنىڭ چىرايىدا خۇددى كەچ-
كۈزنىڭ ئاپتىپىدەك ئىلمان كۈلكە ئالا-
مىتى پەيدا بولدى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ
ئاچچىقى خېلى پەسكويغا چۈشۈپ قالغا-
نىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرەس-
سەگە يول قويمايدىغان قەتئىي مەيدانىنى
كۆز - كۆز قىلغاندەك:

— قېنى، يىغىنغا چاقىرسا چاقىر-
سۇن، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنىمۇ
ئاڭلاپ باقارمىز. لېكىن مەن شۇنى ئېي-
تىپ قويايكى، ئۆلارنىڭ مەسئۇلىيەتتىن
قېچىپ ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى تەكىت-
لەپ، بىزنى ئاز - تولا يول قويۇشقا ئۈن-
دىشىگە ھەرگىزمۇ يول قويغىلى بولمايدۇ.
بۇ دېگەن 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل-
نىڭ ئىشى! — دېدى.

* *

ھاۋانى تۇمان قاپلىغان، ئازراق
قار ئارىلاش سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتات-
تى. تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئۆز ھەم-
راھلىرى بىلەن زاۋۇتتىن ئەۋەتىلگەن
بولكىۋاي ماشىنىغا چىقىۋېتىپ ئويلىنىپ
قالدى: ئەجەبا، بۇلار يىغىننى يا ئەت-
گەنگە، يا چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئو-
رۇنلاشتۇرماي سائەت 10 دىن ئاشقان
تازا بىر بىمەھەل ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇ-
رۇپتۇ - ھە؟ بىرىپ بولغۇچە چۈشلۈك تا-
ماق ۋاقتى بولۇپ قالامدۇ، بۇ نېمە
قىلغىنىدۇ؟

بولكىۋاي يامغۇردا ئەينەكتەك پار-
قىراپ كەتكەن كەڭ ئاسفالت يولدا نا-
ھايىتى سىلىق شىپىلداپ كېتىپ باراتتى.
شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان،
بايا ئۆزىنى زاۋۇت كادىرلار بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى دەپ تونۇشتۇرغان ئورۇق، ئېگىز
بوي، تاتىراڭغۇ ئادەم كەينىگە قايرىلىپ
ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى.
گېپىنىڭ تولىسى تەشكىلات بۆلۈم باش-
لىقىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى قۇربان قى-
لىپ، بۈگۈنكى يىغىنغا كېلىۋاتقانلىقىغا
ھەشقاللا- رەھمەتلەر ئىدى.

بولكىۋاي زاۋۇت تەرەپكە ماڭماي،
شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىكى ئالىي
رېستورانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا
تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ بايىقى گۇ-
مانى تېخىمۇ كۈچەيدى - دە، تېخىچىلا
ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلداپ كېلىۋاتقان
كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقىدىن سورىدى:

— ۋاڭ كوجاڭ، ماشىنا بۇ يەرگە
كېلىپ توختىدىغۇ، يىغىن زاۋۇتتا
ئەمەسمۇ؟

— ھا ... ھا ... ھا ... — ۋاڭ كوجاڭ
قاقاقلاپ كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى، —
ھۆرمەتلىك بۇجاڭ، يىغىن دېگەننى قە-
يەردە ئاچسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بۈ-
گۈنكى يىغىننى موشۇ يەردە ئېچىشنى ئوي-
لاشتۇق. زاۋۇتىمىزنىڭ شارائىتى بەك
ناچار. سىلەردەك ئەزىز مېھمانلار بىلەن
كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ يىغىن ئاچقۇدەك
تۈزۈك ئورۇنمۇ يوق. مەرھەمەت، قېنى،
ماشىنىدىن چۈشەيلى. ۋاھ، ئەنە چىن
چاڭجاڭمۇ كېلىۋاتىدۇ!...

تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ماشىنىدىن
چۈشۈۋېتىپ ۋاڭ كوجاڭ ئىشارەت قىل-
غان تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتى. دەرۋەقە،
رېستوران تەرەپتىن سېمىزلىكتىن بويىنى
يوقلا بولۇپ كەتكەن، پاكارغىنە چىن
چاڭجاڭ بىر نەچچە يىلەننى ئەگەشتۈرۈپ،
پايپاسلاپ كېلىۋاتاتتى. قارىماققا ئۇ
ھازىر كىشىدە پۇتى بىلەن ئەمەس، بېشى
بىلەن يۇمىلاپ كېلىۋاتقاندەك بىر خىل
تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. ئۇ كېلىپلا تەشكى-

لات بۆلۈم باشلىقىنىڭ قولىنى ئىككى
قوللاپ چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، تۇختىماي
تەزىم قىلدى - دە، مەغرۇرلانغان ھالدا
يېنىدىكى ئادەملەرگە قاراپ سۆزلەپ
كەتتى:

— مانا دېمىدىممۇ، لەۋزىمىزنى
يەردە قويماپتۇ، بۇجاڭنىڭ ئۆزى كەپ-
تۇ! قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا رەھمەت
بۇجاڭ، قېنى مەرھەمەت، ئاستاماڭسىلا...

بۇلار رېستۇراننىڭ 2 - قەۋىتىدىكى
كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك چىرايلىق بې-
زەلگەن ئاشخانىغا كىرىپ كېلىشتى. ئاندىن
چىن چاڭجاڭنىڭ يول باشلىشى بىلەن
ئاشخانىنىڭ تۆردىكى شىرەسى بىلەن تو-
سۇپ قويۇلغان ئالاھىدە ئورۇنغا كەلدى.
تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بىلەن بىللە
كەلگەنلەر كاتىپ ۋە مالىيە ئىشلىرىنى
باشقۇرغۇچى باشقارما باشلىقى گاۋ قاتار-
لىق بەش كىشى ئىدى. زاۋۇتتىنمۇ چاڭ-
جاڭغا ئەگىشىپ ھەرقايسى بۆلۈم مەس-
ئۇللىرىدىن ئالتە - يەتتە كىشى كەلگەنىدى.
يوغان يۇمىلاق شىرەنىڭ ئۈستىگە تىزىل-
غان «ماۋتەي» ھارىقى، ئالىي دەرىجىلىك
شامپان، بىر پاچكىسى 50 يۈەنلىك چەت
ئەل تاماكىلىرىغا قاراپلا بۇگۈنكى مېھ-
ماندارچىلىقنىڭ ئاددىتتىن تاشقىرى مەرد-
لىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلى-
ۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

چىن چاڭجاڭ مېھمانلارنى ناھايىتى
قىزغىن ھۆرمەت، تەكەللۇپلار بىلەن
ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن
ۋاڭ كوجاڭغا قاراپ، باشلاڭلار دېگەن
ئىشارىنى قىلدى - دە، ئۆزى كېلىپ تەش-
كىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ يېنىدىن ئو-
رۇن ئالدى.

تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بىر نەر-
سىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ «بۇ نېمە
قىلغىنىڭلار؟» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-
مەكچىمۇ بولدى، بىراق ئۇنداق قىلما-
دى ھەم قىلالمىدى. بەلكىم چۈش بو-
لۇپ قالغاچقىمىكىن، ئېسىل تائاملارنىڭ
ئىشتەيىنى غىدىقلىغۇچى مەززىلىك ھىدى
دىمىقىغا ئۇرۇلغانسېرى ئۆزىنىڭ ئىرادى-
سىگە خىلاپ ھالدا بىر قىسىملا بوشى-
شىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ
زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرى-
سىدا تېخى ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي
ئىككىلىنىپ تۇراتتى، ئاڭغىچە چىن چاڭ-
جاڭ ھەممەيلەنگە تاماكا تۇتقاچ ئورنى-
دىن تۇرۇپ چاقچاق ئارىلاش گەپ
باشلىدى:

— بۇجاڭ، سىلىدىن كەچۈرۈم سوراي-
مەن. يىغىننى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانلى-
قىمىزدىن ئانچە بەك ھەيران بولماسلىق-
لىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى يىغىن
دېگەننى قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ
ئاچمىسا بولمايدۇ. بىز جۇڭگولۇقلار مېھ-
ماندوست خەق ئەمەسمۇ؟ سىلەردەك ئە-
زىز رەھبەرلىرىمىز، دوستلىرىمىز كەلگەن-
دە قانداقمۇ قۇرۇق قول ئولتۇرۇپ يى-
غىن ئاچقىلى بولسۇن؟ ئالاھىدە بىر ئىشى-
مۇ قىلىپ كەتمىدۇق. گەپنى كېيىن
قىلىشارمىز، ئاۋۋال ئاز - پاز بىر نەرسە
يەيلى. بۇجاڭ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كې-
لىشلىرى ھەقىقەتەن ئوڭاي ئىش ئەمەس، —
ئۇ ئەمدى زاۋۇتتىن كەلگەن ھەمراھلىرىغا
قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — يولداش-
لار، سىلەر قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋا-
تىسىلەركىن - تاڭ، ئەمما مەن بەكمۇ
خۇشال، ھى - ھى - ھى ... ئۆمرۈمدە بۇ-
گۈنكىدەك خۇشال بولغان ئەمەسمەن...

— قورساق بەك تويۇپ كەتسىمۇ
يىغىننى ئوبدان ئاچقىلى بولمايدۇ چاڭ-
جاڭ، — دېدى سەل ئېرىپ قالغان تەش-
كىلات بۆلۈم باشلىقى چاقچاق ئارىلاش
كۈلۈپ قويۇپ، — يىغىننى بۇ يەرگە ئو-

روُنلاشتۇرغىنىڭلار ئانچە ياخشى ئىش بولـ
ماپتۇ، بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىۋاـ
تىمەن.

چىن چاڭجاڭ تەشكىلات بۆلۈم
باشلىقىنىڭ بۇ ئولتۇرۇشقا ئانچە قارشىلىق
قىلىپ كەتمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن
كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ تېخىمۇ ئېچىلىپـ
يېيىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— توغرا گەپ قىللا، بۇجاڭ. يىغىنـ
نى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغىنىمىز دەرۋەقە
ئانچە ياخشى ئىش بولمىدى ھەم كىشىگە
غەلىتىرەك تۇيۇلىدۇ. بىراق ھەممىمىزگە
مەلۇم، ھازىر بىز ئىسلاھات دەۋرىدە ياـ
شاۋاتىمىز، يېڭىلىق يارىتىۋاتىمىز، ھەممە
نەرسە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. شۇنداقمۇ كۆپچىـ
لىك؟ ئۇنداق بولغاندىن كېيىن يىغىنىنىڭ
ئورنىنىمۇ، شەكلىنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ باقـ
مايمىزمۇ، قاچانغىچە قاتتىق ئورۇندۇقـ
لاردا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ يىغىن ئاچىمىز؟
بۇ سۆزۈم خاتا ئەمەستۇ؟

ھەممەيلەن تەڭلا قاقاقلىشىپ كۈـ
لۈشۈپ كەتتى. پەرەزىنىڭ ئەكسىچە كەيـ
پىيات ھە دېگەنـدىلا ناھايىتى قىزغىن
بولۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئېلىپ كىرىلگەن
سەي، تاماقلارنىڭ خىللىرىنى،
تەمىنىڭ قانداقلىقىنى تەسۋىرلەپ ھۆرـ
مەتلىك كىتابخانلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ
قىلىشنى خالىمايمەن. پەقەت بۈگۈنكى
مۇشۇ بىر ۋاقلىق تاماق جوزىسىنىڭ 1 مىڭ
500 يۈەنگە زاكاز قىلىنغانلىقىنىلا ئېيتىپ
ئۆتسەم كۇپايە قىلار...

ئاھ، ماۋتەي ھارىقى! سەن نەقەـ
دەر سېھرى كۈچكە، نەقەدەر قۇدرەت،
ئىقتىدارغا ئىگە ـ ھە؟!

رۇمكىلار ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئايلانغانـ
دىن كېيىن باشلىق ۋە پۇقرانىڭ پەرقى
يوقىلىپ، ھەممەيلەنلا سۆزمەنلىشىپ بولـ
بۇلىدەك سايراپ كېتىشتى. پۈتۈن سوـ
رۇننى ئۆزئارا يېقىنچىلىق، مەردلىك،
تەكەللۇپ، سۈلكەت، سەمىمىيلىك قاپلىدى.
بىرلىرى سۆيۈشۈۋاتقاندەك قۇلاق يېقىشسا،
بىرلىرى قەدىردان دوستلاردەك گىرە سېـ
لىشىۋالغانىدى...

دەل مۇشۇنداق پەيتنىڭ يېتىپ كېـ
لىشىنى كۈتۈپ تۇرغان چىن چاڭجاڭ
رۇمكىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ
دە، گۆشلۈك، قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ
تۇرۇپ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىدىن ئەپۇ
سوراشقا باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك بۇجاڭ، ھەممە خاـ
تالىق بىزدە. بىز ئالدىنقىلاردا بەكمۇ خىـ
جىل. ئەمدى بۇ ئىش سىلەرنىڭ ھىممىـ
تىڭلارغا باغلىق — ھەممىنى تۆلە دېسەڭـ
لارمۇ ئىلاجىمىز يوق تۆلەيمىز. ياق،
سىلەرمۇ بىر كىچىك زاۋۇت ئىكەنسىلەر،
ئىقتىسادىڭلارمۇ تايىنلىق ئىكەن، بىزدىن
كەتسە نېمە كېتەتتى، سىلەرگە قىلـ
غان ياردىمىمىز بولۇپ قالسۇن دېسەڭـ
لارمۇ، ئەلۋەتتە، ھەشقاللا ـ رەھمەت دەيـ
مىز. چوڭ ئورۇنلارنىڭ، بايلارنىڭ كىچىك
ئورۇنلارنى، كەمبەغەللەرنى يۆلەش مەجـ
بۇرىيىتىمۇ بار ئەمەسمۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا...
ھۆرمەتلىك بۇجاڭ، سىزنىڭ بىر ئېغىز
سۆزىڭىزلا ھەممىنى ھەل قىلىۋېتەلەيدۇ،
سىزدىن سەمىمىي ئەپۇ سورايمىز...

ئۇ ھەربىر ئېغىز گەپنى قىلغاندا
بۇجاڭغا بىر قېتىم تەزىم قىلاتتى. كۈلـ
كىدىن ئاغزىنى ياپالماي قالغانىدى.

خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان تەشكىلات
بۆلۈم باشلىقىمۇ يېنىدا ئولتۇرغان باشقارما
باشلىقى بىلەن نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاشقانـ
دىن كېيىن چىن چاڭجاڭغا قاراپ كۈلۈپ:

— ھەممىڭلار بىلىسىلەر، ھازىر ماـ

www.uygharkitap.com

لىيەنى باشقۇرغۇچىنىڭ ھوقۇقى ھەممە-
دىن چوڭ. قېنى، بۇ مەسىلىگە بىزنىڭ
گاۋچۇجاڭ بىرنىمە دەپ باقسۇن، —دېدى.

— قەلەم سىزنىڭ قولىڭىزدا بۇجاڭ، —
دېدى گاۋ چۇجاڭ ساي تۆلكىسىدەك ھې-
جىيىپ، — سىزلا تەستىقلاپ بەرسىڭىز،
قالغان ئىشقا پېقىر تەييار. كاۋاپمۇ كۆي-
مەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان چارىلەر كۆپ.

— يارايسىز گاۋ چۇجاڭ! رەھمەت
سىلەرگە بۇجاڭ!

چىن چاڭجاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا
ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. تەش-
كىلات بۆلۈم باشلىقى يۆتىلىپ قويۇپ
رومكىنى قولىغا ئالدى - دە:

— بۇرادەرلەر، ئورۇن جەھەتتىن ئالغاندا
سىلەر ئۇكا، بىز ئاكا. سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار
بىزنىڭ زېمىنىمىز. بۈگۈنكى بۇ يىغىن
مىسلىسىز دوستلۇق كەيپىياتىغا چۆمدى.
سىلەرنىڭ سەممىيلىكىڭلاردىن بەكمۇ تە-
سىرلىنىۋاتىمەن. دوستلار بىر - بىردىن
ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ. ئۇكىسى زىيان
تارتىۋاتسا، ئاكىسى قانداقمۇ تاماشا كۆ-
رۈپ چىداپ تۇرالىسۇن؟ شۇنداقمۇ گاۋ
چۇجاڭ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بۇجاڭ. قاراپ
تۇرۇپ ھەممە زىياننى تۆلە دېيىشكە قان-
داقمۇ تىلىمىز باردۇ؟ نى - نى ئىشلار بو-
لۇۋاتىدۇ، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى!

— دۇرۇس، — دېدى تەشكىلات بۆ-
لۈم باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، —
ھەقىقەتەن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئۇلار
بۇنىڭدىن كېيىن ساۋاق ئالسىلا بولدى ئە-
مەسمۇ؟ بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى.
قېنى، ھەممىڭلار رومكىلارنى ئېلىڭلار،
دوستلۇقىمىز ئۈچۈن!

چاۋاك، قاقاقلاپ كۈلۈشلەر، رەھ-
مەت - تەزىملەر رېستورانىنىڭ ئىچىنى زىل-
زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى...

مەسئۇل تەھرىرى: مارەم ئىبراھىم

(بېشى 56 - بەتتە)

تىنىمىغانتىم. ئاكا سىلى ئوقۇغان كادىر
ئادەمدەك قىلىلا، سىلى بىر دېسىلە، ۋىج-
دان، ئىنساپ دېگەنلەر بارغانچە تۈگەپ
كېتىۋاتىدىغۇ؟ مۇنداق قارىسام ھازىر ھەم-
مىدىن نوچىسى پۇل بوپتۇ، پۇلغا جاننى-
مۇ سېتىۋالغىلى بولىدىكەن... پۇل، پۇل...
ھۇ ئاناڭنى... ھەممىسى قۇرۇپ كەت-
سۇن، مېنىمۇ ئانام ئوغۇل دەپ تۇغقان،
مەنمۇ ئون بەش ياشلىق قىزنى ئالمايدىغان
بولسام...

يىگىت ھېكايىسىنى يامان تىللار بى-
لەن تۈگەتتى. ئاندىن بوتۇلكىدىكى قالغان
ھەممە ھاراقنى ئىستاكانغا قۇيۇپ بى-
راقلا ئىچىۋەتتى. ھاراق ئۇنىڭ جاۋغايلى-
رىدىن ئېقىپ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتتى.
ھايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ،
چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى،
ئاندىن ئۇ بېشىنى ئۈستەلگە قويدى - دە،
ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

مەن يىگىتنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم
سېرىلدى، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. نېمە دېيىش
كېرەك؟ تۇرمۇشتا ئاجايىپ ئىشلار بولىدى-
كەن، لېكىن مەن بۇنداق نومۇسسىز-
لىقنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان
ئىكەنمەن...

مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت روزى

# لىرىكىلار

## چاناقلاردىن دومىلايدۇ ھارغىن دۇنيا

نەزەرىمدە دومىلايدۇ ھارغىن دۇنيا،
ساھىللاردا كۆيلىنىدۇ ھەسرەتلىرىم.
تۇمانلارغا سىڭىپ كەتكەن يارقىن جۇلا،
نەپرەتلەرگە بەردى ئورۇن ئىستەكلىرىم.

گۇگۇملارغا بۆلەپ قويدۇم نىگاھىڭنى،
كۆز ئالدىمدا قالدى قېتىپ زىنناقلىرىڭ.
ئوخشمايدۇ ئاھ، بۇرۇنقى سۆيۈشلەرگە،
بۈگۈن غۇۋا نىچۈن يارقىن قاراقلىرىڭ.

ھەسرىتىمگە ئورتاقمىكىن ياكى دەريا،
ھېسلىرىمنى قويار سۆيۈپ شۇنچە كۆچسىز.
خىياللىرىم چۇشلىرىمگە بەرمەس ئارام،
ئاچچىق ـ ئاچچىق پەر قېقىشتا ئۇ تىنىمسىز.

قەبرىلەردىن تېرىۋالدىم چۈشلىرىڭنى،
ھەسرىتىمگە ئېسىپ قويدۇم تۇمار قىلىپ.
ئەمدى مېنى ئۇۋلىيالماس ئۇچلىرىڭ،
سەنمۇ ئەمدى يۈرمە مېنى ئەسكە ئېلىپ.

## ۋىسالسىز خىياللار

خىياللارنىڭ دەپتىرىنى ۋاراقلاپ
دېرىزەمنى چېكىپ ئۆتەر شوخ شامال.
ئاق كېچىنىڭ ساھىلىدا شىۋىرلاپ
سۆيگۈ يۈرەر خۇددى ئوماق ئايجامال.

خىيال ئارا تەلمۈرىمەن ساماغا،
ئاھ، ھېسلىرىم قۇچاقلايدۇ يۇلتۇزلى.
گاھى تەنھا ئاشۇ كۆكۈش گۈلباغدا
چېچەكلەردىن سورايمەن خۇش ھىدىڭنى.

گاھ ئازدۇرۇپ ھېسلىرىمنى پەرىشتەم،
چۈشلىرىمگە غۇنچە بولۇپ كىرىسەن.
گاھى سەھەر بوشلۇقىدا ئۇپۇقتىن،
ئاقۇ سۈپەت قانات سېرىپ ئۆتىسەن.

ئۇنتۇدۇڭمۇ ياكى ئەسلەپ تۇرامسەن،
سېنى كۈيلەپ ئېيتقان ئوتلۇق ناخشامنى.
كۆرۈنمىدىڭ ئۇنتۇپ قاپسەن دىلبىرىم!
تۈنجى قېتىم بىز سۆيۈشكەن ئاخشامنى.

## بەراق

ئوتلۇق سۆيگۈ ئاھۇ كۆزۈڭدە
دېڭىز كەبى ئۇرغاندا دولقۇن،
ھالسىردى ئاھ ئۇرۇپ يۈرەك،
دولقۇنۇڭغا بولغاندا تۇتقۇن.

ساھىلىڭدا تۈندى ھىجران،
سەن بىلمەيسەن نازىنىن ئوماق.
ھايال ئۆتمەي سۆيگۈم بېغىغا
ئۈنۈپ چىقتى شۇمبۇيا — قىياق.

## قۇرۇغان دەريا

غېرىپسىنىپ ياتىدۇ دەريا،
تا ئۇپۇققا سوزۇپ تېنىنى.
كۆزلىرىدىن يېتىدۇ دۇنيا،
يۈرىكىدە قالمىغاچ قېنى.

ئەسلىمەمنى ئاختۇرۇپ كۆزۈم،
غۇۋالاشتى ئاشۇدەم گويا.
قوشۇلغانتى ئوتلۇق نەپەسلەر،
كۆلۈم، مۇشۇ دەريا بويىدا.

تاشلاپ كەتتىڭ مېنى نىگارىم،
كۆزلىرىمدە قۇرىدى يېشىم،
دەريا خاكتىن ياسايدۇ تومار،
دەريا بىلەن تەقدىرداش بېشىم.

## قۇرۇغان ياپراق

ئۇچۇپ يۈرەر قۇرۇغان ياپراق
يوللىرىمغا پۇتلىشىپ دائىم.
كۆزلىرىمگە ۋىسالىم يىراق،
يۈرىكىمنى يىدىپ كەتتى ۋايىم.

خىيالىمنى يىغلىتار ئاچچىق
چېلىققاندا قۇرۇغان ياپراق.
شۇ ياپراقتىن پەرقىم نە مېنىڭ،
ۋىسالىمنى قۇچقاندا تۇپراق.

## ئىلتىجا

كۆچۈۋالغان تاڭدىكى شەپەق
ئانار كەبى بىر جۈپ يۈزۈڭگە.
قۇياش چاچقان ئاتەش نۇرلاردەك،
سىڭىپ كەتسەم شەھلا كۆزۈڭگە.

ئۇرۇن بەرسەڭ كۆڭۈل قەسرىڭدىن،
مېنى بىلىپ ئۆزۈڭگە ھەمرا،
شۇچاغ يېتىپ مەڭگۈ ۋىسالغا،
بولماس ئىدى يۈرەكمۇ يارا.

## ئۈياتچان

سۆيگىنىمدە مەجبۇنتاللار يۈزۈمنى،
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى لاۋىدەك.
مەجنۇنتالنى قايرىۋېتىپ شۈڭگىدىم،
تال كەينىدە مۆكۈۋالغان يار باردەك.

گۇمانىممۇ يالغان ئەمەس راست ئىكەن،
ئەگكەن ئىكەن مەجنۇنتالنى شۇ گۈزەل.
تال ئەگكىنى چاقىرغىنى ئىكەنۇ،
ئۇياتچانلىق دېگۈزمەپتۇ «يېقىن كەل».

www.uyghurkitap.com

تۇردى داۋۇت

# سۆيىمەن دېھقان ئاكا قوللىرىڭغا

## ئۇخلىماڭلار ھېسلىرىم

يىللار ئۆتەر تېنىمسىز گويا ئۇچقۇر شامالدەك،
تەقسىماتى — بەرگىنى ئوخشىمايدۇ ھەر كىمگە.
ۋاقىت قەدرىدىن بىلگەنلەر ئالدى مېۋە-نېسىۋە،
بىلمىگەنلەر يىغلايدۇ ھەسرەت بىلەن ئەلەمدە.

ۋاقىت شۇنداق رەھىمسىز، توختىمايدۇ دەقىقە،
ياندۇرالماس ئارقىغا ئىلتىجامۇ-دۇئامۇ.
ئويلاپ كۆردۈم ئولتۇرۇپ دەڭسەپ ئۆتكەن ھەر كۈننى،
يىللار ماڭا بەرگىنى مۇكاپاتمۇ، جازامۇ؟!

ئىزتىراپقا چۈشىمەن خىيالەتتىن بەزىدە،
نېمە بەردىم خەلقىمگە،
نېمە بەردىم ئەۋلادقا؟!
ئويلىنىمەن خىيالچان تۈننى ئۇلاپ سۈبھىگە،
ئۆز ئىنسانىي بۇرچۇمنى تارتىپ ۋىجدان سوراققا.

ھايات ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرەر ئادەمنى،
سىناق ئېلىپ ھەرقاچان ھەر تامانغا ئۇزىتىپ.
ماڭغان يولۇڭ قانداق يول، قانداق خىسلەت سەندىكى
قالار باسقان ئىزىڭنى سانسىز كۆزلەر كۆزىتىپ...

ئۆتەر ئىكەن كۈن دېگەن بىر ئۆزۈڭنى ئويلىساڭ،
تويسا قورساق كېكىرىپ، يانپاشلىساڭ، ئۇخلىساڭ.
سۇلتان بىلىپ ئۆزۈڭنى قېتىۋالساڭ گىدىيىپ،
ئاۋام يىغلاپ قاقشىسا سەن بىلمىسەڭ-ئۇقمىساڭ.

بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان كېتىپ بارغان قەلەندەر،
ئۇمۇ ئارزۇ-ئۈمىددە ھايات دەيدۇ ياشايدۇ.

نېمە سەۋەب، سالغاندۇ ئاشۇ كويغا، ئويلىسام،
خىياللاردىن ئەلەم - دەرد دىلدا دولقۇن ياسايدۇ...

هايات مېنىڭ تاۋلىدى ئىرادەمنى، ئېڭىمنى،
ئەقىل تاپتىم ئۇلغايدىم ئۆتۈپ قانچە كېچىكتىن.
كەلدىم ئەمدى هوشۇمغا سەگىپ غەپلەت - ئۇيقۇدىن،
سوراپ قالساڭ سەۋەبى: قاتتىق «پەشۋا - تېپىكتىن».

دەرمان بولسام دەردىگە، يىغلىغانغا هاي بېرىپ،
بولسام كاشكى ئۇسسۇلۇق چاڭقىغانىنىڭ دىلىغا.
شۇندا ئارمان كۆلەتتى قاق - قاق ئۇرۇپ خەندانە،
شادلىقلىرىم سەل بولۇپ سىغماي يۈرەك قېتىغا.

شۇڭا ۋىجدان بۇيرۇقى قايناپ يۈرەك قېتىدىن،
ئىشلە دەيدۇ: ئەل ئۈچۈن مەدەت بېرىپ جىسمىمغا.
ئەلىنىڭ قانداق ئوغلىسەن، ئەل تىلىكىن بىلمىسەڭ،
ئويلا چوڭقۇر بۇنى سەن دەيدۇ سىلىپ ئېسىمغا.

مۇگدىمەڭلار پىكىرلەر باش قەسىردىمە ماجالسىز،
جۇشقۇن، تېرەن بولۇڭلار سەگەك، زېرەك، يېقىملىق.
ئۇخلىماڭلار هېسلىرىم ئىلهام بېرىپ قەلبىمگە،
خۇددى تاشقان سەل كەبى ئۆركەش - ئۆركەش ئېقىنلىق.

روشەن بولغىن كۆزلىرىم خىرەلىككە چەك قويۇپ،
تارتىۋالغىن يىللارنىڭ كارتىنىسىن ئەينەن - نەق.
ئايرىۋالغىن قۇلىقىم هەق بىلەن شۇم ناهەقنى،
سۆزلىگىن سەن تىللىرىم هەرقاچاندا لىللا - هەق.

سەن يۆلىگىن قوللىرىم يىقىلغاننى هەر يەردە،
يۈگرە - يۈگرە پۇتلىرىم هاردىم دېمەي كۆپ ئۈچۈن.
ئايرىلغاننى بىرلىككە ئۈندە هەر دەم ئۇيۇش دەپ،
يېرىم كۆڭۈل بولغاندىن كۆپ ئەبزەلدۇر تەل - پۈتۈن.

ۋاقىت قەدرىدىن بىل دەيمەن خىتاب قىلىپ ئۆزۈمگە،
چىن ئىنسان بول مەردانە، ياشا ئەبەد بىغۇبار.
بەخت بەرگىن ئۆزگىگە تاما قىلماي مىننەتسىز،
شۇندا قىلغان ئەجرىڭگە بارىكاللا ئالقىش يار!

www.uyghurkitap.com

# تىلەك

تولۇپ كەتسۇن ياخشىغا نۇرلۇق گۈزەل بۇ ئالەم،
زىننەتى ھەم كۆركى بوپ دىللار سۆيگەن ھاياتىنىڭ.
يەكۈنى شۇ قەدىمدىن ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈشى،
مېنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس دىلىغا سىڭگەن ساۋاقىنىڭ.

ئاۋۇپ كەتسە ياخشىلار پاكلىنىدۇ دۇنيامۇ،
كۆرەر كۆز يوق رەزىللىك كۆيۈپ پۈتسۇن ئۇ تامام.
سۆيۈنىدۇ كۆڭۈللەر ئاپتاپ كۆرگەن مايسىدەك،
ياخشى خىسلەت، پاك ئەخلاق، ساڭا ھۆرمەت-ئەسسالام!

سىلەر تىرەك ھەم شوتا چوققىلارغا ماڭسا كىم،
ھەممە ئەقىل بەرگۈچى مەنزىللەردە بوپ سىرداش.
چىن ئىنسانلىق خىسلىتى جىسمىڭلارغا مۇجەسسەم،
پاك قەلبىڭلار سىلەرنىڭ گويا سېخى بىر قۇياش.

ھاياتلىقنىڭ بۇ يۈگرۈك بەيگىسىدە بارسىلەر،
ئوزغانلارغا تىلەكداش، قالغانلارغا ھەيدەكچى.
شادلىقىغا بايرامدەك سىلەر ئورتاق مەركىدە،
ئوتتۇز ئوغۇل يىغىلغان مەشرەپلەردە يېتەكچى.

توي قىزىتسا قىز-يىگىت ۋىسال تېپىپ سۆيگۈدىن،
ناخشىچىسى،
كۈيچىسى بولىسىلەر تويلارنىڭ.
شۇڭا ھۆرمەت-ئىھتىرام ھەر يۈرەكتە سىلەرگە،
مەزمۇنىدۇر ئىشىڭلار ھەر ناخشىنىڭ، كۈيلەرنىڭ.

بولۇپ قالسا ھەمسۆھبەت كىمكى ئەگەر سىلەرگە،
تەرىپلەيدۇ قەدىرلەپ، ئەزىزلايدۇ يۈرەكتىن.
چۆمپۈتىمسەك بۇ گەپكە قېنى دوستۇم سوراپباق
خىزىر سۆپەت مويسىپىت، غۇبارسىز پاك كۆدەكتىن.

تەرىپى كۆپ ياخشىلار شەنىڭلەرگە يۈرەكنىڭ،
گۈل قويۇڭلار باغلارغا شۇغۇ ھايات مىزانى.
قويغان كۆچەت بىخ سۈرگەي ياخشى پەرۋىش-كۈتۈەدىن،
باغۋەنلەرنىڭ كۆڭلى شاد كۈلۈپ ئارزۇ-ئارمانى.

تىلىكىم شۇ: ياخشىلار گۈللەڭ-ياشناڭ مەڭگۈگە،
كۆركى بولۇپ، تاجى بوپ بۇ بىپايان ئالەمنىڭ.
ئىزى قالار كۆمۈلمەس ئەسىرلەردىن-ئەسىرلەر،
ئىنسانلارنى، ھاياتنى دىلدىن سۆيگەن ئادەمنىڭ.

## ساڭا ھۆرمەت

مەن سۆيەي مۇبارەك دەپ دېھقان ئاكا،
سېنىڭ شۇ قوللىرىڭغا قاداق باسقان.
مەن سۆيەي جۈپ قولۇڭغا گۈل سۆيگۈدەك،
جان بېرىپ ھاياتلىققا رىشتە چاتقان.

يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چاچتىڭ ئېتىزلارغا،
سەن ئاچتىڭ رىسقى يولى ھاياتلىققا.
ئىشلەيسەن تېنىم تاپماي ھوسۇل ئۈچۈن،
چەك قويۇپ قەھەتچىلىك - ماماتلىققا.

ئەجىرقىپ سەن ئۆستۈرگەن زىرائەتلەر
ئىنسانلارغا ئېسىل نېمەت - ئوزۇق - ئاش-نان.
ئۈنچە تەر تۆكۈپ ئالدىڭ ھالال ئىشلەپ
زېمىندىن سۆزۈپ گۆھەر - مەرۋايىت دان.

سەن بەردىڭ ھەتتا ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ
رىسقىنى مىننەت قىلماي خامىنىڭدىن.
قوي، كالا، ئاتلارمۇ ھەم بەھرىمەندۇر
دۆۋىلەنگەن چارى بۇغداي، سامىنىڭدىن.

قۇرت - قوڭغۇز جاندارلارغا بەردىڭ ئوزۇق،
چۈمۈلە ئۆۋدىلىرى توشتى دانغا.
پايانسىز ئېتىزلاردا چۇرۇقلىشىپ
دانلايدۇ توپ - توپ كەپتەر،
توپ - توپ قارغا...

ساڭىلا باغلىق ئىكەن ئويلاپ كۆرسەم
ئۆيلەرنىڭ، بۇ دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى.
مەنسۇپتۇر ساڭا يەنە ۋىجدان سۆزۈم:
خەلقنىڭ قۇۋۋاتلىقى ھەم شادلىقى.

بەرىكەت ياغدۇرىسەن تىرىكلىككە،
مولچىلىق ئاتا قىلىپ سەن خەلققە.
ئۇلۇقسەن مېھنىتىڭدىن ئۆمۈر بويى،
ساڭا ئالقىش،
ساڭا رەخمەت
ھەر قەلبتە!

مەن سۆيەي مۇبارەك دەپ دېھقان ئاكا،
سېنىڭ ئالتۇن قوللىرىڭغا قاداق باسقان!
مەن سۆيەي جۈپ قولۇڭغا يېنىپ - يېنىپ،
جان بېرىپ ھاياتلىققا چىراغ ياققان.

ھەسەن ئىلمىۋالدى

# شېئىرلار

### بۇلۇت

زەڭگەر كۆكتە ئۈزىدۇ بۇلۇت
ئاق قوزىدەك ئالدىراپ شۇنچە.
ماۋۇق بۇلۇت يېنىڭ تەۋرىنىپ،
يەر - زېمىنگە پۈركەيدۇ تامچە.
ئويناشقاندا تەبىئەت شۇنداق،
ئۈزەلمەيمەن ئاسماندىن كۆزنى.
ياشنار زېمىن بۇلۇتنى ئېمىپ،
كېيىندۈرۈپ كەڭ دالا - تۈزنى.

بەراق ئاڭا ھېچقانداق كىشى
قىلىچلىكمۇ قىلماس ئېتىبار.
بارچە دەردنى تارتىسمۇ بۇلۇت،
ھۆرمەتلىنەر يامغۇر بىلەن قار.

## تۆگمەسۈن گەپنىڭ داۋامى

سەن ئۇزىغان چېغىڭ ئۆيۈڭگە،
خوراز چىللاپ تاڭ ئېتىپ قاپتۇ.
بۆگۈن يەنە كېلەرسەن كەچتە،
بىر ئېغىز گەپ ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ.

دەۋەتكىن دەپ بولما تەقەززا،
ئۇ ئەتىنىڭ بولسۇن سالامى.
تاكى ئۆمۈر ئاخىرلاشقىچە
تۆگمەسۈن گەپنىڭ داۋامى.

## ئاقار يۇلتۇز

تۈن پەردىسى تاشلىدى سايە،
پۈتكۈل زېمىن كەتتى ئۇيقۇغا.
سۈرمەك بولۇپ كەچنىڭ پەيزىنى،
ئاستا مېڭىپ چىقتىم ھويلىغا.

ئاسماندا ئاي، يۇلتۇزلار ئويغاق،
ئالتۇن قۇياش نىكەم پاتقىلى.
ئەتراپ بولسا ئاجايىپ يورۇق،
يىگىنە چۈشسە بولار تاپقىلى.

تۇيۇقسىزلا ئاقتى بىر يۇلتۇز
پەسكە، غۇۋا كۆرۈنگەن يەرگە.
مىڭلاپ يۇلتۇز چاقنار ئاسماندا،
ئاققىنىدىن قالمىدى بەلگە.

مۇھەممەت ئىمىن

# جاڭگال چەشمىلىرى

## جاڭگالدا سەھەر

تورغاينىڭ يېقىملىق جۇشقۇن ناۋاسى
ئۆركىتىپ يۇلتۇزنى قاچۇردى يىراق.
گۇم بولدى زۇلمەتلىك تۈننىڭ تاماسى،
پەم بىلەن ئاي ئاستا ئۆچۈردى چىراق.

يىرتىلدى ئۇپۇقنىڭ كۆلرەڭ جىيىكى،
ئۆرلىدى جۇلالاپ ئوت يايلىلىق شار.
تاراسلاپ چاپقاندا ئوت شار كىيىكى،
چاقنىغان زەر نۇرغا ئاسمان كەلدى تار.

قىيغىتىپ ئۆتكەندە مەيىن شوخ شامال
قىياقلار بەرگىدىن ئىرغىدى شەبنەم.
ياۋاگۈل جىلمىيىپ ئاچىدۇ جامال.
ئالەمچە گۈزەللىك ئاڭا مۇجەسسەم.

توغراقلار ياپرىقى داپ چالسا خۇشال،
يۇلغۇنلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ لەرزان.
بەزىمنى قىزىستار قىلىپ بىر ئاسال
يانتاقلار ياندىشىپ ئېغاڭلاپ ھەريان.

يىراقتىن ئۈن قوشۇپ نەرە تارتىدۇ
ھەيۋەتلىك شارقىراپ بەشكەن ① دەرياسى.

① قەشقەر تەۋەسىدىكى بىر كىچىك دەريا.

www.uyghurkitap.com

سۇتڕەڭ سۇس تۇماندىن چۇمبەل ئارتىدۇ
قىرغاقتا باش قويغان ئارال ① دالاسى.

مەجنۇنتال، تولغىنىپ سۆيىدۇ ئاستا
دۇر جىلۋە ئەيلىگەن سۇنىڭ بېتىنى.
قالىغاچلار ۋىچىرلاپ ئېيتىدۇ ناخشا،
بويلىشىپ دەرياني، جاڭگال چېتىنى.

ھامكاپلار ئىنساندىن ئۆرنەك ئالغانمۇ،
نىچۇنكى مۇڭلىنىپ سۇرىدۇ خىيال؟
يالغۇزلۇق دىلىغا ئازاب سالغانمۇ،
بۇزۇلغان چۇشىدە تاپالماي ۋىسال؟

سۆرەيدۇ ئادەمنى سوئال قويىنىغا
مۇڭ، شادلىق چىرماشقان ئىككى خىل ھالەت.
يۆگىمەچ يامىشىپ جىگدە بويىنىغا
ئىزدەيدۇ ئەتراپتىن يېڭى كارامەت.

توپ - توپ قوي پادىسى توزان توزىتىپ
ھەيۋەتلىك قىياندەك ئېقىپ كېلىدۇ.
ھىجرانلىق كېچىنى ئاران ئۆزىتىپ،
جاڭگالغا باغرىنى يېقىپ كېلىدۇ.

دەيسەنكى، پەرىلەر جاڭگال تېڭىنى
تەبرىكلەپ چاچقانمۇ مەرۋايىت چاچقۇ؟
ھەممە ياق يالتىرار يەپ كۆز يېغىنى،
شور رەڭگى بەئەينى كۈمۈش رەڭ ئاق قۇ.

جاڭگالنىڭ سەھىرى ھاياتتەك گۈزەل،
ھەر قانچە قارىساڭ كۆزۈڭ تويمايدۇ.
بۇلاقتەك ئۇرغۇيدۇ يالقۇنلۇق غەزەل،
چۈنكى جىم تۇرۇشقا كۆڭۈل قويمايدۇ.

## يىگناغۇچ

ھەيران قالدىم، بىر يىگناغۇچ باش ئېلىپ
تەنها قېچىپ بېرىۋاپتۇ جاڭگالغا.
قونۇۋاپتۇ يۇلغۇنلارغا كېرىلىپ،
كەلدىكىن ئۇ زادى قانداق خىيالغا؟

بۇ يەردە يوق شەھەردىكى ئاۋاتلىق،
بۇ يەردە يوق ئەتىرگۈلنىڭ ئىپارى.
بۇ يەردە يوق نە خاپىلىق، نە شادلىق،
بۇ يەردە يوق مەشۇقىنىڭ دىدارى.

بۇ يەردە يوق سۈزۈك كۆللەر، بۇلاقلار،
بۇ يەردە يوق مەجنۇن تاللار جۇلاسى.
بۇ يەردە يوق ئالما، ئۆرۈك، ياڭاقلار،
بۇ يەردە يوق بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى.

بۇ يەردە بار چوغدەك تونۇر قىسمىتى،
بۇ يەردە بار ھۆركىرىشى بورانىنىڭ.
بۇ يەردە بار بۆرە، تۈلكە دەھشىتى،
بۇ يەردە بار چىرقىرىشى قاۋانىڭ.

ئويلاپ قالدىم، يىگناغۇچنى مۇنچىلا
مەپتۇن قىلغان چۆل - جاڭگالنىڭ نېمىسى
بولغانىمدۇ باغدىن بىزار شۇنچىلا،
قالغانىمدۇ يا ئېلىشىپ مېڭىسى؟

چوڭقۇر خىيال قاينىمىدا يادىمغا،
يېتىپ قالدى شەھەردىكى مۇنداق ھال:
بۆكسىمان تور باغلاپ تورچى خادىغا،
تۇتار ئىدى يىگناغۇچنى بى ھايال.

ھە، چۈشەندىم، تاللاپتۇ ئۇ يارىتىپ،
چۆل بولسىمۇ تۇزاقچى يوق ماكانىنى.
قويماقچىدۇ بەلكىم يەرگە قارىتىپ،
نەپسى بالا قاپقانچىنى، قاپقاننى!...

## گۈگۈم مەنزىرىسى

پەردە يايدى گۈگۈم چەكسىز جاڭگالغا،
جىمىپ قالدى بوز تورغاينىڭ سايرىشى.

① قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزا ئىسمى.

سۈس قىزغۇچ رەڭ قوندى ئۇت - چۆپ، داڭگالغا،
پادىچىنىڭ باشلاندى مال قايرىشى.

يىراقلاردا كۆك - ۋۇچ نۇرلار چاقنايدۇ،
ئاڭلىنىدۇ ئاچ بۆرىنىڭ هۇۋلىشى.
قوزىچاقلار ئەنسىز مەرەپ تاقلايدۇ،
ئاڭا مەددەت پادىچىنىڭ توۋلىشى.

زېرەك تايغان قۇلىقىنى دىڭگايتىپ،
هەر شەپىگە قۇلاق سالار دىققەتتە.
خىرىس قىلىپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ،
بۆرە تامان قاۋار پات - پات شىددەتتە.

گاھ هاي - هايلاپ، گاھ ئىسقىرتىپ پادىچى،
پادا هەيدەپ دەريا تامان قىمىرلار.
كەچكى شەپەق جىلۋە قىلغان سۈرىتى،
قوي ئەكسىنى داۋالغۇتۇپ جىمىرلار.

قوي - قوزىلار سۇغا قېنىپ تويۇنۇپ،
يانار كۆجۈم مەهەللىگە دۈپۈرلەپ.
«هاردۇق ئېشى» ئېتىپ كېلىن ئوخشىتىپ،
پادىچىنى كۈتۈپ تۇرار رەڭ تۈزەپ.

مۇهەممەتجان سادىق

# شېئىرلار

## ئىزدەڭلار مېنى

مەن سىڭىپ كەتمىدىم
كۈكۈمغا،
تۈن - كېچىگە...
ئەتىگە ئىزدەڭلار مېنى
گۈل - چېچەكلەردە،
يوپۇرماقلاردا،
ئانىجان زېمىندا،
چاقنىغان ياشتىن!...
ئۇھ!... مەن سىڭىپ كەتتىم
تاڭ قوينىغا،
ئەتىگە ئىزدەڭلار مېنى
گۈلگۈن شەپەقتىن،
ئاپتاپتىن،
ئالتۇن قۇياشتىن...

## فارابىي ۋە مەن

1

كەلمەكتە مىڭ يىللارنىڭ
چاڭ - توزانلىق،
ئىس - تۈتەكلىك،
ئاپتاپلىق يوللىرىدا
پاكار،
كەكە ساقال،
كۆزلىرى يوغان
بىر دانا...
ئۇ، كۆتۈرگەن ئارىستوتىلنى.
ياۋروپا
ئالدىغا چىقىپ
كۈتۈۋالدى
يۈرىكىدىن تەشەككۈر ئېيتىپ،
چۈشتى ئۇسسۇلغا
يۇنانلىق رەنا...

2

كەلمەكتە
هېرىشنى بىلمەيدىغان
بىر قەيسەر ئىنسان،
كۆتۈرۈپ پۈتۈن ئاسماننى
قۇياش،

www.uyghurkitap.com

ئاي،
يۇلتۇزلىرى بىلەن.
ئاھ، مەنمۇ
جاھان يوللىرىدا كېلىۋاتىمەن
كۆتۈرگىنىم
باھار گۈللىرى،
ياز تىنجىقى،
كۆز يوپۇرماقلىرى،
قىش قارلىرى.
ئاھ، مەن بولالامدىم،
ئېيتىڭلارچۇ ھەي، ئادەملەر،
ئاشۇ كەكە ساقال —
دانىشمەننىڭ ئەۋلادى.
ياڭرىمىسا مېنىڭ قولۇمدا
ئۇ ياساپ قالدۇرغان
تەمبۇر تارلىرى؟!...

## پىتنىدىن قورققان يىگىت ئەمەس

تىكەنسىز گۈل بولماس،
دەردسىز مۇھەببەت،
قۇشكېزەك شادلىققا قايغۇ ۋە ئەلەم.
باغرى تاش يېنىدا ئەڭ ئىللىق شەپقەت،
ئاق كۆڭۈل ئادەمگە پىتنىچى ھەمدەم.
بىر ئېغىز ئىچىدىن چىقسا گايىدا
ماختىشى، گايىدا تۆھمەت - يالىسى.
ئالدىدا ھىجايسا، لېكىن خالىدا
گويا ئۇ، ئىغۋانىڭ سادىق بالىسى...
مېنىڭمۇ كەينىمدە يۈرەر سۆز - چۆچەك،
كۆرەلمەس شەيتاننىڭ ئاغزىدىن ئۇچقان.
ئۆلەيمۇ؟!
قەلبىمدە گۈزەل گۈل - چېچەك،
خىيالىم مەردلىكنىڭ تېگىنى قۇچقان!...
مەيلى سەن توقىغىن،
پەرۋايىم پەلەك،
ۋىجدانىم ئاپئاق قالماس سايىدا.
يۈرىكىم تەڭرىتاغ تويىغا ھەلەك،
پاك، قۇتلۇق مۇھەببەت،
ئېزگۈ غايىدا.
ئىشقىمنى مەن ساڭا قىلسامىلا ئىزھار
ئەل - يۇرتۇم،
يېتەتتى بېشىممۇ كۆككە.
ئەزەلدىن يۇقىقانىمۇ قاپقارا كۆيە،
ئاق بىپقا تىكىلگەن بادام گۈل بۆككە؟!...
چاقنىيمەن گوياكى ۋىجداندەك يارقىن،
چاقنايمەن قالسامىمۇ تۆھمەتلەر ئارا!
ياشايمەن ھەمىشەم ئاپئاق ئىماندەك،
ئىشقىمغا تەگكۈزمەي زەررىچە قارا!؟
ئويلىما!
يۈرىكىم چىقماس قېپىدىن،
پىتنەگىدىن كەتمەس ھەم بېشىم ئېگىلىپ!
كەتمەس ھەم ۋەسۋەسە سىرلىق يىپىدىن
ۋەھىمە غارىدا ئەقلىم چىگىلىپ!...
خۇشالمەن تەڭرىتاغ —
قۇتلۇق بىر يۇرتنىڭ
بۇلبۇلى بولغۇنۇم بەختىم ھەر ئاندا.
قالسامىمۇ ئىچىمدە دەھشەتلىك ئوتنىڭ
كۆيمەيمەن،
كۈيلىرىم چاقنار جاھاندا.

## رومانتىكا

بىلمىدىم، بۇ ھايات يارالغانمىدۇ
بىرىنى بىرىگە دائىم زىت قويۇپ؟!
بولمامدۇ قەدرى يا كۆزلەرنىڭ يېشى.
تۇرمىسا شادلىقنى كۈن - تۈنى يۇيۇپ؟!
مەيلىدى مەن ئۆتسەم كۈلۈپ ھەمىشەم،
چۈشۈمدە تەبەسسۇم قىلسام كېچىدە.
مەيلىدى ياشىسام تارتماي قىلچە غەم
گوياكى بۆرەكتەك ماينىڭ ئىچىدە.

يوقاتماس قەلبىمدىن زادى قەدرىنى
بۇ شادلىق،
بۇ كۈلكە،
كۆڭۈللۈك ھايات!
دەردتىن كىم كىرىپتۇ يەرنىڭ قەھرىگە،
بىل، شادلىق - خوراملىق ئۆمۈرگە قانات!
تۆكۈلگەن سۈپسۈزۈك ھالال تەرىمدىن
ئۈنگەن گۈل پۇرىقى يۈرەككە داۋا.
بەخت ئۇ، دوستلىرىم بىلەن بىرلىكتە
شۇ گۈلنىڭ تۈۋىدە ئۇينىغان ساما!

## كەتكۈزمەس بۇ تاغ

ۋۇجۇدۇم دالىسى كۆيمەكتە يېنىپ،
چىرىلدار تومۇزغا تىنماي كۈن - تۈنى.
ئۇھ، دەيدۇ يۈرىكىم،
نەدىسەن چەشمە،
ئاڭلانماس شىرىلداپ ئاققان شوخ، ئۈنى:..

نەدىسەن كۈلكىسى زۇمرەت بۇلاقنىڭ
يېقىملىق كۈيدەك خۇلقى بولىبۇلۇم؟!
كۈن ۋە تۈن خىيالىڭ مەن بىلەن بىللە،
تىنچىمىسەن ئامرىقىم،
چېچى سۈمبۇلۇم؟!
بىردەممۇ توختىماي ئۇچاي لاچىندەك،
يارەبىي، بەرسەڭچۇ ماڭا جۈپ قانات.
بىلدىمكى، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن
يۈرەك سېغىنىشى ئازابلىق ھايات!...
ئۇمۇ ئاھ، تۇرغاندۇر يولۇمغا قاراپ
قاچانمۇ كېلەر، دەپ تەلمۈرۈپ ماڭا.
كۆز تىكىپ تۇرغاندۇر مەن كەتكەن ياققا،
تېخىمۇ مۇڭ چېچىپ يۇلتۇزلار ئاڭا...
ئۇ يەردە ئىنتىزار ماڭا نىگارىم،
بۇ يەردە كۆيمىدۇ يارى كەچكى چاغ.
ۋە لېكىن سېغىنىش ئوتىدا يانغان
يۈرەكنى كەتكۈزمەس مېھماندوست بۇتاغ...

— ...

مەھەممەتتوختى ئەخمەت

## بىچارە بالا

يىغلايدۇ تېلىقىپ بىر بوۋاق بالا،
يىغلايدۇ ھەتتاكى مۇڭلىنىپ جاھان.
بوۋاقنىڭ يىغىسى بىر گۈلدۈرماما،
يىغلايدۇ مىڭ كۆزدىن ياش تۆكۈپ ئاسمان.
ئانىسىنىڭ كۆكسىنى ئىزدەيدۇ بوۋاق،
ئاتىسىنىڭ مېھرىنى ئىزدەيدۇ بوۋاق.

يىغلايدۇ بوغۇلۇپ گۇناھسىز بالا،
گۇناھلىق ئۇنىڭكى ئاتا - ئانىسى.
گۇناھى: تۆگىمەي قۇرۇق جاڭجاللار،
ئۆگەينىڭ قولىغا قالدى بالىسى.
ئاھ، ئېسىت! دەشنەمگە مەھكۇم بىچارە،
ئاھ، ئېسىت! باغرى قان، يۈرىكى پارە.

* *

تۇرىدۇ مۇڭلىنىپ شۇ سەبىي بالا،
نەدىدۇر ئۇنىڭغا شادلىق ۋە ئارام.
ئاھ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، يۈرىكى يارا،
كۆزىدىن ياشلىرى ئاقىدۇ تارام.
باشقىلار يېيىشسە كەمپۈت بىلەن قەنت،
بوينىنى قىسىپ ئۇ يۈرگىنى يۈرگەن.

يىراقتىن جۇرئەتسىز قارايدۇ بالا،
تەڭتۇشلەر توپلىشىپ ئوينىسا ئويۇن.
زىمىستان ئۇنىڭغا چىمەنزار دالا،
قەلبىدە تۈتەكلەپ ئايلىنار قويۇن.

www.uyghurkitap.com

تۇغۇلغان ئۆيىمۇ بولمايدۇ ئەمەك،
بالىلار تۆپىلەپ ئەتكەندە بوزەك.

كۆڭلىنى زەررىچە ئاچالماس بالا،
باغچىغا ھېچ كىمشى ئاپارماس ئۇنى.
يېتىلەپ بازار ھەم ماگىزىن ئارا
كۆلدۈرمەس ئۇنىڭكى مىسكىن دىلىنى.
ئەي، دەرىخ، يوق نېچۈن ئۇنىڭغا شادلىق،
كۆلمەيدۇ نېمىشقا-نېمىشقا تاتلىق؟

تەلمۈرۈپ ھەسرەتتىن ئۆرتىنەر بالا،
تەڭتۇشلەر چۇرۇقلاپ ماڭدى مەكتەپكە.

كىم ئۇنىڭ بەختىنى ئەيلىگەن قارا،
كىم ئۇنى قوشمىدى بۇ يېڭى سەپكە؟
ئەمالىق ئىلكىدە قالسۇنمۇ دىلى،
نادامەت ئىلكىدە يانسۇنمۇ دىلى؟

بەختنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ بالا،
تاغ بىلىپ ئاتا ھەم ئانا مېھرىنى.
ئۆم-ئىناق، كۆيۈمچان ئاتا ھەم ئانا،
توپىغا تەڭ قىلماس پەرزەنت چېھرىنى.
بالىنى ئويلاڭلار ئاتا-ئانىلار،
ئىللىق بىر ھاياتتا ئۆسسۇن باللار.

ئابدۇكېرىم ئوسمان

# ئون توققۇز كۆكلەم

## ناخشا

توقۇپ قويدى ئون توققۇز كۆكلەم
يۈرىكىمدە ئوتلۇق بىر ناخشا.
بۇزۇلمىدۇ چۈشلىرىم پات-پات،
سىزمۇ شۇنداق بولغانمۇ دادا؟

توقۇپ قويدى ئون توققۇز كۆكلەم
يۈرىكىمدە مۇڭلۇق بىر ناخشا.
ئېيتالمايمەن، يۇتالمايمەن ھەم،
ئۇنى قاچان تىڭشايسىز ئانا؟

## يامغۇرلۇق تۈندە...

ئاسمان كىمگە يىغلار ياش تۆكۈپ پىنھان؟
تىنىمدى ئۆكسىشى تۈن نېسىبى ئۇدا.
ئۇيقۇدا كەڭلىكلەر، ئۇيقۇدا ھايات،
ھىجران مۇڭلىرىغا سالار كىم نەزەر؟!
بۇدەم مەنلا ئويغاق مىسكىن ھۇجرىدا...

يار، سەنمۇ چۈش كۆرۈپ ياتتىڭ ئېھتىمال،
چۈشۈڭدە شۇ ئۇزاق دالا سەپىرى.
قويغاندۇ ئۇنىدىنمۇ كۆك يېشى-يامغۇر؟
سۆزلىنەر ئېھ، ئۇنىڭ شارقىرىشىدا
قەلبىمگىنى سېغىنغان پاك سۆيگۈم سىرى.

## تۈندىكى خىيال

كەل، باغرىمغا باش قويغىن دىلبەر،
ئۇنتايلى دۇنيانى بىر پەس.
سەبىلىككە قايتايلى بىللە،
يانسۇن ئۆلگەن باللىق ھەۋەس.

كاجلىقىمنى قىلاي مەن يەنە،
رەگەتكەمدە ئاتاي چولپاننى.
باللىقىم ئارمانلىرىدا
نۇرلاندۇراي خىرە ئاسماننى.

شوخلۇقىڭنى قىلغىن سەنمۇ ھەم،
تەپكۈچۈڭنى بېرەي دىلرەبا.
تەپكىن ئۇنى چولپاننى چەنلەپ،
تەپ، ئەرشكە يەتكۈچە راسا!

چۈشۈرەيلى چولپاننى شۇنداق،
پاك سەبىيلىك قۇدرىتى بىلەن.
ئېسىمىزگە قايتايلى ئاندىن،
ئېسىۋالغىن شۇ چولپاننى سەن.

## ئانا دەريا

باللىق ھەۋەسلىرىم تېپچەكلەيدۇ،
شېغىللىق ساھىلىڭدا كېزەر قەلبىم.
دولقۇنۇڭ سۆيگۈ تۇغار ئاتەش - ئاتەش،
مېنگەشىپ شۇ دولقۇنغا ئۈزەر قەلبىم.

بولسىدى پامىر كەبى يۈكسەكلىكىم،
ئاڭلاتسام شاۋقۇنىڭنى يىراقلارغا.
زەرەپشان، سېغىنىدۇردۇڭ كۆپ كېچىلەر،
چۈشۈمدە ھال - مۇڭ تۆكتۈم شىۋاقلارغا...

شائىرلىق ئىدرىكىنى بەرگەن ئۆزۈڭ،
قەدىمى كۈيلىرىڭدىن تۇغۇپ تالانت.

ئۇمىدكە يېتەكلىگەن مەڭگۈلىكىڭ،
بۈيۈكتۇر مەڭگۈلۈكتە ئەسلى ھايات!

تىلىكىڭ سوراقلىدى، قوشاق قاتتىم،
قەلبىمنى بېسىپ تۇردى بۇرچۇڭ ھامان.
ياراتتىم ئىدرىكىمدىن تەنھا دۇنيا:
مۇرادىم قۇياشىنى تىلەر ئاسمان.

يىراقمەن شائىرلىقتىن، ئاھ، بەك يىراق،
كۆتكىنىڭ ئەمەس ئىدى مەندىن قوشاق!
كۆتەتتىڭ دولقۇنىڭدەك ئۆلمەس ناخشا،
كۆتەتتىڭ ئىلاھ-لاردەك شېئىر شۇنداق!

سەن زېمىن شائىرىسەن، ئەبەدىسەن،
«شېئىر!» دەپ تۆرەلگەنمەن ئېقىنىڭدىن.
ئاھ، بۇدەم باغرىم يېقىپ تاشلىرىڭغا
ئۆكسۈيمەن،
قۇدرەت تىلەپ بىر سېنىڭدىن...

بۇژغۇنلار!
قامچىلىغىن يۈزلىرىمنى!
بۇرچۇڭدىن ئەبەدىيلىك تېپىۋالاي.
ھوش تاپسۇن ئۆگدەك باسقان سەزگۈلىرىم،
شارقىرا!
ئۇيقامنى تەرك ئېتىۋالاي.

ئابدۇرېشىت بارات

## تىترىگەن سادالار

### چىللىسام چىق سەنمۇ ھەر قېتىم

ئەلچى قىلىپ ناخشامنى بۇ كەچ،
دېرىزەڭدىن كىرگۈزدۇم جانان.
تىۋىشىڭنى ئاڭلىماي تەنھا،
ھۆكۈم سۈردى قەلبىمدە مانان،
شۇ سەۋەبتىن يۈرەكتە پىغان.

ئىزلىرىڭنى باغاشلاپتۇ تۈن،
شىۋىرلاشنى ئۇچۇرۇپ شامال.
ھېسلىرىمدا غايىۋى تىۋىش،
كۆزۈم ئەركى تۈنلەرگە قامال،
يوقمۇ ماڭا ئۆزگە بىر ئامال.

بېشىم ئېگىپ ئولتۇردۇم چالدەك،
سېنى كۈتۈپ ھۇجراڭغا بېقىپ،
بۇنداق كۈتۈش - سۆيۈشكە بەدەل
چىن ئەقىدەم قالماس ھاڭۋېقىپ،
كەتسىمۇ گەر يۈرىكىم ئېقىپ.

قۇياش چىكەر ئۇپۇقنى ھامان،
ئۇيقۇلارمۇ زېرىكەر سەندىن.
كۆڭلۈم تۆرى ساڭىلا تالىق
جېنىم قىيىنداپ كەتسىمۇ تەندىن،
تۇمانلارنى ئايرىغىن مەندىن.

يۈرىكىمنى بىلگىن گۈزىلىم
ۋەدىلەرنى قىلمايلى يېتىم.
قەددىڭ رۇسلا، دەردىمگە ھاي بەر،
بوپ قالمىسۇن كۈتۈش - ئادىتىم.
چىللىسام چىق سەنمۇ ھەر قېتىم.

## مېنىڭ شېئىرىم تىنىقىڭنىڭ سايىسى

جەننەت ھۆسنى جىلۋە قىلار چېھرىڭدە،
تىنىقلىرىڭ مىڭ باھارنىڭ ساباسى.
يېقىملىق كۈي ئاھاڭ ئوينار سۆزۈڭدە،
باغرىڭ دەردمەن يۈرىكىمنىڭ شىپاسى.

تەبەسسۇمىڭ سۈكۈتلەرنىڭ قاتىلى،
ئانىسىدۇر كۈلكىلىرىڭ كۈلكەمنىڭ.
ئوماق چېھرىڭ ئارمىنىمنىڭ ساھىلى،
ئاپتىپىدۇر ھەر بېقىشىڭ بۇ تەننىڭ.

شوخ شاماللار سىلىغاندا چېچىڭنى
كۈندەشلىكىم شادمان دىلنى ئازابلار.
كۆرگۈنۈمدە قارا ئەگىم قېشىڭنى
ئىشقىم يايراپ سۆيۈنىمۇ بىقارار.

مېنىڭ شېئىرىم تىنىقىڭنىڭ سايىسى،
كۈلكىلىرىڭ سىرلاردا پارلايدۇ.
شائىرلىقىم ھەدىيىسى ئىشقىڭنىڭ،
كۆڭلۈم قەلبىڭ باغلىرىنى چارلايدۇ.

## چۈشلىرىڭنى ئەسلىمە، ئۇنۇت

دولقۇنلارنى سۆرەيمەن چۆلگە
چاڭقىغانلار تەشناسى ئۈچۈن.
قاراڭغۇنى قوغلايمەن يىراق
ئاي بېرىمەن ئۆگكۈرلەر ئۈچۈن.

مەشئۇم چۈشتىن ئويغىتىپ سېنى،
ئۇيقۇلارنى ئازدۇراي بىر پەس.
تەبەسسۇمدە كۈلگۈچە چېھرىڭ
گۈگۈملارنى قىلاي ئەمدى مەست.

ئاھ، دوستلىرىم بەرگىن قولۇڭنى،
چۈشلىرىڭنى ئەسلىمە، ئۇنۇت.
پاتقاق چېچىپ تۇرمىسۇن يولغا
ئاسمىنىڭدا كۆل رەڭلىك بۇلۇت.

## خوشلاشقاندا

«خوش» دېدى لەۋلىرىم لىغىلداپ ئاران،
ۋە لېكىن يۈرىكىم كۆتۈردى ئىسيان.
ھېسلىرىم ھىجراننىڭ تېغىدا يىغلار،
ياشلىرىم مەڭزىمدە تاردى ھەريان.

جۇپ كۆزۈم بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر
تاشلاندى دېڭىزغا تىپىرلاپ ئۇخچۇپ.
تېنىمدە شادلىقىم قىستى بوينىنى،
مەڭزىمدىن كۈلكىلەر كېتىشتى كۆچۈپ.

www.uyghurkitap.com

ئاھلىرىم يۈرەككە سانچىلدى تىغدەك،
يىغانىنىڭ سەيناسى بولدى ۋۇجۇدۇم.
گەۋدەمنى كۆتۈرمەك ھار كەلدى پۇتقا،
تاشلاندى تۇپراققا كۈچلۈك غۇرۇرۇم.

ۋىسالىنىڭ پەردىسى ئەركىلەپ شۇندا،
بۇ تەشنا لېۋىمگە باسقاندا مۆھۈر؛
دېدىكى، كەتسەممۇ يۈرىكىم سەندە،
سادىقمەن مەن ساڭا، جېنىم، بىر ئۆمۈر!

### ئوكيانچە بولسا

چىۋىن قونار سۇ ئەگەر
بىر تامچە بولسا،
يولۋاس قورقار سۇ ئەگەر
ئوكيانچە بولسا.

...

سەلەي قاسىم

## شېئىرلار

### قەلبىمنى بېرىمەن ساڭا

شائىر ئوغلۇم، سەن تولا ئوماق،
ھېسسىياتىڭ قايىنىغان بۇلاق.
تۆكۈلدۈ بىر دەريا قوشاق،
پاك قەلبىڭدە ئىلھامىڭ قايناق.
قەلبىمنى بېرىمەن ساڭا،
تەلپىمنى بېرىمەن ساڭا.

چىق پەلەككە، يەلكەمگە دەسسە،
بولۇپ قالسۇن ئاخىرقى ھەۋەسىم.
مېنى ئۇنۇت، ئۇنۇتما مەيلى
مەن خاتىرجەم ئەلگە نەپ بەرسەڭ.
قەلبىمنى بېرىمەن ساڭا،
تەلپىمنى بېرىمەن ساڭا.

شائىر بەك ئاز بىلىسەڭ ئالەمدە،
بېسىپ بولماس ھەممە ئادەمگە.
ئۈمىدىمنى باغلىدىم باشتا
سەن گۆھىرىم - يۈرەك پارەمگە.
قەلبىمنى بېرىمەن ساڭا،
تەلپىمنى بېرىمەن ساڭا.

ئاسان دېمە شائىرلىقنى سەن،
ئەل ئىشىغا ھازىرلىقنى سەن.
ئۆگەن ئەلنىڭ يۈرەك - قەلبىنى،
سۈرەتلەشكە ماھىرلىقنى سەن.
قەلبىمنى بېرىمەن ساڭا،
تەلپىمنى بېرىمەن ساڭا.

### ئىچ - ئىچىمدە بىر ئوت بار

يۈرىكىمنى يۇتتۇردۇم،
شوخ سەنەمقىز كۆردۈڭمۇ؟
شۇندىن بېرى بىلمەيمەن
مەن تىرىكمۇ - ئۆلدۈممۇ.
قاچان كەلدىڭ بۇ يۇرتقا،
ئىچ - ئىچىمدە بىر ئوت بار.

كۆڭلۈم قالدى ئويۇڭدا،
كۆيۈپ قالدىم كۆيۈڭگە.
شۈڭغۇپ كىرسەم بىر يولى
شەھلا چولپان كۆزۈڭگە.
قاچان كەلدىڭ بۇ يۇرتقا،
ئىچ - ئىچىمدە بىر ئوت بار.

ئاي بېشىڭدا مېھرىبان،
كۈن قېشىڭدا پاسىبان.
دەۋرىڭ گۈزەل ئېيت غەزەل
بەختىڭ كۈلدى شادىمان.
قاچان كەلدىم بۇ يۇرتقا،
ئىچ - ئىچىمدىن بىر ئوت بار.

## خـەلقىم

سەن دېمەك مەن.
مەن دېمەك سەن.
سەنلا كۈلسەڭ كۈلىمەن.
يىغلىمىغىن،
يىغلىساڭ،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلىمەن.

ئىشلەت ئۈنسىز قۇلۇڭمەن.
يانچۇقۇڭدا پۇلۇڭمەن.
قىسۋالغىن چېكەڭگە،
يارىشىملىق گۈلۈڭمەن.

ئەزىز خەلقىم مەن سېنىڭ،
ھىممىتىڭنى بىلىمەن.
تۆھپە - ئەجرىڭ، تەرىڭدىن
قىممىتىڭنى بىلىمەن.

ئەزىز خەلقىم سەن ئۆزۈڭ.
مېنىڭ تىرىك خۇدايىم.
ئوتقا كىر - دە،
سۇغا كىرا...
مەن كىرىمەن مۇلايىم.
بۇيرى مېنى ھەر ئىشقا،
ساقىت بولسۇن. گۇناھىم.

## پارچىلار

ئۇ بېشىدىن كەلدىم دۇنيانىڭ،
بۇ بېشىغا كىرىپ كېتىمەن.
يېمەي - ئىچمەي يىغدىم ۋە لېكىن،
ھەممىسىنى بېرىپ كېتىمەن.

* *

ئىچ سېرىڭنى ئېيتما زىنھار،
بىر ئۆزۈڭ بىل، بىر ئۆزۈڭ.
ئۆز ئىچىڭگە پاتمىغاندا،
نەگە سىغسۇن ئۇ... سۆزۈڭ.

* *

كۆرەلىگەن سەنىمىدىڭ،
«كۆرەلمىگەن» مەن ئىدىم.
كۆرەلىگەن مەن ئىدىم،
تۆرەلمىگەن سەن ئىدىڭ.

* *

ھاجىتىڭ چۈشكەندە مېنى كۆرۈپلا،
يىراقتىن ھىجىيىپ كۈلۈپ كېلىسەن.
ھاجىتىم چۈشمىسۇن،
چۈشسە مۇبادا،
ئۆزۈڭچە تىرىكلا ئۆلۈپ كېلىسەن.

* *

ئاي بېشىدا دوستۇڭمەن،
يېقىن كۆڭۈل خۇشتۇڭمەن.
ئاي ئاخىرى بىلىمىدىم،
ئەمەس ئۇرۇغ - پۇشتۇڭمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قاھار جېلىل

# تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ ①

(پوۋېست)

## تۇرمۇش ھەمىشە كۆڭۈللۈك بولۇۋەرمەيدۇ

— گۈلنىسانىڭ خاتىرىسىدىن I

1

ئىككى ئاي ئۆتتى. ئەمدى ئۆيىمىزدە ئۈچ دۇكاندا گىلەم توقۇلۇۋاتاتتى. تۆتىنچىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتۇق. بۇ تەرەپلەردە يەر ئاز، ئادەم كۆپ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى دېھقانلارنىڭ ھال كۈنى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. بىراق، قورساق تويغان بىلەنلا تۇرمۇشتا ھېچقانداق غەم قالمىدى دېگىلى بولامدۇ؟ كىيىم كىيىش، ئۆي - سەرەمجان يېڭىلاش، ئاغرىق داۋالىتىش، توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈش، ئۆلۈم ئۇزىتىش دېگەنلەردىن مۇتلەق خالىي ھالدا ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن شۇ پۇل قېنى؟ ئۇنى ھېچكىم ساڭا بىكارغا بەرمەيدۇ. ئاشلىقىڭنى ساتساڭ ئاچ قالىسەن، پۇلنى ئىشلەپ تېپىشىڭ كېرەك. بىراق سەھرا دېگەندە پۇل تاپىدىغان ئىشلار ھەمىشە تېپىلىۋېرەمدۇ؟

دۇرۇس، شۇ كۈنلەردە كەنتىمىزدىن ھەرخىل ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارمۇ، ئۇششاق - چۈششەك تىجارەت قىلىۋاتقانلارمۇ، شەھەردىكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ياللانغانلارمۇ، ھەتتا يىراق جاڭگاللاردىن ئوتۇن ئەپچىقىپ سېتىۋاتقانلارمۇ خېلى تېپىلاتتى. بىراق، ئۇ ئىشلار بىلەن ئاساسەن ئەرلەر شۇغۇللىناتتى. تېخى ياتلىق بولمىغان قىزلار، بالىسى يوق چوكانلار ۋە ئازغىنا يەرگىلا باغلىنىپ قالغان نامرات ئائىلىلەردىكى ئوششۇق ئەمگەك كۈچلىرى قىش كۈنلىرىنى بىكار دې-

① بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

گۈدەك ئۆتكۈزەتتى. خالۋاپىلىققا شاگىرت ئالماقچى بولغانلىقىمىز مەلۇم بولۇش بىلەن تەڭلا ئۆيىمىزنى ئادەم باستى. ئەمما بىز مۇنچىۋالا شاگىرتلارنى سىغدۇرالمايتتۇق. بەزىلىرىنى قوبۇل قىلدۇق، بەزىلىرىگە يىپ ئىگىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدۇق ۋە بەزىلىرىنى ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇردۇق. ناۋادا چامىمىز يەتسە ئىدى، ئون نەچچە دۇكان قۇرساقمۇ ئادەم كۆپچىدىن قىسىلمايدىغاندەك قىلاتتۇق.

بىز شاگىرت قوبۇل قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۈچ دۇكاندا ئۈچىنچى قېتىملىق گىلەمنى يېرىملاشتۇرغانىدۇق. دۇكانلار بۇرۇنقى ساراي ئۆيىمىزنىڭ تۆت تەرىپىگە تام بويلىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. دادام، ئانام، يەڭگەم ۋە مەن ئۇستىلار سۈپىتىدە ھەرقايسى دۇكانلارغا بۆلۈنۈپ ئىشلەيمىز، ئاكام «ئارقاسەپ» كە مەسئۇل بولۇپ، خام ئەشيا ۋە يېقىلغۇ ھەل قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. كېلىشىم بويىچە ئۈچ ئايغىچە شاگىرتلارغا ئىش ھەققى بېرىشكە بولمايتتى. لېكىن گىلەملەر سېتىلغاندىن كېيىن دادام ھەر بىر شاگىرتقا ئۆز لايىقىدا «چاي پۇلى» تارقاتتى.

شاگىرتلارنىڭ ھەممىسى قىزلار ۋە ياش چوكانلار ئىدى، شۇڭا ئۆيىمىزدىن ھەر كۈنى كۈلكە - چاقچاق ئۈزۈلمەيتتى، بەزىدە قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيتىشاتتۇق، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتۇق، بەزىدە ئاۋازىمىزنى پەس چىقىرىپ ناخشا ئېيتىشاتتۇق. كېيىن ئاكام ئۆيىدىكى ئۈنئالغۇسىنى ئەكىلىپ، مورا بېشىغا ئورۇنلاشتۇردى.

ئاچام قوشنا كەنتكە ياتلىق قىلىنغانىدى. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىپ يېزا دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئانام بىلەن ئىككىمىز ئۇنى يوقلاپ باردۇق. سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولغانىكەن، ئوپېراتسىيە قىلىنىپتۇ. مەن بىر نەچچە كۈن كېسەلنى كۈتۈش ئۈچۈن يېنىدا قالدىم، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. كېچىسى خۇددى ئۆيىدىكىدەك ئارام خۇدا ئۇخلايتتىم، كۈندۈزلىرى تولا ۋاقتىمنى ئۇنىڭ كاردىۋىتى يېنىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزەتتىم. خىيالىم پات - پات ئۆيىدىكى دۇكان ۋە خۇش چاقچاق ھەمراھلىرىمغا كېتىپ قالاتتى ئەجەب ئىش: بۇرۇن گىلەم توقۇشنى ناھايىتى زېرىكىشلىك ئىش، دەپ قارايتتىم. مانا ئەمدى ئايرىلغىنىمغا ئىككى - ئۈچ كۈن بولماي تۇرۇپلا ئۆيگە قايتىپ كەتكۈم كېلىپ قالدى. مەن ئاشۇ ئىشقا، مۇڭداشقاچ، چاقچاقلاشقاچ گىلەم توقۇۋاتقان ھەمراھلىرىمغا كۆنۈپ قالغانىدىم. ئۇ يەردە كۈن بويى مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇساممۇ ھېرىپ - چارچىغىنىمنى سەزمەيتتىم، بۇ يەردە ئاساسەن بىكار ئولتۇرساممۇ بېلىم، بوينۇم تېلىپ ئاغرىۋاتىدۇ. كۆڭلۈمدە بىر خىل زېرىكىشلىك، تىت - تىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ئاخىر كىتاب ئارىيەت ئېلىش ئۈچۈن مەدەنىيەت پونكىتىغا باردىم. پونكىت يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ نېرىسىدا ئىدى. قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىمدا ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىدە، كىمدۇ بىرىنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئايۇپ ئاكا بىلەن چىمەنگۈل كېلىۋېتىپتۇ، ئايۇپ ئاكا چىمەنگۈلنى ئارقىدا قالدۇرۇپ مەن تەرەپكە ئىتتىك مېڭىپ كەلدى.

— ياخشىمۇسىز، سىڭلىم؟ — ئۇچۇق چىراي بىلەن سالام بەردى ئۇ، — بۇ يەرگە سىزنى قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

سالامىغا جاۋاب قايتۇردۇم ۋە دوختۇرخانىدا ئاچامغا قاراۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم.

— مۇنداق دەڭ؟ خەۋەرسىز قاپتىمەن، بولمىسا، يوقلاپ باراتتىم.

ئايۇپ ئاكىنىڭ چىرايىدىن ئاللىقانداق خۇشاللىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بىزنىڭ بۇ يەردىكى يېزا باشلىقلىرى تولا چاغلاردا چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسكەن، ياقىلىرى كىرلەشكەن، ئۈستىبېشىغا توپا قونغان هالدا يۈرۈشەتتى. مۇنداقلار ھەتتا ناھىيىدىن كەلگەن كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىنمۇ تېپىلاتتى. خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدىن شۇنداق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاتتىم. بىراق ئايۇپ ئاكا بىلەن قاچانلا ئۇچراشسام، ئۇنى يۈزلىرى سىپسىلىق، كىيىملىرى پاكىز ۋە رەتلىك هالداكۆرەتتىمھەتتا مەكتەپكە بارغان چېغىدا كاستۇم كىيىپ، گالستۇك چىگىۋالغانلىقىمۇ ئېسىمدە. باشقا كادىرلار گويا نېمىدىندۇر نارازى بولغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرۈشەتتى. كىشىلەرگە سۆز قىلغاندىمۇ چىرايى ئانچە ئېچىلمايتتى. بىراق ئايۇپ ئاكا بولسا، كىشىگە ھەمىشە ئۇچۇق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. مانا هازىرمۇ ئۇنى شۇ هالەتتە كۆردۈم.

چىمەنگۈل ئاچامنى ئوپېراتسىيە قىلغان دوختۇر ئىدى. ئۇ يېنىمىزغا كېلىپ، مەن بىلەن باش لىڭشىتىپلا سالاملاشتى ـ دە، ئاندىن ئايۇپ ئاكىدىن سوردى:

— سىلەر بۇرۇندىن تونۇشاتتىڭلارمۇ؟

نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ھەيران قالغانلىقمۇ، نارازى بولغانلىقمۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

— شۇنداق، بىز كونا تونۇشلار، — دېدى ئايۇپ ئاكا، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ سوردى، — قانداق، ئىشىڭلار راۋاج تېپىۋاتامدۇ؟

مەن قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

— ياخشى، ئىمكان بولسا، يەنە كېلەيتتىڭلار. بىز يېزىمىز دائىرىسىدە قول هۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرىمىز، ھەر خىل كەسپىي ئائىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىمىز. گىلەمچىلىك جەھەتتە سىلەر ئالدىدا ماڭغۇچىلار، باشقا كەنتلەردىمۇ بىرنەچچە ئائىلە بارلىققا كەلدى.

بىز ئىش باشلىغاندىن بۇيان ئايۇپ ئاكا ئۆيىمىزگە ئۈچ قېتىم يوقلاپ بارغان ۋە مەبلەغ، خام ئەشيا جەھەتتە بەزى قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلىپ بەرگەنىدى.

— مۇنداق بىر تەكلىپىم بار، — دېدى ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆردۈم. ئۇلار پۈتكەن گىلەملەرنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىش شەرتى بىلەن خالۋاپلارغا تەييار ماتېرىيال تارقىتىپ بېرىدىكەن. سىلەر شۇلار بىلەن توختام تۈزسەڭلار ماتېرىيال ھەل قىلىش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلاتتىڭلار، ئىش ھەققى جەھەتتىمۇ زىيان تارتمايتتىڭلار.

بۇ يۇرتتا ئەمەلدارلارنىڭ ھەربىر سۆزى گويا بۇيرۇققا ئوخشاشلا رول ئوينايت-

تى. رەت قىلساڭ زىيان تارتاتتىڭ. شۇڭا كاللاڭدىن ئۆتمەسمۇ، ئاشكارا قارشىلىق بىلدۈرمەي، يا ئۇنى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىپ، زىيان تارتىشىڭغا، ياكى ئاغزىڭدا ھەدەپ قويۇپ، ئۆزۈڭ بىلگەنچە ئىشلىشىڭگە توغرا كېلەتتى. بىراق، مەن سىلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم.

— بۇ ھەقتە ئاكامۇ ئۇقۇشۇپ كۆرۈپتىكەن. بىراق بىرمۇنچە كىشىلەر بىزگە يىپ ئىگىرىپ بېرىش، بوياش بىلەن كىرىم تېپىۋاتىدۇ. كارخانىدىن تەييار ماتېرىيال ئالساق، ئۇ ئادەملەر ئىشسىز قالىدۇ، شۇڭا ھازىرچە بۇرۇنقىدەك ئىشلەۋېرەيلى، دەپ ئويلاشتۇق.

— ياخشى ئويلاپسىلەر، — دېدى ئايۇپ ئاكا سەل خىجىل بولغان تەلەپپۇزدا، — مەن ئىشنىڭ ئۈنۈمىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، باشقا تەرەپلەرنى ھېسابقا ئالماپتىمەن. بولۇپمۇ ھېلىقى كىشىلەر پۈتۈنلەي ئېسىمگە كەلمەپتۇ، — ئاندىن ئۇ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى - دە، — ماۋۇ دۆتلۈكۈمنى قاراڭلار، سىلەرنى مۇشۇ يەردىلا گەپكە تۇتۇپ كېتىپتىمەن. يۈرۈڭلار، ياتىقىمغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، چاي - پاي دەملەشكە خېلى بىڭسىم بار، — دېدى.

چىمەنگۈل بۇ تەكلىپكە دەررۇ ماقۇل بولدى.

ھازىر مېنى كېسەل ئاچام دوختۇرخانىدا كۈتۈۋاتىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ئايۇپ ئاكىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلالمايتتىم. شۇڭا مەن رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتىم، بىردەمدىن كېيىن چىمەنگۈلمۇ كەينىمدىن يېتىشىپ كەلدى. ئېھتىمال، ئۆزى يالغۇز ئايۇپ ئاكىنىڭ ياتىقىغا كىرىشنى خالىمىغان بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ نېمىشقىدۇر ماڭا بىر ئىشتىن رەنجىگەندەك كۆرۈنەتتى. مېنى كۆرمىدىمۇ ياكى قەستەن كۆرمەسكە سالدىمۇ، ئىشقىلىپ چىرايى تۇتۇلغان ھالدا يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھەيران قېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى: سەھرا يېرى دېگەندە ھۆكۈمەتتىن ئايلىق ئالىدىغانلار دېھقانلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ كېتەتتىمۇ!؟

2

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن ئايۇپ ئاكا بىرمۇنچە سوۋغا - سالام كۆتۈرۈپ، ئاچامنى يوقلاپ كەلدى. ياتاقتىكى ھەممە كېسەللەردىن ئەھۋال سورىدى، ئاندىن دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش خىزمىتى، تامىقى توغرىسىدا پىكىر ئالدى. دوختۇرخانىنىڭ شارائىتىنى ئۇنچە ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى. بەزى سېستىرالار ھەتتا كېسەللەرگە خېلى سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. بىراق كېسەللەر بىرلىق سوئاللارغا: «بىز بەكمۇ رازى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. بەزىلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆز يېشىمۇ قىلىشتى.

دېھقانلار ئەجەبمۇ ئاق كۆڭۈل ۋە قانائەتچان خەق، ئۇلار بەزى كادىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرىغا، ھەتتا تىللاپ، ھاقارەتلەشلىرىگە خېلى ئۇچرىغان، شۇنداق چاغلاردا ئۇلار مۇنداق ئادالەتسىزلىككە نارازى بولسىمۇ، غەزەپلەنسىمۇ، لېكىن: «بىز دېگەن ياڭاق، ئۇلار دېگەن تاش. ياڭاقنىڭ تاشقا

تەڭ بولالىغىنىنى كىم كۆرۈپتىكەن؟!» دېيىشىپ، ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىشىدۇ، غەزىپىنى يۇتۇپ، ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. شۇنداقلا، ئانچىكىم ياخشىلىق، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشلەرمۇ ئۇلارنى گويا بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇشال قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئېھتىمالى بولغان ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىدىن خالاس قىلىشنىڭ قىممىتىنى ئۇلارنىڭ قايسى دەرىجىدە چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مەنمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن. ئىشقىلىپ، دېھقانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئۈمىد قىلىش بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئەڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان تۇيغۇمىكىن دەيمەن. ئۇلار يەرگە ئۇرۇق چاچقاندا كۆپ ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، زىرائەت پىشقاندا ھوسۇلى كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىسىمۇ «بەرگەن نىمىتىڭگە رەھمەت» دەپ ئاللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. بازارغا ئاپارغان مېلى ناۋادا بىرەر ھايانكەشكە ئۇچراپ قىلىپ زىيان تارتسىمۇ، «بۈگۈن نەرخ-ناۋا شۇنداق بولسا كېرەك» دەپ قانائەتلىنىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ مۇنداق ئالىيجانابلىقىنى چىندىن چۈشىنىدىغانلار زادى قانچىلىكتۇ؟ ئاق كۆڭۈللۈكنى «ھاماقەتلىك» ھېسابلاپ، ئۇنى دېھقانلارنى بوزەك قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلار زادى يوقمۇ؟ ئاقكۆڭۈللۈك ئەلۋەتتە ياخشى خىسلەت، بىراق ئۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇ مۇرەككەپ دۇنيادا ئادەمنى ھاماقەت قىلىپ قويۇپ، بوزەك قىلىنىشنىڭ زېمىنىگە ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ، دەپ ھۆددە قىلالامسىز؟

مۇشۇلارنى ئويلاپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى ۋە دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى، داۋالاش ئىشلىرى توغرىسىدا ئۆزۈم ھېس قىلغان بەزى ئەھۋاللارنى ئايۇپ ئاكىغا ئىنكاس قىلدىم.

ئايۇپ ئاكا كەلگەندە كۈندۈزى ئىشلىگەن دوختۇرلار ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپ، پەقەت نۆۋەتچىلەر قالغانىدى. بىراق قانداق خەۋەر تاپتىكىن، بىر دەمدىن كېيىن دوختۇرخانا باشلىقىدىن تارتىپ، بىرقانچە دوختۇر ۋە سېستىرالار ياتاققا يوپۇرۇلۇپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن گويا بۈگۈن دوختۇرخانىغا خىزىر قەدەم تەشرىپ قىلغاندەك بىر خىل ھاياجانلىق كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى. دوختۇرخانا باشلىقى چىرايىدىن تولۇق خۇشامەتلىك كۈلكىسى ياغدۇرغان ھالدا ھەممىگە ۋەكالىتەن ئايۇپ ئاكىدىن تىنچلىق سورىدى، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ئۇزاتتى.

— ئۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئايۇپ ئاكا تامغا چاپلانغان قەغەزدىكى «ياتاقتا تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن خەتنى شەرەت قىلىپ.

— ھى ... ھى ... ھى ... ئۆزلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمىدىن ... — باشلىق نېمىشقىدۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي توختاپ قالدى ۋە زورىقىپ ئىككىنى يۆتەلگەندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئا شاگىجاڭ، دوختۇرخانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىدىن بىخەۋەر قاپتۇق. بولمىسا ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ...

— ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن بۇ يەرگە كېسەل يوقلاپ كەلگەن تۇر-

سام، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئايۇپ ئاكا. ئۇ ئاچامنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرغانىدى.

باشلىقنىڭ چىرايىدا بىردىنلا چۆچۈش ئالامىتى ئەكس ئەتتى، ئاندىن ئاچامغا ۋە ئۇنىڭغا تەۋە كەنتىر ئۈستىدىكى قەنت - گېزەك، تاتلىق - تۈرۈملەرگە تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە:

— هە ... بۇ كېسەل ئۆزلىرىنىڭ تۇغقىنى ئىكەن - دە، بىلمەي قاپتۇق، — دېدى ۋە نېرىقى كارىۋاتتا نېمىشقىدۇر خىيال سۈرۈۋاتقاندەك جىم ئولتۇرغان چىمەنگۈلگە قاراپ بۇيرۇدى، — چىمەنگۈل، ئا شائىجاڭنىڭ تۇغقىنىنى هازىرلا هېلىقى ئىككى كىشىلىك ياتاققا يۆتكەڭ.

ئايۇپ ئاكا بۇ تەكلىپكە نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك، دەرهال ماڭا قارىدى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا سادىر بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا قاراپ، خۇددى قىزىق بىر كومېدىيىنى كۆرۈۋاتقاندەك كۈلكەم قىستاپ كەتتى. تېخى ئۈلۈشكۈنلا دوختۇرخانىنىڭ مۇشۇ باشلىقى ئاچام ئاغرىققا چىدىماي ئىڭرىغاندا: «قانداق تاۋى نازۇك خوتۇن بۇ! كىچىككىنە ئاغرىققا چىدىمىسىڭىز ياتاقنى بىكارلاڭ، ئېرىڭىز هويلىغا كەپە ياساپ بەرسۇن، شۇ يەردە يېتىڭ» دەپ سىلكىگەنىدى، شۇ چاغدا ئىككىمىز خېلى ئېيتىشىپ قالغانىدۇق. مانا ئەمدى ئاشۇ «تاۋى نازۇك خوتۇن» ئاتالمىش «ئا شائىجاڭنىڭ تۇغقىنى»غا ئايلىنىۋىدى، دەرىجىسى ئۆرلەپ، مەخسۇس باشلىقلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئالاهىدە ياتاققا يۆتكەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم - دە:

— هاجىتى يوق، مۇشۇ ياتاقمۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدىم.

— هوي، ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى باشلىق ئەمدى ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىڭلىم، سىلىمۇزە، ئۈلۈشكۈن نېمىشقا گەپنى ئوچۇق دېمىدىڭلە. ئا شائىجاڭنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكلىرىنى بىلگەن بولسام...

— بىز ئاشائىجاڭ بىلەن تۇغقان ئەمەس، تونۇش، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم مەن، — ئاۋارە بولۇشمىسىلا، ئاچام مۇشۇ ياتاقتىمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ.

باشلىق «بۇ قانداق گەپ؟» دېگەندەك شاققىدە ئايۇپ ئاكىغا قارىدى.

— شۇنداق، بۇ كېسەلنىڭ دادىسى ساۋۇت ئاكا بىلەن ئىككىمىز يېقىن تونۇشلاردىن، — دېدى ئايۇپ ئاكا كۈلۈمسىرىگەن هالدا، — بۇلار خالىمىغان ئىكەن يۆتكەپ يۈرمەڭلار.

شۇندىن كېيىن كومېدىيە ئاياغلاشقاندەك بولدى.

— مەن يەنە كېلىمەن، ساۋۇت ئاكا كېلىپ قالسا، سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە، بىز تەرەپكىمۇ بېرىپ تۇرارسىز، — دېدى ئايۇپ ئاكا مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ياتاقتا ئاچام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئابرويىمىز بىردىنلا ئۆسۈپ كەتتى. كېسەللەرمۇ، كېسەل باققۇچىلارمۇ بىزگە ئالاهىدە هەۋەس بىلەن قارى-

شىدىغان بولۇشتى. ئايۇپ ئاكىنى ماختايدىغان سۆزلەر چىراغ ئۆچكىچە داۋاملاشتى. ھەتتا بەزىلەر گەپ ئارىسىدا مەن بىلەن دادامنىمۇ ماختاپ قويۇشتى. تۇۋا دېيمەن، بىزدە بىرەر باشلىققا يېقىن بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئامەت ئىكەن - دە!

بىراق، ئەتىسى كۈتۈلمىگەندە باشقىچە مۇئامىلىگە دۇچ كەلدىم. چىمەنگۈل ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر سېستىرانى ئەگەشتۈرۈپ كېسەللەرنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقاتتى. بۈگۈن ئىشىكتىن قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا كىرىپ كەلدى - دە، ئۇپچە ئەھۋال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ كېسەل تەكشۈرۈشكە تۇتۇندى.

ئاچامنىڭ يېنىدا ياتقان كېسەل تۈنۈگۈن چۈشتە ياتاققا ئېلىنغانىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆتىدە تاش بار ئىكەن. تۈنۈگۈن ئىككى قېتىم ئوكۇل ئۇرۇلغاندىن كېيىن كەچ تەرەپتە خېلى ئارام ئېلىپ قالغان بولسىمۇ، تاڭغا يېقىن نالە قىلىپلا چىققانىدى. ئەمما ھازىر چىمەنگۈلنىڭ سوئالىغا:

— يوقسۇ دوختۇر، ئاغرىمىدى، ئوبدان ئۇخلاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ھوي ئاچا، نېمىشقا يالغان سۆزلەيلا، ئىككى - ئۈچ سائەتتىن بېرى ئاغرىققا چىدىماي قاقشاپلا چىقلىغۇ، — مەن ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزەتتىم.

— سىز جىم تۇرۇڭ، مەن گەپنى كېسەل كىشىدىن سوراۋاتىمەن! — دېدى چىمەنگۈل زەردە بىلەن.

ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. چىرايىغا قارىسام، قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا بۈگۈن نېمە بولدىكىنە؟

مۇنداق قوپال مۇئامىلىدىن كۆڭلۈم قاتتىق رەنجىدى. باشقا چاغلار بولغان بولسا، ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. بىراق ھازىر ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم. قانداقلا دېگەن بىلەن ئاچامنىڭ ھايات - ماماتى بىر ھېسابتا ئاشۇ چىمەنگۈلگە باغلىق ئىدى. ئاندىن دېمىسىمۇ، مېنى ئاقساقاللىق قىلىشقا كىم قويۇپتۇ!؟

ياتاق ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. باشقىلارمۇ ماڭا ئوۋال بولغانلىقىنى ھېس قىلىشقان بولسا كېرەك، بەزىلىرى گويا مېنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى كۆرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك تەتۈر قارىۋېلىشتى. مەن دەرھال كارىدورغا چىقىپ كەتتىم. بىردەمدىن كېيىن ياتاقتىن چىمەنگۈلنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ماۋۇ كېسەل باققىلى كەلگەنلەرگە ئېيتىپ قوياي، سىلەرنىڭ كېسەلنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىشقىلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بازار چۆگىلەپ، لاغايلاپ يۈرگۈچىلەر، تونۇش - بىلىشلىرىنى ئىزدىگۈچىلەر بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ، ئورنىغا باشقا ئادەم ئەۋەتسۇن!

ئۇنىڭ بۇ سۆزىمۇ ماڭا قارىتىلغانىدى. تۇۋا، مەن بۇ چىمەنگۈلگە نېمە قىلغان دىمەن زادى؟ تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگكۈدەك ھېچبىر ئىش سادىر بولمىغاندىغۇ. ئايۇپ ئاكىغا ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللار ئىچىدىمۇ چىمەنگۈلنى ئەيىبلەيدىغان بىرەر سۆزمۇ يوق ئىدى... بىردىنلا تۈنۈگۈن ئايۇپ ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چېغىمدا نېمىشقىدۇر چىمەنگۈلنىڭ كەيپىياتىنىڭ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقى، كېيىن

www.uyghurkitap.com

بازاردا كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. ئاخشام ئايۇپ ئاكا ياـ تاقىقا كەلگەندىمۇ ئۇ باشتىن ـ ئاياغ نېمىدىندۇر نارازى بولغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغانىدى. ھە، بىلدىم، راستىنلا شۇ ئىش ئۈچۈنمىدۇ؟ توۋا، توۋا، ئادەمنىڭ خىيالىدا يوق ئىشلار ئۈچۈن...

باشتا ئاللىقانداق خىجىللىق، ئاندىن بىر خىل غەزەپلىنىش تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى. شۇ ئارىدا چىمەنگۈل ياتاقتىن چىقىپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. «ھاـ زىرلا يېنىغا كىرىپ سۆزلىشىپ چىقايمۇ؟» دەپ ئويلىدىم، ئىككى قەدەم ئېلىپ يەنە توختاپ قالدىم. نېمىنى سۆزلىشىمەن؟ ناۋادا ئايۇپ ئاكىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا، ئاڭلىغان كىشىلەر ئىككى قىز بىر باشلىقىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ دېيىشچۇ؟ توۋا، ئۇ دېگەن كىم؟ مەن دېگەن كىم؟ مۇنداق ئوي خىيالىمغا كىرىپ چىققان بولـ سىمۇ كاشكى!... بەلكىم چىمەنگۈلنىڭ كۆڭلىدە شۇنداق خىيال بولسا، ئۆزىچە يوللۇقـ تۇر... ۋاي، چېكىسىگە تاڭسۇن!

تېزلا ئارقامغا بۇرۇلدۇم ـ دە، ياتاققا كىرىپ كەتتىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ چىمەنگۈلنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. مەيلى ياتاقتا كىرگەندە بولسۇن، مەيلى كارىدوردا ياكى ھويلىدا ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسۇن ماڭا قارىمايدىغان، ئالدىمدىن بويىنىنى خۇددى غازدەك غادايتىپ ئۆتـ تىدىغان بولدى. مەنمۇ پەرۋايىم پەلەك يۈرۈۋەردىم. خىيالىمدا: «مەن ئاچاڭنى داۋالاـ ۋاتىمەن، قاچانلا بولمىسۇن يالۋۇرىسەنغۇ!» دەپ ئويلايدىغاندىمۇ. چۈچۈرىنى خام ساناپـ تۇ، ئەيىبى يوق تۇرۇپ، بىرىۋىغا يالۋۇرۇشتىنمۇ نومۇس ئىش يوقتۇ بۇ ئالەمدە!

پەقەت بىر ئىشلا كۆڭلۈمنى سەل غەش قىلاتتى. چىمەنگۈلنى مەن ئۈچۈن ئاـ چامغا ئاداۋەت قىلارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم. بىراق، قانچە دىققەت قىلىپ كۆزەتسەمـ مۇ، ئۇنىڭ ئاچامغا قارىتا مۇئامىلىسىدە بىرەر ئۆزگىرىش سەزمىدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئاچامغا بازاردىن تاماق ئەكىلىش ئۈچۈن چىقىپ قايتىپ كەلسەم، كەنتىر ئۈستىدە گېزىتكە ئورالغان بىر بوـ لاق نەرسە تۇرۇپتۇ.

ــ ئا شاڭجاڭ ئەۋەتىپتۇ، ــ دېدى ئاچام پەس ئاۋازدا.

ئېچىپ قارىسام پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى ئىكەن.

ئاچامغا ئاچچىقىم كەلدى.

ــ نېمىشقا ئالغانسەن بۇنى، قايتۇرۇۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

ئاچام گەپ قىلىشقا تەمشەلدى ـ يۇ، لېكىن ئەلپازىمنى كۆرۈپ دۇدۇقلىغىنىچە توخـ تاپ قالدى.

ئايۇپ ئاكىنىڭ بۇ سوۋغىسىنى زادى قوبۇل قىلغۇم يوق ئىدى. ئۇنداقتا، ئۆزىـ گە ئاپىرىپ بېرەيمۇ؟... قاملاشارمۇ؟... ياخشىسى باشقا بىرەيلەندىن قايتۇرۇۋەتكەن بولـ سام ياخشى بولاتتى. ھەي... نېمىشقىمۇ ئەۋەتكەندۇ بۇ بىر نېمىنى؟ قانداق قىلسام بولار؟...

بىردىنلا خىيالىمغا بىر ئەپچىل پىكىر كەلدى. كېزىتنى يېيىپ گۆشنى پارچىلىدىم، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئايۇپ ئاكا بۇنى ھەممەيلەنگە ئەۋەتىپتۇ، قېنى ئېغىز تېگىڭلار! — دېدىم ـ دە، ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم. رەت قىلىشسىمۇ، ئېلىشقا مەجبۇر قىلدىم. ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچىسى ئاچامغا قالدى.

شۇ پەيتتە چىمەنگۈل ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— ئوھۇي، توخۇ گۆشى يەۋېتىپسىلەر ـ دە، — دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ، ئاندىن ماڭا بۇرۇلدى، — گۈلنىسا، ئاچىڭىزنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. ئەمدى ئائىلىيەتەن بىر ئادەمنىڭ قارىشى ھاجەتسىز، سىز ئەتىگەنلىككە ئۆيىڭىزگە قايتسىڭىز بولىدۇ.

دېمىسىمۇ ئاچام ھازىر كارىۋاتتىن چۈشۈپ ماڭالايدىغان، ھەتتا مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا تالا ـ تۈزگىمۇ چىقالايدىغان بولغانىدى. بىراق، چىمەنگۈلنىڭ تەلىپىنى دەرھال رەت قىلدىم:

— ئاچام دوختۇرخانىدىن چىققۇچە بىللە تۇرىمەن!

— شۇنداقمۇ؟ بۇ يەرگە ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالدىم، دەڭ. دېمىسىمۇ، مەشھۇر كىشىلەر يوقلاپ تۇرسا، يەنە تېخى مانا مۇنداق ئېسىل سوۋغىلارنى ئەۋەتىپ تۇرسا، بۇ يەردىن كىشىنىڭ قانداقمۇ ئايرىلغۇسى كەلسۇن.

بۇ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھاقارەت ئىدى.

— چىمەنگۈل، مۇنداق زەھەرلىك گەپلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ! — دېدىم ئۆزۈمنى تۇتالماي، — ئاچامنى داۋالىغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمما دەپ قوياي: كۆڭلىڭىز خاتىرجەم بولسۇن، بىزگە ھەرقانداق مەشھۇر كىشىنىڭ يوقلىشىمۇ، ئېسىل سوۋغاتلىرىمۇ لازىم ئەمەس! بايىقىدەك گەپلىرىڭىزنى ئەنە شۇلارنىڭ ئۆزىگە دەڭ!

چىمەنگۈل مەندەك بىر سەھرا قىزىنىڭ ئۆزىگە مۇنداق گەپ ياندۇرۇشىنى، بولۇپمۇ «مەشھۇر كىشىلەر» توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى قىلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك، باشتا ماڭا ھەيران بولغان ھالدا چەكچىيىپ قاراپ قالدى، ئاندىن چىرايى تاتىرىپ توپا رەڭگىگە كىردى. گەپ قىلىشقا تەمشەلدى ـ يۇ، بىراق يا تۈزۈكرەك گەپ تاپالمىدىمۇ ياكى باشقىلار ئالدىدا مەن بىلەن ئېيتىشىپ قېلىشنى ئۆز شەنىگە راۋا كۆرمىدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر پەس سۆزسىز تۇرۇپ قالدى.

— بۇنى قاراڭ، ئاچچىقىڭىز خېلى باردىكەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى ۋە گويا مېنىڭ يەنە سۆزلەپ قېلىشىمدىن قورققاندەك شارتتىلا بۇرۇلۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

باشقا گەپ قىلمىدىم، ئەمما دىلىم رەنجىپ، كۆڭلۈم بەكمۇ بىئارام بولدى. ئايۇپ دېگەن شۇ ئادەم نەدىنمۇ پەيدا بولدى زادى؟ چىمەنگۈل «ئېسىل» دەپ ئاتىۋالغان مۇنۇ سوۋغىسى ئەمەلىيەتتە بىر زەھەر بولادىغۇ!

ئاچچىقىدا ئاچامنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر پارچە گۆشنى ئوپۇل ـ توپۇل كېزىتكە

ئۇردۇم - دە، دېرىزىنى ئېچىپ سىرتقا تاشلىۋەتتىم. ئاچاممۇ، باشقىلارمۇ ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئاندىن يۈگۈرگەن پېتى سىرتقا چىقىپ كەتتىم...

## كۆڭۈل دېگەن سارائنى...

1

چىمەنگۈل شوخ، گەپدان قىز ئىدى. رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن گۈزەللەرگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، خېلى چىرايلىقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايتتى. دادىسى ئەسلىدە مۇشۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدى، بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مۇدىر بولدى. چىمەنگۈل ئۆتكەن يىلى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندە، ئۆزىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن خېلى يول مېڭىپ باقتى. بىراق ئۇلار خېلىلا كېچىكىپ قالغانىكەن. شۇ كۈنلەردە دوختۇرخانا شتاتتىن ئارتۇق ئورۇنلىشىپ قالغان خادىملارنى بىر ياقلىق قىلالماي بېشى قېتىپ تۇرغاچقا، ئۇنى سىغداپ كىرگۈزۈشكە زادى مۇمكىن بولمىدى. قاراتاش ناھىيە بازىرىغا يېقىن ئىدى. چىمەنگۈل ئاخىرى ئىلاجىسىز ھالدا مەلۇم ۋاقىت ئىشلەپ تۇرۇش شەرتى بىلەن شۇ يەرنىڭ دوختۇرخانىسىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ قاراتاشقا كېلىپ تۆت - بەش ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ يېزىلغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان ئادىل ئىسىملىك دوختۇر يىگىت ئىدى.

قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تولغان ئالتە بەتلىك خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، چىمەنگۈل يېرىم كېچىگىچە ئويلىنىپ چىقتى. ئادىلمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى. دۇتار ۋە گىتار چالالايتتى، ناخشىسى ئاڭلىغۇچىلارنى خېلى مەپتۇن قىلالايتتى. چىمەنگۈل بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ تانسىنىمۇ، مىللىي ئۇسسۇللارنىمۇ، ھەتتا ھازىر ياشلار ئارىسىدا مودا بولغان «دىسكو» ئۇسسۇلىنىمۇ ئوبدانلا قاملاشتۇرۇپ ئوينىيالايدىغانلىقىنى كۆرگەن. مۇشۇنداق بىر يىگىت ساڭا تەكلىپ قويۇۋاتسا، دىققىتىڭنى قوزغىماسلىقى مۇمكىنمۇ! ئۇ ھازىر 23 ياشقا كىرىپتۇ. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىمۇ تەكلىپ قويغۇچىلار چىققان، بەزىلىرى بىلەن ھەتتا مەلۇم ۋاقىت «كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىپ» يۈرۈشكەن. بىراق كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ يا ئۇ تەرىپى، يا بۇ تەرىپى ياقماي قېلىپ، ئايرىلىپ كېتىشكەن. مانا ئەمدى يەنە بىرسى چىقىپتۇ. زادى قانداق قىلسا بولار؟... يىگىتلىكى يامان ئەمەس، ھەتتا مۇنداق بىر سەھرا يېرىدە ھەرقانداق قىزلارنىڭ مەيلىنى تارتالىغۇدەك نامزات. يېقىندىن بېرى چىمەنگۈلنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا خېلى ھەۋەسلىنىپ يۈرگەن. بىراق ئىككى ئىش كۆڭۈلنى سەل ئارسالدا قىلىپ تۇرىدۇ: ئادىل تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن، ئوتتۇرا مەلۇماتلىق، ئاندىن ئاتا - ئانىسى دېھقان. چىمەنگۈلنىڭمۇ تۇرمۇش مەسىلىسىدە كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بار: ئۇ ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك جورا بولغۇچىنىڭ كېلىشكەن، شوخ، مەلۇماتلىق، ئابرۇيلۇق ئىش

ئورنىغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە شەھەرلىك بولۇشىنى، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاخىر، تۇرمۇش دېگەندە سەن يالغۇز ئېرىڭ بىلەنلا ئۆتەلمەيسەن - دە. ناھىيىدە بىر پېشقەدەم باشلىقنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى تۇرۇپ، قانداقتۇر بىر دېھقان، ياكى ئىشچىغا كېلىن بولۇپ قالساڭ، تونۇش - بىلىشلىرىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئابرويۇڭ بولىدۇ؟ ئانىسىمۇ ھەمىشە مۇشۇ گەپنى جېكىلەپ كېلىۋاتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىغۇ ئۇنداق «بەگزادە» يىگىتلەر يوق ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ بىر يەرلىرى چىمەنگۈلگە يارىمىدى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ كەمگىچە خۇددى «دەريادا بېلىق ئۇسسۇز» دېگەندەك يالغۇز بېشى بىلەنلا يۈرۈۋاتىدۇ، قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرەر؟ ۋاقىت دېگەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىكەن. يەنە بىرنەچچە باھار، ياز ئاتلىسا ياشلىق دەۋرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالىدۇ... مەيلىلا، بىر ھېسابتا ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىپ، بويىنى تېلىپ كەتكەندىن، ئالدىدىكى بوغۇزنى غەنىمەت بىلىشمۇ بىرخىل ئاقىلانىلىق ئەمەسمۇ. يىگىتنىڭ ئاساسىي تەرىپى كۆڭلىگە ياققان ئىكەن، ھەسەلدىن قىل ئىزدەپ نېمە قىلىدۇ؟!...

بەزى قىزلارنىڭ ئاجايىپ مىجەزى بار، ئۇلار بىرەر يىگىت ئۆزىگە تەكلىپ قويۇپ قالسا، ئۇ يىگىت كۆڭلىگە ياققان تەقدىردىمۇ، ھەدېگەندىلا ئېنىق جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا كۆڭلىگە ياققان يىگىتلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ھەرخىل چارىلەرنى ئىشقا سالىدۇ. ئەمما يىگىتنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ قىزىتىش ئۈچۈنمىكىنتاڭ، جاۋاب بېرىشنى ئارقىغا سۈرىدۇ. چىمەنگۈلمۇ ئەنە شۇنداق قىزلار تىپىغا مەنسۇپ ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ئادىلنىڭ تەكلىپىگە ئېنىق جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى. پەقەت ئەتىسى ئەتىگەندە ئادىل بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا ئۇماق بىر تەبەسسۇم ھەدىيە قىلدى، خالاس. ئادىل ئۇنى ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ، چىمەنگۈل ئىلتىپات قىلغان ئاشۇ بىرنەچچە دەقىقىلىق تەبەسسۇمنى رازىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىپ، ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاستا - ئاستا قويۇقلاشتى - دە، ئاخىرى «يۈرۈشكەن» بولۇشتى. كۈندۈزلىرى ھەرقايسىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئادىل كەم دېگەندە ئىككى - ئۈچ قېتىم چىمەنگۈلنى ئىزدەپ تېپىشقا، بىر - ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلىشقا پۇرسەت چىقىراتتى. كەچقۇرۇنلۇقى بەزىدە كىنو ياكى تېلېۋىزور كۆرەتتى ۋە بەزىدە يا ئۇنىڭ، يا بۇنىڭ ياتىقىدا بىللە ئولتۇرۇپ مۇھەببەت ۋە كەلگۈسى ئائىلىسى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى.

— بەزى ئۇششاق سۆز ئادەملەرنىڭ سۆز - چۆچەك توقۇپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن ھازىرچە يۈرۈۋاتقىنىمىزنى مەخپىي تۇتايلى، — دېگەنىدى چىمەنگۈل باشتىلا ئەسكەرتىپ.

بۇ گەپ باشتا ئادىلغا سەل غەلىتە بىلىنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ پىكرىگە

قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا باشقا گۇۋاھچىلار بار يەردە ئۇچراشقان چاغلىرىدا ھەر ئىككىلىسى ئادەتتىكى تونۇشلار دائىرىسىدە بولىدىغان چەكلىمىنىڭ سىرتىغا چىقماسلىققا تىرىشاتتى.

ناۋادا ئايۇپ قاراتاشتا پەيدا بولمىغان بولسىدى، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى بەلكىم باراقسان بولۇپ ئۆسۈۋاتقان گۈلدەك پورەكلەپ ئېچىلغان بولاتتى. بىراق ئۇ ئەمدى غۇنچىلاۋاتقان مەزگىلىدە دوقالغا دۇچ كەلدى.

ئايۇپ بىلەن چىمەنگۈل تۇنجى قېتىم ئۇستەك قۇرۇلۇشى ئورنىدا رەسمىي ھالدا تونۇشتى. ئېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئايۇپ تېخى قاراتاشقا كەلمەستىلا چىمەنگۈل ئۇنىڭ توغرىسىدا دەسلەپكى ئاخباراتقا ئېرىشكەنىدى.

— سىلەرنىڭ يېزىغا ئايۇپ ئىسىملىك ياش بىر يىگىت باشلىق بولۇپ بارىدىغان بولدى، — دېگەنىدى دادىسى بىر قېتىم چىمەنگۈل ناھىيىدىكى ئۆيىگە بارغاندا، — بىلەمسەن، جاسارىتىمۇ بار قالتىس يىگىت ئۇ! قاراتاشنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ناھىيىگە كېلىپ، بىزنىڭ ئىزىمىزنى بېسىشى مۇمكىن.

ئۇ چاغدا چىمەنگۈل بۇ گەپلەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە يېزا باشلىقى دېگەنلىك دېھقانلاردىن ئازراقلا يۇقىرى تۇرالايدىغان، زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتتىن خەۋىرى يوق، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كىيىم - كېچەك، گەپ - سۆزلىرىدىن سەھرا پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان نادان ئەمەلدار دەپ ھېسابلىناتتى. لېكىن ئايۇپ قاراتاشقا كەلگەندىن كېيىن چىمەنگۈل بۇ ئادەمگە بولغان تونۇشىدا خېلىلا خاتالاشقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئايۇپنى كوچىدا، يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆردى. ئۇنىڭ كىيىنىشىمۇ، چىراي - تۇرقىمۇ، ھەتتا ياش قۇرامىمۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ستۇدېنتلارنىڭكىگە ياكى بولمىسا ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىگە ئوخشايتتى.

كىچىك يەر دېگەندە ھەرقانداق يېڭىلىق دەرھال ئەكس سادا قوزغايدۇ. ئايۇپنىڭ قاراتاشقا كېلىشى بىلەن بۇ يەردىمۇ مۇنداق گەپ - سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى:

— قالتىس مەلۇماتلىق دەيدۇ بۇ باشلىقنى.

— چوڭچىلىقىمۇ يوقمىش.

— ئۇلۇشكۈن سودا كوپېراتىپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش بولۇۋىدى، تانسا دېگەننى قالتىس قاملاشتۇرۇپ ئوينىدى دىگلە!

— ئۆزىمۇ كېلىشكەن نېمىكەن جۇمۇ!

— قاسىم تەشكىلاتنىڭ دېيىشىچە، تېخى ئۆيلەنمىگەنمىش.

— قاراتاشلىق گۈزەللەر ئەمدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن راسا سوكۇلدايدىكەن - دە.

بۇ گەپلەر چىمەنگۈلنىڭمۇ قۇلىقىغا كىردى. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرىمۇ، ئاڭلىغانلىرىمۇ
23 ياشلىق بىر قىز ئۈچۈن خېلىلا جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ: «قالتىس يىگىت ئۇ!»، «بىزلەرنىڭ ئورنىمىزنى بېسىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزلە-

رى قوشۇلۇپ، چىمەنگۈلنىڭ خىيالىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

شۇ كۈنلەردە يېزىلىق ھۆكۈمەت دوختۇرخانىغا بىر دوختۇر بىلەن بىر سېسترا-نى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئورنىغا ئەۋەتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتكەنىدى. چىمەنگۈل بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاللىقانداق بىر ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسىدە باشلىقنىڭ ئالدىغا كىرىپ، بۇ ۋەزىپىگە ئۆزىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى.

— قۇرۇلۇش ئورنى بۇ يەردىن خېلىلا يىراق، شۇ يەردە يېتىپ قوپىدىغان كەپ، قىينىلىپ قالىسىز، — ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرماقچى بولدى باشلىق.

بىراق چىمەنگۈل ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر ئۇنى ماقۇللىغا كەلتۈردى.

قۇرۇلۇش ئورنىدا بەزى كەچقۇرۇنلۇقى كىنو قويۇلاتتى. ئايۇپ بىلەن چىمەنگۈل كۈندە نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ئۇلار دەسلەپكى كۈنلەردە ئادەتتىكىچە سا-لاملىشىش بىلەن چەكلەنگەنىدى. كېيىن ئاستا-ئاستا يېقىنلىشىپ، ئۆزئارا پاراڭلى-شىدىغان، يانمۇيان ئولتۇرۇپ كىنو كۆرىدىغان بولۇشتى.

بىر كەچقۇرۇنلۇقى چىمەنگۈل ئايۇپنىڭ ياتىقىغا كىرىپتىكە ئورالغان خېلى چوڭ بىر بولاقنى كۆتۈرۇپ كىردى.

— ئاشخانىنىڭ تامىقى ياخشى ئەمەس، يا يېقىن يەردە بازارمۇ يوق، — دېدى ئۇ بولاقنى ئېچىۋېتىپ، — قارىسام، ئىشقا ئۆزىڭىزنى بەك ئۇرۇپ كېتىدىكەنسىز، ئېغىر ئەمگەك قىلغاندا ئادەم ياخشى ئوزۇقلانمىسا، ئۇڭايلا سالامەتلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

چىمەنگۈل ئېلىپ كىرگەن نەرسىلەر پىشۇرۇلغان بىر دانە توخۇ، بىر كىلودەك قوي گۆشى ۋە ئۆيدە ياسالغان پېچىنە-پىرانىكلەر ئىدى.

— ھوي، نېمىشقا مۇنداق ئاۋارە بولىسىز؟ — ئايۇپ ھودۇققىنىدىن ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ياق، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىڭىز...

— نېمە، بىزدەك پۇقرالارنىڭ نەرسىلىرىنى كۆزگە ئىلمامسىز؟ — چىمەنگۈل تەنە ۋە سەل قېيىداش تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، ئەمما چىرايىدىن كىشىنى سۆيۈندۈرۈۋەتكۈدەك بىر خىل ئۇماق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، — قورقماڭ، دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىقىنى ئېلىپ بېرىڭ دەپ سىزنى خىجىل قىلمايمەن.

«گەپكىمۇ ئەجەب ئۇستا قىزكەنا بۇ!»

— ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغۇنۇم، سىزمۇ كۈن بويى جاپا چېكىۋاتىسىز، بۇ نەرسىلەرنى...

— ئانام ئەۋەتىپتىكەن. شۇنچىۋالا نەرسىلەرنى بىر ئۆزۈم قانداق يەپ بولالايمەن؟ ئاندىن «تەڭ يېگەن، تەنگە سىڭەر» دېگەن گەپ بارغۇ، بولدى، تەكەللۇپ قىلىۋەرمەڭ.

ئايۇپ ئىلاجىسىز ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىمەنگۈل ھەر ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم «ئانىسى ئەۋەت-كەن» يېمەكلىكلەردىن ئايۇپ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى داۋام قىلىۋەردى. ئايۇپ

ئەمدى تۈنجى قېتىمقىدەك ھودۇقۇپ كەتمىسىمۇ، ھەر قېتىم:

— ھەي، سىزنى قاراڭ، يەنە ئاۋارە بولۇپسىزغۇ، — دەپ تەكرارلايتتى خىجىل بولغان ھالدا.

چىمەنگۈلنىڭ نېمە دەيدىغىنىمۇ تەييار ئىدى ۋە ئىككىسى يەنە بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىناتتى.

«يېگەن ئېغىز ئۇيۇلار» دېگەن گەپ بار. ئايۇپمۇ چىمەنگۈلنىڭ غەمخورلۇقىغا لايىق جاۋاب قايتۇرۇشنى نەچچە قېتىم ئويلىدى. بىراق ئۇ كۈندە دېگۈدەك ئىش مەيدانىدىن ئايرىلالمايتتى. باشقىلارغا بۇيرۇتۇپ بازاردىن ئەكەلدۈرەي دېسە، ئاللىقانداق ئەپسىزلىك ھېس قىلاتتى.

— ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى ئەكىرمەڭ! — دېدى ئۇ چىمەنگۈل تۆتىنچى قېتىم نەرسە-كېرەك كۆتۈرۈپ كىرگەندە.

— نېمىشقا؟ مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ؟ يا باشلىقنىڭ ئاغزىنى مايلىدىم دەپ ئىش قىلماي يېتىۋاپتىمەنمۇ؟ يا بولمىسا، بۇ نەرسىلەردە كېسەل توشۇغۇچى مىكروب باركەن دەپ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

ئايۇپ خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى:

— ياقەي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟ راستىمنى ئېيتسام، بىرونىڭ نەرسىلىرىنى يەۋېرىشكە ئادەمنىڭ يۈزى چىدىمايدىكەن.

— شۇ گەپمىدى؟ بىر يەردە ئىشلەۋاتقىنىمىزغا نەۋاق، يەنىلا سېنىڭ-مېنىڭ دەپ ئايرىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

«ياللا، بۇ قىزغا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمىغۇدەك.» ئايۇپ يەنە باشقا گەپ قىلالمىدى.

شارائىتنىڭ ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتىكى رولىنى ھەرگىز كەم چاغلىماسلىق كېرەك. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايۇپنىڭ بۇ قىزغا بولغان تەسىراتى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باردى. «چىمەنگۈلنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتى بارمىدۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزىدە ۋە بىر پەس ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولغاندىن كېيىن بېشىنى بىر سىلكىۋېتىپ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلاتتى، — قارا، سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭنى. بىر قىز ساڭا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتسا، ئۆزۈڭچە نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟ خۇددى گۈرۈچتىن خەۋەر يوق سەۋزە دەم يېگەندەك. مۇشۇنداق بىر قىزنىڭ تېخىچە بېشى باغلانماي قالامدۇ؟...»

ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئاخىرلىشىپ، ھەممەيلەن قايتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىمەنگۈل ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئايۇپنى يوقلاشنى داۋام قىلىۋەردى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقانىدى. «نۇرغۇن قىزلار يىگىتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈشىنى، ئىزدەپ كېلىپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ، نېمىدېگەن بىچارىلىق! — دەپ ئۆزىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى ئۇ، — سۆيۈلۈشنىلا كۈتۈپ ئولتۇرماي، سۆيدۈرۈشنىمۇ بىلىش كېرەك. مانا، ئايۇپمۇ ئىندەككە كېلەي دەپلا

قالدىغۇ. ئەتە-ئۆگۈن ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئېرىشەلىسەم ئانامنىڭ قىزى بولماي كېتەي...»

بىراق تۇرمۇشتا شۇنداق تاسادىپىيلارغىمۇ دۇچ كېلىسەنكى، ئۇ سېنىڭ ئالدىنى ئالا بەلگىلىگەندەك كۆرۈنگەن يولۇڭنى بىردىنلا ئۆزگەرتىۋېتىپ، سېنى باشقا بىر مەنزىلنىڭ ئارقىسىدىن باشلاپ كېتىدۇ. ناۋادا ئايۇپ تاسادىپىي ھالدا ئۇتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئاڭلىمىغان بولسىدى، ئېھتىمال چىمەنگۈلنىڭ ئەۋلىيالىقى رىئاللىققا ئايلانغان بولاتتى.

2

چىمەنگۈل قۇرۇلۇش ئورنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇددى ئىللىق باھار پەسلىدە ئۈشتۈمتۇت جۇدۇن پەيدا بولغاندەك، ئادىلغا چىرايىنى تۈزۈكرەك ئاچمايدىغان، قىرچە-يانچە تېگىدىغان بولۇۋالدى. ئۆزىغۇ يىگىتنىڭ ياتىقىغا مۇتلەق يولىمايتتى، ناۋادا ئادىل ئۇنىڭ ياتىقىغا بارغۇدەك بولسا، بەزىدە «مىجەزىم يوق، ئارامىمدا قويۇڭ» دەپ ئىشىك تۈۋىدىنلا ياندۇراتتى. بەزىدە ئامالسىز كىرىپ ئولتۇرۇشقا ماقۇل بولسىمۇ، گويا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، ياكى بولمىسا، كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ ئاچچىقلىناتتى:

— ئوھۇش، تاماكىنى شۇنداقمۇ كۆپ چېكىدىكەنسىز.

— ھەممە گەپلەر دېيىلىپ بولغانغۇ، يەنە نېمە ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق؟

— پۇتىڭىزنى تولا لىڭشىتىۋەرمەڭا.

بىچارە ئادىل چىمەنگۈلنىڭ كەيپىياتىدىكى مۇنداق ئۈشتۈمتۇت يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى. كېيىن ھەيرانلىق تەشۋىشكە ئالماشتى. «يا، مەندىن كۆڭلى يېنىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئەيىب سادىر قىلمىدىمغۇ!؟... ياق، ئارتۇقچە گۇمانخورلۇق قىلماي، نېمىلا دېگەن بىلەن قىز بالا ئەمەسمۇ، باشقىلارنىڭ سۆز-چۆچەك توقۇشىدىن ئەنسىرىسە كېرەك، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئانچە كىرىۋالماي، پۈتۈشۈپ بولدۇققۇ ئاخىر!...»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چىمەنگۈلدىن ئۆزىنى تارتىپ يۈردى. كەچقۇرۇنلىرىمۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ ياتىقىغا كۈندە بېرىۋالىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتتى. ئۈچ-تۆت كۈندە بىر قېتىم بارغان چاغلىرىدا خۇمارى شۇنچە تۇتۇپ كەتسىمۇ، تاماكا چەكمەسلىككە چىدىدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىمەنگۈلنىڭ كەيپىياتىدىكى مۇزلار ئېرىپ كەتمىدى. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى:

— چىمەنگۈل، سىزگە نېمە بولدى؟

— نېمە بولغاندەك تۇرىمەن؟

— بۇرۇن ناھايىتى خۇش خۇي، ئوچۇق-يورۇق ئىدىڭىز، يېقىندىن بۇيان...

— ھەمىشەم ساراڭدەك كۈلۈپلا يۈرسەم بولاتتىمۇ؟

— ياق، ئەمدى بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەن بولغاندىكىن... مەن سەل ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن.

— نېمە، پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟ — چىمەنگۈل كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ جىددىي ھالدا سورىدى.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز چىمەنگۈل؟ — ئادىل ھودۇققان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، چىمەنگۈلنىڭ يېنىغا باردى-دە، ئۇنىڭ بىلەن «يۈرۈشكەن» دىن بۇيان تۇنجى قېتىم جۈرئەتلىك ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى، — ئىشىنەمسىز، شۇ كۈنلەردە سىزنىڭ ئىشقى-پىراقىڭىزدا راستىنلا ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، جېنىم.

چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ خىتاب راستىنلا تەسىرىنى ئۆتكۈزدى بولغاي، بۇ قېتىم چىمەنگۈلنىڭ راستىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. قوللىرىنى يىگىتنىڭ ئوتتەك قىزىق ئالقانلىرىدا بىر پەس تۇتقۇزۇپ تۇردى-دە، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا ناز بىلەن بېقىپ:

— بولدى، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، جايىڭىزغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ! — دېدى ۋە يىگىت ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئادىل، ئۇنداق بىھۇدە خىياللاردا بولماڭ. مېنىڭ يىگىتىم ساراڭ ئەمەس، ھەمىشە ئەقىل-ھوشى جايىدا، ساغلام ئادەم بولۇشى كېرەك. مېنىڭ كەيپىياتىمغا كەلسەك، يېقىندىن بۇيان بەزىلەر ئۈستىمىزدىن ئۇششاق سۆز تارقىتىپتۇ. شۇ سۆزلەر بېسىققۇچە سەل ئۆزىمىزنى تارتىپ يۈرسەكمىكىن دەپ ئويلىشىۋىدىم. بىراق، بۇ گەپنى سىزگە ئوچۇق ئېيتالماي...

— شۇ پىتنىخورنىڭ كىملىكىنى ماڭا دەپ بېرىڭ، ئانا-مانىسىنى...

— ئەنە، دەل مېنىڭ ئەنسىرىگىنىمدەك ئىش تېرىغىلى قوپۇۋاتىسىز. ناۋادا سىز سۈرۈشتۈرىمەن دەپ جېدەللەشسىڭىز خەلقى-ئالەمنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتمەمدۇ؟! ئۇ چاغدا سىزغۇ ياماننىڭ ئەدىبىنى بەرگەن مەردانە يىگىت سۈپىتىدە مەغرۇرلىنىپ يۈرەرسىز، ئەمما مەن قىز بالا، گەپ چىقىتىمۇ يۈزۈم تۆكۈلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ يەردە قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟ دەپ بېقىڭ، مېنىڭ ئەنسىرىشىم توغرىمۇ، خاتا؟

مۇنازىرىدە چىمەنگۈلنىڭ ئاساسلىرىنى يوققا چىقارماق ئوڭاي ئەمەس ئىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — چىمەنگۈل كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، — سىزلا دېگەن يېرىمدىن چىقسىڭىز، مەن ھەرگىز لەۋزىمدىن يېنىۋالمايمەن.

ئادىل بۇ قېتىم ئۇنىڭ ياتىقىدىن يەنە بۇرۇنقىدەكلا خۇشال-خۇرام ھالدا چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «خاتىرجەم بولۇڭ... لەۋزىمدىن يېنىۋالمايمەن» دېگەن ئىككى جۈملە سۆز ھۆكۈمران ئىدى. بىچارە ئاشىق «سىزلا دېگەن يېرىمدىن چىقسىڭىز» دېگەن سۆزنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى بىر خىل باھانە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

لىللا گەپ قىلغاندا، چىمەنگۈلنى بۇ كۈنلەردە ئەمدى ئادىلدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن، پۈتۈن ئېسى-يادى بىلەن ئايۇپقا بېرىلگەن دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى يىگىتنى قارماققا ئىلىندۇرۇپ يۈرگەن چاغلىرى بولغان.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق مەزگىللەردە ھەر ئىككىلا يىگىتنىڭ بىرمۇنچە تەرەپلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى، ھېس تۇيغۇلىرىنى قوزغىتاتتى. شۇنداقلا يەنە قايسىدۇر بىر يەرلىرى كۆڭلىگە ياقماي قالاتتى. كۈن-تۈنلەرنى ئۇلارنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئىككىلىنىش ۋە تۇترۇقسىزلىق-تولا چاغلاردا ئادەمنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. چىمەنگۈلمۇ ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتتىن خالىي بولالمىغانىدى. بىراق بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ھاياتىدا، ھېچ بولمىغاندا مەلۇم مەزگىللىك ھاياتىدا، مىجەزىدىكى قاتماللىق ئىدراكى چۈشەنچىلەردىن غالىب كېلىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. بېسىپ ئۆتكەن يولىدىن ئۆزىگە پايدىلىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلالمايدۇ. چىمەنگۈلمۇ پۈتۈن ئۆمرىنى شۇنداق ئۆتكۈزەمدۇ-يوق؟ بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمىز. ئەمما ئۇ دەل شۇ كۈنلەردە تېخى ئاشۇ مىجەزىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇ پات-پات خۇددى بۇرۇن قىلغىنىغا ئوخشاش خىيالىدا ئادىل بىلەن ئايۇپنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى. يىگىتلىك سۈپىتىدە ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىدىن ئانچە قېلىشمايتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇتقان ئورنى ۋە كەلگۈسىنى ئويلاپ كۆرگەندە تارازىنىڭ ئايۇپ ئولتۇرغان تەرىپى خېلىلا ئېغىر ئىدى. كىم بىلىدۇ، يەنە ئۈچ-تۆت يىلدىن كېيىن ئايۇپ ناھىيىگە باشلىق بولۇپ قالامدۇ، تېخى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەلكىم ۋىلايەتكىمۇ كېتىپ قالار. ناۋادا چىمەنگۈل ئۇنىڭ جورىسى بولۇپ قالسا، ئۇمۇ ناھىيىنىڭ، كېيىن ۋىلايەتنىڭ بىرىنچى خانىمىغا ئايلىنىدۇ. ئادىلچۇ؟ ئۆمۈر بويى يېزا دوختۇرى پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. ئۇ چاغدا چىمەنگۈلنىڭ ئورنىمۇ شۇنچىلىكلا... ھەتتا توي-تۆكۈنلەردە بازاردا ئاشخانا ئاچقان سادىر قورساقنىڭ ئايالچىلىك ئىززەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

بىراق، ئۇ كەلگۈسىدە سادىر بولىدىغان ئىشلار. ھازىرقىغا كەلسەك، چىمەنگۈل ئۆزىنى ئادىلنىڭ مەجنۇنانە رەۋىشتە ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئادىل ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي يىگىت. چىمەنگۈل نېمە دېسە، ياق دېمەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىگە كىرىپ قالسا، چىمەنگۈلنىڭ ئائىلىدە خوجايىن بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. بىراق ئايۇپچۇ؟ چىمەنگۈلنىڭ يېقىنچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغانىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن مۇھەببەت توغرىسىدا تېخىچە ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرمىدى، ھەتتا ئازراق بىشارەتمۇ سەزدۈرگىنى يوق. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چىمەنگۈلگە قارىتا ھېچقانداق ئورۇن يوقتۇر. بەلكىم ئاللىقاچان باشقا بىرسى بىلەن تېپىشىپ بولغانمۇ، تېخى؟ شۇ بەختلىك قىز كىمدۇ؟ مەيلى كىم بولسۇن، چىمەنگۈلنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئورۇن تالاشقىنى تالاشقان. ئۆز مەقسىتى يولىدا ھارماي-تالماي تىرىشىدىغان ئادەم نەتىجىگە ئېرىشمەي قالمايدۇ. بىراق، ھازىرچە ئادىل بىلەن ئالدىراپ-تېنەپ ئادا-جۇدا بولمىغىنى تۈزۈك. ناۋادا ئايۇپنى زادى ئىندەككە كەلتۈرەلمىسە، قاراتاشتا ئادىلنى بېسىپ چۈشكۈدەك يەنە بىر نامزات تېپىلمايدۇ.

چىمەنگۈل قانداقلا بولمىسۇن ئايۇپنى ئىندەككە كەلتۈرەلىشىگە ئىشىنەتتى. چىمەنگۈل دېگەن كىم؟ ناھىيىدىكى ئاساسىي باشلىقلاردىن بىرىنىڭ قىزى. ئايۇپ بولسا ئەمەلدارلىق شوتىسىغا پۇت قويغان ئادەم. ئۇنىڭ ھەر بىر بالداق كۆتۈرۈلۈشى-

ـدە چىمەنگۈلنىڭ دادىسى خالىسا يار-يۆلەك بولىدۇ. خالىمىسا، شۇتىنى تارتىۋالالايدۇ. ئايۇپتەك بىر ئادەم بۇ ئۆۋقىتىنى چۈشەنمەي قېلىشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر!؟...

بىراق قېرىشقاندەك، كېيىنكى كۈنلەردە ئايۇپنىڭ چىمەنگۈلگە بولغان مۇناسىۋىتىدە ئاللىقانداق سوۋۇقلۇق، بىپەرۋالىق پەيدا بولۇۋالدى. چىمەنگۈل ئاۋۋالقىدەكلا ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇنى ئىزدەپ باراتتى. بەزىدە ئىشخانىسىدا، بەزىدە ھويلىدا ۋە بەزىدە ياتىقىدا ئۇچرىتاتتى. ئەمما ئايۇپ تولا چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىچە سالاملىشاتتى-دە، ئارقىدىنلا قانداقتۇ مەجلىس ياكى بىرەر ياققا بارىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، خوشلىشىشنىڭ كويىغا چۈشەتتى. يا بولمىسا، گويا چىمەنگۈلنى پۈتۈنلەي خىيالىدىن كۆتۈرۈۋەتكەندەك باشقا بىرىلار بىلەن گەپكە چۈشۈپ كېتەتتى. مۇنداق بىپەرۋالىق چىمەنگۈلنىڭ غۇرۇرىغا بەكمۇ ئېغىر تېگەتتى. لېكىن تېخى ئۇ ئايۇپنى ماڭا قىزغىن بولمىدىڭ، دەپ ئەيىبلەلەمتى؟ ئۇ ئىلاجىسىز دوختۇرخانىغا قايتىپ كېلەتتى، تېرىكەتتى، بوغۇلاتتى، خورسىناتتى ۋە دەردىنى ئادىلدىن ئالاتتى.

چىمەنگۈل مۇنداق بۇرۇختۇملۇق ھالەت ئىچىدە يۈرۈۋېرىشكە ئاخىر چىدىمىدى. يوقلاپ تۇرۇشلار، كۈلۈپ بېقىشلار، ناز-خۇلقلار كار قىلمىغانىكەن، ئايۇپ دېگەن بۇ ئادەم مۇھەببەت مەسىلىسىدە يا ئۆتۈپ كەتكەن كالۋا، ياكى ئۇنىڭ مەيلىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغان ئىككىنچى بىرىۋ بار. ياق، چىمەنگۈل ئۇنىڭ كالۋالىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئىككىنچى ئېھتىمالنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىقى چوقۇم. چىمەنگۈل ئاشۇ ئابۇر ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەي قويمايدۇ، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلىش كېرەك.

چىمەنگۈل بىر كۈنى ئايۇپنى ياتىقىدىن تاپتى.

— قارىغاندا، بۈگۈن مەجلىسىڭىز يوق ئوخشايدۇ، بىر يەرگىمۇ بارمايدىغاندەك تۇرىسىز؟ — دېدى ئۇ ئايۇپنىڭ يەڭلىرى تۈرۈلگەن قوللىرىغا ھەمدە داسقا چىلانغان كىرلەرگە قاراپ قويۇپ.

ئايۇپ خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

— تاپتىڭىز، بۈگۈن مانا شۇ كىرلەرنى يۇيۇشتىن باشقا ئىشىم يوق ئىدى.

— كىر دېگەننى قىزلار يۇسا پاكىزرەك ئاقىرىدۇ، — چىمەنگۈل سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپلا، داسنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئايۇپ تالىشىپ باققۇدى، مۇمكىن بولمىدى.

— ئايۇپ، سىز نېمىشقا دوستلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلىشنىڭلا كويىدا يۈرىسىز؟ — دېدى چىمەنگۈل ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ.

ئايۇپ بۇ قىزنىڭ ئۆتكۈر سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى بىلەتتى.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن چاي دەملەي، — دېدى ئۇ قولاشمىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ.

يۇيۇلىدىغان كىيىملەر ئازلا ئىكەن. چىمەنگۈل ھەش-پەش دېگۈچە ئۇلارنى يۇيۇپ، چايقاپ، ياتاقتا توغرىسىغا تارتىلغان سىمغا ئارتىپمۇ بولدى. ئاندىن ئىككىسى بىرگە ئولتۇرۇپ، تاتلىق-تۈرۈملەر بىلەن چاي ئىچىشتى.

— يولداش ئايۇپ، — چىمەنگۈل كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك كۈلۈپ تىزرۇپ گەپ تەشتى، — مەنسەپ نامىڭىزنى قوشۇپ ئېيتمىسام، رەنجىمەمسىز؟

ئايۇپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى:

— شۇمۇ گەپ بوپتۇ-دە، مېنى دېسىڭىز ئاشۇنداق مەنسەپناملىرىنى كىشىنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئاتاشتىن ئىنتايىن بىزارمەن.

— ئەمىسە، ئۇنداق ئاتاشنى نېمىشقا چەكلىمەيسىز؟ — دېدى چىمەنگۈل خۇپسەنلىك قىلىپ.

— سىز ئاڭلىمىغان بولسىڭىز كېرەك. مەن قاراتاشقا كېلىپ، تۇنجى ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىدا كۆپچىلىكنىڭ مېنى ئىسمىم بىلەن ئاتىشىنى تەلەپ قىلغانىدىم. ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي «ئاشاڭجاڭ» دەۋەردى. نەچچە قېتىم چەكلەپ كۆردۈم، ھەتتا تېرىكىپمۇ قالدىم. بىراق يۇرتىمىزدا مۇنداق ئادەت شۇنچىلىك ئۆزلىشىپ كېتىپتۇكى، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئوڭاي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، قولۇمنى سىلكىدىم.

— ئاندىن ئۆزۈمگىمۇ خوش ياقتى، دەڭا! — ۋىلىقلاپ كۈلدى چىمەنگۈل.

— چىمەنگۈل، سىز ھەمىشە ئۇستىلىق بىلەن ئادەمنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا بەك ئامراق ئىكەنسىز جۇمۇ.

— كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلىشقا خېلى پەمىم بار. مېنىڭچە بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە مەنسىپى بىلەن ئاتاشنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر بولمىسا كېرەك، دەپ قارايمەن. دادامنى ئالسىڭىز، شۇنداق ئاتاشقا تېخىمۇ ئامراق، تاس قالدۇ بىزنىمۇ «ئاجۇرېن» دەپ چاقىرىشقا مەجبۇر قىلغىلى. بىر قېتىم قەستەندە «ئاجۇرېن دادا» دېۋىدىم، «ھۇ شەيتان» دەپلا قويدى، لېكىن قارىسام خۇشاللىقىدىن ھېجىيىپلا كېتىپتۇ.

ئايۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ھەي... گەپ دېگەنگە ئەجەب ئۇستا جۇمۇسىز!

چىمەنگۈلنىڭ بۇ تېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىن مەقسىتى ئاساسىي مەسىلىگە كۆچۈشتىن ئىلگىرى سۆھبەت كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، ئايۇپنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدى. قارىغاندا، ئۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى.

— ئاڭلىسام، تېخىچە بويتاق ئىكەنسىز، — دېدى چىمەنگۈل ئايۇپنىڭ چىنىسىگە چاي جىقلاپ قويۇپ، — نېمىشقا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشقا تۇتۇش قىلمايسىز؟ يا جاھاندىن مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتەي دەمسىز؟

ئايۇپ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى چىمەنگۈلنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق سوئال قويۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلغانىدى.

— چاۋاك بىر قولدىن چىقمايدۇ-دە. مەن بىلەن توي قىلىشقا رايى بار قىز يوق ئوخشايدۇ، قانداق قىلاي؟ — دەپ چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ جاۋاب بەردى ئۇ.

چىمەنگۈلنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇنداق جاۋاب ئىدى.

— بۇنىڭدىن قارىغاندا، تېخىچە پۈتۈشكەن قىزىڭىز يوق ئىكەن-دە؟
— يوق.
— كۆڭلىڭىزگە پۈككىنىڭىزمۇ يوقما؟ — چىمەنگۈلنىڭ يۈرەك ئۇرۇشى تېزلەشتى.

ئايۇپ دەررۇ جاۋاب بەرمىدى. يالغان ئېيتىمىش كېرەكمۇ؟ ئۇ چاغدا گەپ كوچىلاشقا ماھىر بۇ قىز يەنە قانداق سوئاللارنى قويۇپ قالار؟ بولدىلا، بىرلا سۆز بىلەن گەپنى بولدى قىلسۇنچۇ.
— بار.

چىمەنگۈلنىڭ يۈرىكى گويا كۆكرەك قەپىزىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكۈدەك ئەلپازدا سەكرەپ كەتتى.
— ئۇ بەختلىك قىزنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئايۇپقا مەستانىلارچە تىكىپ.

ئايۇپ مۇنداق سوئالنى ئەسلا كۈتمىگەنىدى. ئۇ چىمەنگۈلنىڭ ئۆزىگە بولغان يېقىندارچىلىقىدىن بۇرۇنلا ئاللىقانداق بىر مەنە-ئىستەكنى پايقاشقا ئۈلگۈرگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن. مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن ۋە تەلەپپۇزىدىن بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىسىنى سېزىپ تۇرۇپتۇ. بىراق ئۇ، قىزلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتلىرىگە بىردىنلا مۇنداق سوئال قويۇشىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى. نېمىدەپ جاۋاب بېرىشى كېرەك؟ «يوق ئىدى، يالغان دەپ قويغان» دەي دېسە، يىگىتلىك غۇرۇرى تۆكۈلىدۇ. ئەمىسە، نەچچە ئايدىن بېرى خىيالىنى بەند قىلىپ كېلىۋاتقان گۈلنىسانىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىشى كېرەكمۇ؟ ياق، ياق! مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس! ئايۇپ مەجنۇنغا ئايلانغىنى بىلەن ئۇنىڭ لەيلىسى تېخى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز تۇرسا.

— چىمەنگۈل، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ ئاخىرى قىزنىڭ ئۆزىنى يەپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ مەسىلە سىزگە تامامەن مۇناسىۋەتسىز بولغان باشقا بىرىۋىغا تەئەللۇق ئىش بولغاچقا، بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلمەيمەن.

چىمەنگۈل گويا ئۇشتۇمتۇت سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كىشىدەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۆزىگە يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ قالغاندەك بىلىندى. بىر پەس خىيالىغا ھېچقانداق پىكىر كەلمىدى. كېيىن ئاستا-ئاستا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىچىدە: «دېمەك... دېمەك ئۇنىڭ سۆيگەن يارى بار ئىكەن-دە...» دېدى-دە، خۇددى يىلان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ياتاقتىن قۇيۇندەك تېز چىقىپ كەتتى. ئايۇپ گەپمۇ قىلماي، ئۇنىڭ ئالدىنىمۇ توسماي، ئۇلۇق-كىچىك تىنغان پېتى تۇرۇپ قالدى. كۆڭۈل دېگەن راستىنلا ساراڭ نېمىدە!

چىمەنگۈل ئىككى-ئۈچ ھەپتىگىچە ئايۇپقا قارىسىنى كۆرسەتمەي يۈردى. ھېلىقى جاۋاب ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ئېغىر تەگكەنىدى. ئۇ مۇشۇ ئارىلىقتا ئايۇپتىن پۈتۈنلەي كۆڭلىنى ئۈزۈپ، ئادىلنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى...

دېگەن مەسىلە ئۈستىدە خېلى ئويلاندى. «شۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلىشىم كېرەك، — دەپ ئوي-خىياللىرىدىن يەكۈن چىقاردى ئۇ ئاخىرى، — ئايۇپنىڭ كەيپىدىن قارىغاندا ئۇلار تېخى رەسمىي يۈرۈشمەپتۇ. بۇ يوچۇقتىن چوقۇم پايدىلىنىمەن. ناۋادا ئۇ قىزمۇ ئايۇپنى ياخشى كۆرسىچۇ؟ ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا ئىككىسىنىڭ بىرىنى يالتايتىپ، ئايۇپنى تارتىۋېلىشقا تىرىشىمەن!...»

شۇ ئويلاردىن كېيىن ئۇ سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئايۇپ بىلەن ئىمدى بۇرۇنقىدەك ئانچە قويۇق بولمىسىمۇ، ھەپتە-ئون كۈندە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالاتتى. ھەر ئىككىلىسى سىلىق-سىپايە سالاملىشاتتى، ئانچە-مۇنچە پاراڭمۇ سېلىشاتتى. ئەمما ھېلىقى ماۋزۇدىكى گەپنى ھېچقايسىسى قايتا تەشمىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىمەنگۈل ئۈشتۈمتۇت ھالدا ئايۇپنىڭ گۈلنىسا ئىسىملىك سەھرالىق قىزغا ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغان ھېلىقى چاغدا ئايۇپنىڭ كۆزلىرى بۆلەكچە ئۇچقۇنلاپ، چىرايى خۇددى ئوچۇق كۈندىكى سەھەر پەيتىدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. چىمەنگۈلنىڭ خىيالىغا «مۇشۇمىدۇ؟» دېگەن ئوي لەپپىدە كىرىپ كەلدى. چۈنكى گۈلنىسانىڭ ئۆزىمۇ خۇددى گۈل ياپرىقى ئۈستىگە قونغان شەبنەمدەك گۈزەل قىز ئىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قەلبىدە گۈلنىساغا نىسبەتەن تۇنجى قېتىم بىر خىل ئاداۋەت تۇيغۇسى ئويغاندى. قىرىشقاندەك شۇ كۈنى كەچتە ئايۇپ دوختۇرخانىغا گۈلنىسانىڭ ئاچىسىنى يوقلاپ باردى. «ئۇلار يا تۇغقان بولمىسا، بىرەر پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى بولمىغان تەقدىردە ئايۇپ ئۇنىڭغا مۇنچىلىك قىلىپ كېتەرمىدى؟...» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئەتىسى يۇقىرىدا كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولغاندەك گۈلنىساغا نەشتىرىنى سانچىۋالدى.

ئايۇپنىڭ پىششۇرۇلغان توخۇ گۆشى ئەۋەتىشى چىمەنگۈلنىڭ گۇمانىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىسپاتلىغاندەك بولغانىدى. بىراق گۈلنىسانىڭ: «خاتىرجەم بولۇڭ، بىزگە ھەرقانداق مەشھۇر كىشىنىڭ يوقلىشىمۇ، ئېسىل سوۋغاتلىرىمۇ لازىم ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى ئۇنى يەنە ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. «قارىغاندا، بۇ سەھرالىق تېخى ئۆزىچە ئايۇپنى ياراتمىسا كېرەك. بولمىسا مۇنداق ئۆتكۈر سۆزلەرنى قىلمىغان بولاتتى. دېمىسىمۇ، سەھرالىق دېگەن مۇھەببەت، ئىستىقبال دېگەننى چۈشەنمەتتى. ئۆزىگە ئوخشاش نادان، ئەمما روناق تېپىپ بېيىغان بىر دېھقان يىگىتكە كۆڭلىنى بەرگەندۇ تايىنلىق...»

ئەمما ئۇ ئايۇپنى چۈشىنەلمەي ھەم ھەيران بولاتتى، ھەم ئاچچىقلىناتتى. ئۆزى بىلەن ئۇ سەھرالىق قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار-ھە؟ گۈلنىسا دېگەن بىر قارا سەھرالىق، ئۇنىڭ چىرايى بولغان بىلەن كىيىنىشلىرىدىنمۇ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىنمۇ مەدەنىيەتنىڭ، زامانىۋىلىقنىڭ بىرەر بەلگىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى خالۋاپ ئىكەن. چىراي دېگەننى چىلاپ يېگىلى بولامتى؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئايۇپ دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئالتۇننىڭ قەدرىنى بىلمەي، مىسقا تەلپۈنگىنى نېمىسى؟...

# ئېخ، گۈزەل باھار

— گۈلنىسانىڭ خاتىرىسىدىن I

I

باھار كېلىپ ۋادىلار يېشىللىققا پۈركەندى، باغلار گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەندى. يەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە كۈزگى بۇغداي تېرىۋالغانىدۇق. ھويلىمىزنىڭ ئالدىدىكى تال بىلەن، كىچىك باغچىمىزدىكى ئەنجۈر، ئانار ۋە قىزىلگۈللەرنى ئېچىش، باراڭغا ئېلىش ئىشلىرىنى دادام، ئاكام ۋە ئاچامنىڭ ئېرى ئىككى كۈندىلا ئىشلەپ تۈگەتتى. باشقىلىرىمىز گىلەم توقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق.

شۇ كۈنلەردە بەزىدە ئۆزۈمگىمۇ ھەيران قالاتتىم. بۇرۇن گىلەم توقۇشنى جان بېقىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى، ئىلاجىسىزلىقتىن قىلىدىغان ئىش دەپ تونۇغان ئىكەنمەن. مۇشۇ تۆت - بەش ئايدىن بۇيان بۇ ھۈنەرگە قارىتا كۆڭلۈمدە ئۆزگىچە بىر ھەۋەس - ئىشتىياق پەيدا بولدى. ھەر قېتىم يېڭى ئىش باشلىغاندا، پەقەت دۇكانغا ئۇزۇنىسىغا تارتىلغان ئاپئاق ئۆرۈشلارنىلا كۆرىسەن، ئاندىن خۇددى قۇشقاچ چاڭگىغا تىزىلغاندەك بىر - بىرلەپ تىۋىت چىگىسەن، ئۈستىدىن ئاقاق تارتىپ، پەنجە ئۇرۇپ چىڭدايسەن، ئارقىدىن تىۋىتلەرنى قىرقىپ تەكشىلەيسەن. قارىماققا بۇ ئىش ھەر كۈنى بىر خىللا تەكرارلىنىدىغان زېرىكەرلىك مەشغۇلاتتەك تۇيۇلىدۇ. بىراق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆز ئالدىڭدا ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل شەكىلدە جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايلىق گۈللەر نامايان بولىدۇ، گويا باغدىكى گۈلزارلىق ئۆينىڭ ئىچىگە كۆچكەندەك قەلبىڭ سۆيۈنۈپ كېتىدۇ!

ئۆزۈم توقۇۋاتقان گىلەملەرگە پات - پات زوقلىنىپ قاراپ كېتىمەن. خالىۋاپ دەپ ئاتالغان مۇشۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئەقلى ۋە قوللىرىنىڭ چېۋەرلىكىنى قاراڭ: گۈللەرنىڭ رەڭگىمۇ، شەكلىمۇ، جايلىشىشلىرىمۇ ھەرخىل. ئالدىڭدا سېلىشتۇرۇپ تۇرغۇدەك بىرەر ئۆرنەكمۇ يوق. مۇزىكانتلار چېغىدا دىرىژورنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئالدىدىكى نوتىلاردىن كۆزلىرىنى ئۈزمەيدىكەن. لېكىن خالىۋاپلارچۇ؟ ئۇلار پەقەت ئىككىلا نەرسىگە — خىيالىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە بارماقلىرىدىكى رىتىمغىلا تايىنىدۇ. ناخشا ئېيتىۋاتقاندىمۇ، سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندىمۇ ئازمايدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆرگەن كىشىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرگۈدەك مانا مۇشۇنداق گۈزەللىك نامايان بولىدۇ...

ئايۇپ ئاكا ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى رىۋايەتتىكى گۈلەم قىزنىمۇ، بايىمە ئاتلىق كەسىپدىشىمنىڭ لوندونغا بېرىپ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكىنىمۇ پات - پات ئەسلەيتتىم. ئاندىن ئۆزۈمدىمۇ ئاللىقانداق بىر خىل تۈرتكىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. مەن پەقەت ئاشۇلارنىڭ ئىشىنى ئاددىي ھالدا تەكرارلىغۇچىلا بولۇشۇم كېرەكمۇ؟ بىرەر يېڭىلىق يارىتىش قولۇمدىن كەلمەسمۇ؟...

ئويلايتتىم، ئەمما نېمە قىلىشىم لازىملىقىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولاتتىم.

www.uyghurkitap.com

بىز ئاساسەن «كەلكۈن»، «ئەددىيال»، «چاچما»، «ئانار گۈلى» قاتارلىق نۇسخىلارنىلا توقاتتۇق. بىر كۈنى دادام بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، بەزى نۇسخىلارنىڭ كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلدىم.

— «ئەددىيال» نىڭ ئۆزىلا بىرنەچچە نۇسخىغا بۆلۈنۈپ كەتتى، — دېدى دادام گېپىنىڭ ئاخىرىدا، — بىز پەقەت «مودەن ئەددىيال» نۇسخىسىنىلا توقۇۋاتىمىز.

— ئاشۇ نۇسخىلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

— قانداق پەيدا بولاتتى؟ ئەلۋەتتە سەن بىلەن بىزگە ئوخشاش خالىۋاپلار ئويلاپ تاپقان - دە، — دادام بىر پەس نېمىنىدۇ ئويلىغاندەك جىمىپ قېلىپ، كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — ھەراست، ئون نەچچە يىل بۇرۇن رەسىم سىزىدىغان بىر مۇئەللىم قوشنىۋستەڭلىك خالىۋاپلارغا بىرخىل ئەددىيال نۇسخىسىنى سىزىپ بېرىپتىكەن، شۇنىدىن بۇيان ئۇ يەرلىكلەر ئاشۇ نۇسخىنىلا توقۇيدىغان بولۇشتى.

دادامنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا ئىلھام بېغىشلىدى. يېڭى نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىش - نېمىدېگەن ياخشى گەپ بۇ! ئەجەب بۇ ھەقتە ئويلىماپتىمەن - ھە!

شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئويلاشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدىم. لېكىن قانچە باش قاتۇرۇپمۇ كونىلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان يېپيېڭى بىر نۇسخا يارىتىشقا دەماللىققا كۆزۈم يەتمىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۈمىد ئۈزۈشكە بولامدۇ؟ شۇڭا ھازىرچە يەنىلا كونا نۇسخىلارغا بەزى كىچىك ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈش قارارىغا كەلدىم. باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھازىر توقۇلۇۋاتقان بارچە نۇسخىلارنى كۆرۈپ چىقىشىم لازىم ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بىر كۈنى شەھەرگە بېرىپ گىلەم بازىرىنى ئايلاندىم. ھەيھات، گىلەملەرنىڭ خىللىرى نېمىدېگەن تولا! «ئەددىيال» نىڭمۇ قويۇپ تۇرايلى، قەدىمقى نۇسخا دەپ ئاتالغان «كەلكۈن» نىلا ئالساق، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئوخشاش بولغىنى بىلەن گۈل ۋە شەكىللەرنىڭ رەڭگىدە، جايلىشىشلىرىدا، كانارىسىدا ھەرخىل پەرقلەر بار ئىكەن. مەن تەسەۋۋۇر قىلغان بىرنەچچە خىل ئۆزگەرتىشنى باشقىلار ئاللىقاچان ئورۇنداپ بوپتۇ!

باشتا لەنسىدە بولۇپ قالدىم. بىراق بالىلىق ۋاقتىمدىن باشلاپ بىر خىل تەرسا مىجەزىم بار ئىدى. بىرەر نەرسىگە كۆڭۈل قويدۇمىمۇ، ئۇنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە تىنىم تاپمايتتىم. شۇڭا باشقىلار بەزىدە: «بەكمۇ جاھىلسەن» دەپ ئەيىبلىشەتتى. ھازىرمۇ يەنە شۇ مىجەزىم ۋۇجۇدۇمنى قىزىتتى. گىلەم بازىرىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، كۆڭلۈمدە «ئۇششاق - چۈششەك ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈش ئەمەس، يەنىلا يېڭى، ئۆزگىچە بىر نۇسخا ئىجاد قىلىمەن!» دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بېرىپ.

— ۋوي، گۈلنىساغۇ بۇ!

بۇرۇلۇپ قارىدىم. مەندىن تۆت - بەش قەدەم نېرىدا ئايۇپ ئاكا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئادەم ئائىلىمىزگە ئۈچ - تۆت قېتىم يوقلاپ بارغانىدى. ئەمما ھېلىقى چاغدا چىمەنگۈل بىلەن ئېيتى-

شىپ قالغاندىن بىرى ئايۇپ ئاكا بىلەن كۆرۈشۈش، پاراڭلىشىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىدىم. ئۇ ئۆيىمىزگە كەلگەن چاغلاردىمۇ بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتىم. بىراق خېلى ۋاقىتلارغىچە نېمىشقىدۇر شۇ قېتىمقى ماجىرانى ئېسىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. ئۇ ھەقتە ئويلىسام ئارقىدىن تەبىئىي ھالدا ئايۇپ ئاكا توغرىسىدىكى ئويلار پەيدا بولاتتى. ئايدىلىمىزدىمۇ، مەھەللىمىزدىمۇ پات - پات ئۇنىڭ توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالاتتى. ھەممەيلەن ئۇنى ماختىشاتتى. مەن ئۇ خىلدىكى پاراڭلارغا ئارىلاشمىسامۇ، خىيالىمدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلايتتىم. كېيىن بارا - بارا بەزىدە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرگۈم، مۇڭداشقۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداق چاغلاردا ئىختىيارسىز ھالدا قولۇم ئىشتىن توختاپ قالاتتى. ئەمما ئارقىدىنلا چىمەنگۈلنىڭ ئاداۋەتلىك ۋە مەسخىرىلىك چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى - دە، خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك سەسكىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى خىيالىمدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتىم.

— ياخشىمۇسىز، ئەجەب خىيالغا غەرق بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟

باشتا سەل ھودۇقۇپ قالدىم. ئەمما تېزلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئايۇپ ئاكىسىنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردۇم.

بىللە ياندىشىپ ماڭدۇق.

— بىرەر ئىش توغرىسىدا ئويلاۋاتقانمىدىڭىز؟ — جاۋابسىز قالغان سوئالىنى يەنە تەكرارلىدى ئۇ، — مەخپىي بولمىسا، ئېيتىپ بېرىشكە بولامدۇ؟

نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدە بىر خىل خۇشاللىق ۋە خىجىللىق تۇيغۇسى پەيدا بولغاندەك بولدى. ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى ئويلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— بەك ياخشى ئويلاپسىز! — ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى ئايۇپ ئاكا، — ئادەم ھەرگىز قانائەتچان بولماسلىقى كېرەك، بولمىسا بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. ھەممە ئادەم بۇرۇنقىسىنى تەكرارلاۋەرسە، تۇرمۇش قانداق ئىلگىرى باسىدۇ؟ مەن سىزنىڭ مۇنداق ئىجادچانلىق روھىڭىزنى قىزغىن قوللايمەن. قاراڭ، مۇنداق قىلايلى: مەدەنىيەت يۇرتىدا مېنىڭ رەسسام ئاغىنەم بار. ھازىرلا شۇنىڭكىگە بارايلى. سىز ئويلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىڭ. ئۇ يېڭى گىلەمنىڭ نۇسخىسىنى سىزىپ بەرسۇن، بولامدۇ؟

ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى كۆڭلۈمنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. بىراق سەل ئويلانغاندىن كېيىن ھازىرچە ئۇنى رەت قىلدىم:

— ئايۇپ ئاكا، شۇنداق نىيەتكە كەلگىنىم بىلەن كاللام تېخى قۇپقۇرۇق، يېڭى نۇسخا ھەققىدە ھېچنەرسە ئويلانمىدىم، ھازىرچە رەسسامنى ئىزدىمەيلى.

— ئۇ دېگەن كەسىپ ئەھلى، سىز مۇنداق - مۇنداق ئىش ئىدى، دەپلا بەرسىڭىز، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن سىزىپ چىقالايتتى.

تەييار نۇسخا — بۇمۇ ئەۋەتتە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە گەپ. بىراق ئۇ بەر-

بىر باشقىلار ئىجاد قىلغان مۆزىكىنى چېلىشقا ئوخشاشلا ئىشقۇ. مېنىڭ ئويلىغىنىم باشقىچە.

— ئايۇپ ئاكا، كۆزدە بىزنىڭ ئۆيگە تۇنجى كەلگەن چېغىڭىزدا ھېلىقى گۈلەم قىز ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئېيتىپ بەرگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن ھېچ بولمىغاندا نۇسخىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزۈم ئويلاپ تېپىشنى خالايمەن.

ئايۇپ ئاكا خىيالغا چۆمگەندەك بىر پەس جىم بولۇپ كەتتى.

— گۈلنىسا، سىزنى بۇرۇن خېلىلا كەم چۈشەنگىنىم ئۈچۈن شۇ تاپتا خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى جىملىقنى بۇزۇپ، — سىز ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىكەنسىز. ھەي... شۇ تاپتا نېمە دېسەم بولار؟ — ئۇ يەنە بىر ئاز جىم مېڭىپ، كېيىن قوشۇپ قويدى، — ماقۇل، سىز ئاۋۋال تەسەۋۋۇر قىلىپ، بولدى دېگەن چېغىڭىزدا ماڭا خەۋەر بېرىڭ، ئاندىن كېيىن بىز رەسسامنى ئىزدەيلى، بولامدۇ؟

مەن باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم.

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن كەلگەن سەنئەتچىلەر كۈندۈزى ئويۇن قويماقچى ئىكەن، ئايۇپ ئاكا بىللە ئويۇن كۆرۈشنى تەكلىپ قىلدى. راستىمنى ئېيتسام، بۇ تەكلىپ مېنى خېلىلا قىزىقتۇردى. بىراق نېمىشقىدۇر ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ خىيال - تەسەۋۋۇر مېڭەمنى چۇلغاپلا ئالدى. ئۇنداق ئويلاپمۇ بۇنداق ئويلاپمۇ كۆردۈم. ئەمما كۆڭلۈمگە ئاساسەن تولۇقلانغان مۇستەقىل بىر نۇسخىنىڭ سۈرىتى تېخىچە ئايان بولالمىدى. ئويلىغانلىرىمنىڭ قايسىدۇر بىر يەرلىرى باشقا نۇسخىلارنىڭ تەكرارى بولۇپ قالاتتى، قايسىدۇر بىر يەرلىرى باشقىلىرىغا ماسلاشماي قالاتتى. ياكى بولمىسا ئانچە كۆركەم ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. دەرس تەكرارلاشنى بۇرۇنلا بوشاشتۇرۇپ قويغانىدىم. ئەمدى كىتاب كۆرۈشكە ئازراقمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدىغان بولدۇم.

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆرۈك، ئالما، ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان كىچىككىنە باغچىمىز بار ئىدى، شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆپپىدە ئېچىلدى. قىزىل، سېرىق، ھال ۋە ئاق رەڭلىك گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بۇ باغچا ئادەمنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە باغچىغا كىردىم. بۇ چاغدا قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولۇپ، چېچەكلەر نۇرغا چۆمۈلگەندى. تېخى قۇرۇپ بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن شەبنەملەر خۇددى ياقۇت دانىچىلىرىدەك يالتىراپ تۇراتتى. شاخلارغا قونغان قۇشقاچلار، تومۇچۇقلار چاڭىلداپ سايرىشاتتى. باھار پەسلىنىڭ بۇ ئەتىگەنلىك مەنزىرىسى قەلبىمنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى. خېلىغىچە چېچەكلەرگە قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن بىردىنلا كۆڭلۈمگە بىر پىكىر كەلدى: يېڭى نۇسخىنىڭ ئەندىزىسى مانا كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇپتىغۇ! باھاردا رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە شېرىن مېۋىلەر

بىلەن تولدىغان مۇشۇ باغنىڭ ھۆسنىنى كىلەمگە چۈشۈرسەم بولمامدىكەن؟ ئۇنىڭدا گۈللەرمۇ، مېۋىلەرمۇ ۋە قۇشلارمۇ ئىپادىلەنسۇن. ئۇ چاغدا تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ بىرقەدەر پۈتۈنلەشكەن كارتىنىسى ئەكس ئېتىدىغۇ. بۇ نۇسخىغا «باغ» دەپ ئات قويسىمۇ، «ھايات» دەپ ئات قويسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.



كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئالدىراش ئۆيگە كىردىم - دە، ئۈستەلگە يوغان بىر پارچە قەغەزنى يايدىم، رەسىم سىزىشقا ئىشلىتىدىغان ھەرخىل رەڭلىك بوياقلارنى تەق قىلدىم. ئاندىن ئويلىغانلىرىم بويىچە شەكىللەرنى قەغەزگە چۈشۈرۈشكە تۇتۇندۇم. رەسساملىقتىن تۈزۈك خەۋىرىم يوق ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي يېڭى نۇسخىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى — رەسساملارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «كومپوزىتسىيە»نى جايلاشتۇردۇم. بەزى يەرلىرىنى خەت بىلەن ئىزاھلىدىم. ھەتتا دەرەخ شاخلىرىغا قۇشلارنى، گۈل ياپراقلىرىغا تىترەپ تۇرغان شەبنەم دانىچىلىرىنى قوندۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇمىدىم...

بىراق «نۇسخا» پۈتكەندىن كېيىن سىزغانلىرىم ئۆزۈمگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەشق رەسىملىرىگە ئوخشاش تولىمۇ كۆرۈمسىز بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈندى. شۇنداقتىمۇ قەلبىمدىكى شادلىقىم قىلچە سۇسايمىدى. رەسىمنى يۆگىدىم - دە، ۋېلىسىپىتىمغا مىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە قاراپ چاپتىم.

بازارغا كىرىشىمگە قېرىشقاندەك چىمەنگۈل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈممۇ، سۆزلەشكۈممۇ يوق ئىدى. شۇڭا توختىماي - لا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋېدىم، بىراق چىمەنگۈل:

— ھوي گۈلنىسا، سالاملىشايمۇ دېمەيسىزغۇ؟ — دەپ قالدى.

ئىلاجىسىز ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى چىمەنگۈل ئانچە قولاشمىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ، — بەك ئالدىراش ئوخشايسىز. ئاشاڭجاڭنىڭ يېنىغا ماڭغان ئوخشىمامسىز؟

ئەسلىدە بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىمنى ئېيتماقچى ئەمەس ئىدىم. بىراق، ئۇ ئۆزى مۇشۇ گەپنى كوچىلىغاچقا، يوشۇرغۇم كەلمىدى. قانداق ئويلىسا ئويلاۋەرمەمدۇ؟ نېمىدىن قورقاتتىم.

— ھەئە، ئايۇپ ئاكىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدىم.

www.uygurkitap.com

— بىكار ئاۋارە بوپسىز، — دېدى ئۇ يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ماڭا نېمىشقىدۇر بىر خىل مەسخىرىدەك تۇيۇلدى، — يولداش ئايۇپ ناھىيىگە مەجلىسكە كېتىپتۇ. ئاڭلىسام، ئۇ يەردىن باشقا جايلارغا ئېكسكۇرسىيىگە بارغۇدەك. پات ئارىدا كۆرۈشەلمىگۈدەكسىز.

چىمەنگۈل رەسمىي ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان سوغۇق كۈلكە بىلەن چىرايىمغا قارىدى. يەنە ئاشۇ دوختۇرخانىدا ماجىرالاشقان ۋاقتىمىزدىكىدەك غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى - دە، كۆڭلۈمدە نېمىشقىدۇ بىر سانجىۋېلىش ئىستىكى قوزغالدى.

— ئۇنىڭ بىلەن ناھىيىدە كۆرۈشمەكچى بولغان، ئۆزى تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلغان، — دېدىم مەن بىر خىل چوڭچىلىق چىقىپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزدا.

چىمەنگۈل دەماللىققا باشقا سۆز تاپالمىغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئاندىن چىرايى تاتىرىپ، بايىقى مەسخىرە ئورنىنى ئەمدى بىر خىل ئاداۋەتخورلۇق ئىپادىسى ئىگىلىدى.

— خوش ئەمىسە، — مەن ئۇنىڭغا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويۇپ شارتتىملا بۇرۇلدۇم - دە، ۋېلىسپىتىمغا مىنگىنىمچە مېڭىپ كەتتىم. يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ يېنىغا بېرىشىمغا دەرۋازىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئايۇپ ئاكا بىلەن ئۇچراشتىم.

2

«سۆيۈملۈك گۈلنىسا، مەن ئۇزاق ئويلاردىن كېيىن سىزگە مۇشۇ خەتنى يېزىپ، مەقسىتىمنى توغرىدىن توغرا ئوتتۇرىغا قويۇش قارارىغا كەلدىم، سىزنى تۇنجى قېتىم ئۆتكەن يىلى باھار پەسلىنىڭ تازا ۋايىغا يەتكەن مەزگىلىدە — سىلەرنىڭ سىنىپىڭلارغا دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەن چېغىمدا كۆردۈم. ئېسىڭىزدە بارمۇ، شۇ چاغدا سىز بارلىق سوئاللارغا تولۇق ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا جاۋاب بەرگەن ئىدىڭىز. كېيىن ئىككىمىز ئىشخانىدا سۆھبەتلەشتۇق. بۇرۇن كىشىلەردىن: «بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپتۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسام ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم، كۈلگۈم كېلەتتى. بىراق يوشۇرماي ئېيتىمەنكى، شۇ قېتىم سىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مەن دەل ئەنە شۇنداق دەردكە مۇپتىلا بولدۇم. مېنى مۇنداق كويغا سالغان نەرسە سىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭىزمۇ، ئەقىل - پاراسىتىڭىزمۇ ياكى يۈكسەك ئەخلاقىڭىزمۇ (ئوقۇتقۇچىلىرىڭىز سىزنىڭ ئىنتايىن ئەخلاقلىق قىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەنىدى)، قايسى بىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، بەلكىم ھەممىسىدۇر! شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن كېيىن سىز بارلىق ئوي - خىياللىرىمنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزگە ئەسىر قىلىۋالدىڭىز. كېچىلىرى ئۇيقۇدىن، كۈندۈزلىرى ئارامىمدىن مەھرۇم بولدۇم، شۇ كەمگىچە يۈرىكىمنى ئۆرتەپ تۇرغان ئىشق دەردىنى قانداق چىدام ۋە سەۋر - تاقەت بىلەن بېسىپ كەلگەنلىكىمنى ئويلىسام، ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. ئاشىق بولغان يىگىتلەر كۆڭلىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى مەشۇقىغا (ئەگەر سىزنى مەشۇقۇم دەپ ئاتاشقا رۇخسەت قىلسىڭىز) قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى ئاشكارا قىلىشى كېرەككۇ. مېنى دېسىڭىز، شۇ كۈنىلا سىزگە يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتىشكە تەييار ئىدىم. لېكىن بىر جىددىي مەسىلە — سىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ داۋاملىق بىلىم

ئاشۇرۇشقا بولغان ئىرادىڭىز مېنىڭ يولۇمنى توستى. ئاڭلىسام، ئاتا - ئانىڭىزمۇ سىز-
نىڭ شۇ ئارزۇيىڭىزنى قوللايدىكەن. بىر كىتابتىن: «مۇھەببەت — ياخشى كۆرگەن
كىشىڭنىڭ خۇشاللىقىغا قوشۇلۇپ خۇشال بولۇش، قايغۇسىغا قوشۇلۇپ قايغۇرۇش دې-
مەكتۇر» دېگەن سۆزنى ئوقۇغانىدىم. ئۇ چاغدا سىزنى خۇشال قىلىدىغان ئىش — داۋاما-
لىق ئوقۇش ئىدى. شۇڭا گەرچە ئالىي مەكتەپكە كېتىپ قالسىڭىز ئارزۇ - ئارمانلىرىمنىڭ
ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزۈم يەتمىسىمۇ، سىزدىن ئايرىلىپ قېلىش ماڭا ھېسابسىز قايغۇ-
ھەسرەت ئېلىپ كەلسىمۇ، سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزغا ئورتاق بولاي دېگەن نىيەتتە سىز-
گە قەلبىمنى ئاشكارىلاشتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. بىراق كىشىلەر: «ئوتنىڭ سىرتىدا
كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيگەن مىڭ ھەسسە ئەلا» دېيىشىدىكەنغۇ. بۇ ئېھتىمال، ئىچىدە
كۆيگەندە، كۆيۈپلا تۈگىشىپ، ئاغرىق ئازابىدىن بىراقلا خالاس بولىدىغانلىقىغا، ئەك-
سىچە، سىرتىدا كۆيگەندە، يا قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان، يا كۆيۈپلا تۈگەشمەيدىغان،
ھەمىشە كۆيۈپ، ئازابلىنىپلا يۈرىدىغان ھالەتكە گىرىپتار بولىدىغانلىقىغا قارىتا
ئېيتىلغان بولسا كېرەك. شۇ كۈنلەردە مەنمۇ دەل ئەنە شۇ ئىككىنچى ھالەتكە مۇپ-
تىلا بولغانىدىم. كۆپ ئۆتمەي خىزمەت بىلەن يىراق سەپەرگە چىقىشىمغا توغرا
كەلدى. قايتىپ كەلسەم، سىز ئۈچۈن شۇم خەۋەر ئاڭلىدىم. بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى
قوزغاپ كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن. ئەمما،
ئىشىنەمسىز، گەرچە ئۇ خەۋەر شەخسەن مېنىڭ ئىشقى - تۇيغۇلىرىمنىڭ ۋىسالىغا ئېرى-
شىش ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەرگەندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ ئار-
زۇيىڭىزنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن سىزگە ئوخشاشلا ئازابلاندىم. بىراق، ئالدىڭىز-
دا كۆندىلەڭ تۇرۇۋالغان توسالغۇنى ئېلىپ تاشلاش قولۇمدىن كەلمىدى. سىز ئاقىۋەت
يەنىلا قاراتاشتا قالدىڭىز. ئەمدى مېنىڭ سىزگە بولغان كۆڭلۈمنى ئاشكارىلاشقا تو-
سالغۇ قالمىغاندەك بولغانىدى. بىراق سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمدە سىز يەنىلا ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىڭىزنى، كېلەر يىلى يەنە ئىمتىھان
بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. راستىمنى ئېيتسام، شۇ چاغدا لەسسىدە بولۇپ قالغانى-
دىم. ئاندىن مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، مۇھەببەتتە ۋىسالغا ئېرىشىش دېمەك - ئىككى يۈرەك-
نىڭ ئىختىيارىي رەۋىشتە بىر - بىرىگە تەلپۈنۈشىنىڭ نەتىجىسى دېمەكتۇر. مەن
سىزگە مەجنۇن كەبى كۆيۈپ تۇرغۇنۇم بىلەن سىزنىڭ مېنىڭ لەيلىم بولۇش -
بولماسلىقىڭىزنى بىلمەيتتىم. شۇڭا يەنىلا ھىجران ئازابى ئىچىدە بىرنەچچە ئاي
ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر سىز تۇرمۇش يولىڭىزدا يېڭى بىر ئىستىقبال مەنزىرىسى تاپ-
تىڭىز. پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن شۇ يولدا ئالغا ئىنتىلىۋاتىسىز، ھەمىشە شۇ يولدا
ماڭامسىز؟ ياكى ياز پەسلىدە ئىستىقبال يولىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەنە بىر
قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرەمسىز؟ بۇ ماڭا ھازىرچە تولۇق مەلۇم ئەمەس. سۆيۈملۈكۈم گۈل-
نىسا، تاقىتىم بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۆتكەن يىلقى باھاردا يۈرىكىمدە مۇھەببەت
غۇنچىسى بىخلانغانىدى. لېكىن بىر يىل ئىچىدە، ئىلاجىسىز ھالدا ئۆزۈم ئۇنىڭ پۈرەك-
لەپ ئېچىلىشىغا يول قويماي ئالقانلىرىم بىلەن مەھكەم سىقىمداپ كەلگەنىدىم. بۇ

يىلقى باھاردا ئۇ مېنىڭ زورلىشىمدىن غالىب كەلدى. گۈلنىسا، باھار نېمەدېگەن ئىللىق - ھە! ئۇ، قار - مۇزلارنىمۇ، ھەرقانداق قېلىن توڭلارنىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۆتكەن يىلقى باھاردا بىخلانغان غۇنچىمىنىڭ يەنە شۇ پېتى تۇرۇۋېرىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇھ!... ئاخىرى شۇ غۇنچىنى سىزگە ئۇزاتتىم. ئۇنى پورەكلەپ ئېچىلدۇرارسىزمۇ؟ ياكى مىجىپ تاشلارسىزمۇ؟ مەن ئالدىنقى ھالەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تولىمۇ - تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.»

بۇ خەتنى بۇندىن ھەپتە ئىلگىرى ئايۇپ ئاكىمنىڭ ئۆز قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالغانىدىم. شۇ كۈنى ئىككىمىز ناھىيىگە — ئۇنىڭ رەسسام ئاغىنىسىنىڭكىگە باردۇق. رەسسام مەن سىزغان ھېلىقى «باغ» ناملىق «كومپوزىتسىيە» نى ناھايىتى زوقلىنىپ كۆرۈپ چىقتى.

— ھازىرچە خام - خوتىمەك كۆرۈنگەن بۇ «كومپوزىتسىيە» نىڭ ئارقىسىدا مول بەدىئىي گۈزەللىك يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ، — دېدى رەسسام ھەۋەس بىلەن، — ئاشۇ مەخپىي گۈزەللىكلەرنى نامايان قىلىش ئۈچۈن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن.

بىز ئۇنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئازراق بازار ئايلاندۇق-تە، ئاندىن قاراتاشقا قايتتۇق.

— ئۆيىڭىزگە بارغاندىن كېيىن بۇنى ئوقۇپ كۆرسىڭىز، — دېدى ئايۇپ ئاكا خوشلىشىدىغان چېغىمىزدا بىر دانە كونۋېرتنى ماڭا ئۇزىتىۋېتىپ.

مەن ئۇنىڭ چىرايى ۋە تەلەپپۇزىدىكى ھاياجانلىق كەيپىياتتىن ئاللىقانداق بىر مەنىنى سەزگەندەك بولدۇم - دە، خەتنىڭ مەزمۇنىنى سوراپ ئولتۇرمايلا يانچۇقۇمغا سالدىم. ئۆيگە كەلگەن چېغىمدا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى، تاماقنى ئالدىراپ - تېنەپ يەپ بولۇپ، ھۇجرامغا كىردىم - دە، خەتنى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، ئاندىن ئۇنى قولۇمدا تۇتقان پېتى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزە يېنىغا باردىم، پورتۇچكىنى ئاچتىم. ئۆيگە باھار ئاخشىمىنىڭ گۈل - چېچەك ھىدىغا تويۇنغان ئىللىق ھاۋاسى ئۇچۇپ كىردى. ئاسمان ئىنتايىن سۈزۈك ئىدى. بىھېساب يۇلتۇزلار گويا مېنىڭ شۇ تاپتىكى ھېس - تۇيغۇلىرىمغا ھەمدەم بولغاندەك كۈلۈپ قارىشاتتى.

بىزگە كۆپىنچە باھار مەۋسۇمى ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كەلگەندەك تۇيۇلىدۇ. قىشتىن بېرى ئاپئاق قارغا پۈركىنىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندەك كۆرۈنگەن تەبىئەتنىڭ ئۆز باغرىدا يېڭى بىر باھار تۆرەلمىسىنى يېتىشتۇرۇۋاتقانلىقىغا ئەقلىمىز يەتمەي قالىدۇ.

مەنمۇ شۇ تاپتا دەل ئەنە شۇنداق تۇيغۇغا غەرق بولغانىدىم. دۇرۇس، خېلىدىن بېرى ئايۇپ ئاكىمنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بالاغەتكە يەتكەن قىزلارغا خاس تۇيغۇنلۇق بىلەن سېزىپ يۈرگەنىمەن. ئۆزۈمدىمۇ ئۇنىڭغا قارىتا بىر خىل ھېسسىياتنىڭ ھەدەپ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. بىراق، ئايۇپ ئاكا كۈنلەردىن بىر كۈنى مۇشۇنداق مۇھەببەت ئىزھار قىلغۇدەك بولسا، ئۆزۈمنى ھازىرقىدەك شۇنچىلىك

كۈچلۈك ھاياجانغا چۈشۈپ قالارمەن دەپ زادى ئويلىمىغانىدىم. شۇ تاپتا يۈرەك ئۇرۇشۇم ئۆزۈمگىمۇ ئاڭلىناتتى. تومۇرلىرىمدا قان ئورنىغا خۇددى بىر خىل ئوتلۇق ئېقىم كېزىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى... شۇ ھالەتتە بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن قولۇمدىكى خەتنى ئاستا كۆكرىكىمگە باستىم - دە، گويا شۇ تاپتا ئايۇپ ئاكا ئايدىڭ كېچە نۇرىغا چۆمۈلگەن مۇشۇ دېرىزە تۈۋىدە تەقەززالىق بىلەن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغاندەك پىچىرلىدىم:

— مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن!...

مەن شۇ ئاخشىمىلا جاۋاب خەتنى يازدىم. بىراق ئۇنى ئىگىسىگە قانداق يەتكۈزۈشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. پوچتىدىن ئەۋەتسەم ئۆز قولىغا تېگەرمۇ؟ ناۋادا باشقىلار كۆرۈپ قالسا، سۆز - چۆچەك پەيدا بولماسمۇ؟ يا ئۆزۈم ئاپىرىپ بەرسەممىكىن؟ لېكىن خەتنى ئۇنىڭ قولىغا قانداق بېرەرمەن؟... ئەستاغپۇرۇللا، زادى قانداق قىلسام بولار؟...

ئادەم بىرەر جىددىي مەسىلىگە دۇچ كەلگەن چېغىدا ئۇنى پۇختا ئويلىنىپ، ئاڭلىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىمەن، دەپ ئويلىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھەر خىل ۋەسۋەسىلەردىن خالىي بولالمايدىكەن. شۇ يەتتە كۈن ۋاقىتنى مەنمۇ دەل ئەنە شۇنداق بىسەرەمجانلىق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بىچارە ئايۇپ ئاكا شۇ تاپتا قانچىلىك تەقەززالىق بىلەن جاۋاب كۈتۈۋاتقاندۇ؟ بۇنى ئويلىسام، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، بىراق...

بۈگۈن چۈشكە يېقىن مەرەمنىسا ئىسىملىك قىز ئۇشتۇمتۇت گەپ باشلاپ قالدى:

— ھەي ئاداشلار ھېلىقى ساۋاقدىشىمىز ئوسمان پاكار بارغۇ، يېقىندا كارامەت بىر ئىش قىپتۇ، دەڭلا، سۆزلەپ بەرسەم ئاڭلامسىلەر؟

خالۋاپ قىزلار دەررۇ ئىپادە بىلدۈرۈشتى:

— ئاڭلايمىز!

— ئەمىسە، قولۇڭلار ئىشتىن توختاپ قالمىسۇن، ھە!— ھېكايىسىنى باشلىدى مەرەمنىسا.— تۈنۈگۈن ئاقتېرەك كەنتكە — ئاچامنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىمنى بىلىسلەرغۇ. ئۇ يەردە ئاشۇ ئوسمان پاكار توغرىسىدا قىزىق بىر ھېكايىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىكى ئەترەت باشلىقى بىلەن كەنت سېكرېتارى ئاكا - ئۇكا بولۇپ، بۇرۇندىن خىيانەت، قاقتى - سوقتى قىلىش ئارقىلىق تازا بېيىۋالغانىكەن. دېھقانلارنىڭ پىكرى كۆپ بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرىشالمايدىكەن. بىزنىڭ ئوسمان ئۇلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى يوشۇرۇن ئىگىلەپ، پۈرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتۇ.

— مەكتەپتە چېغىدىمۇ ناھەقچىلىقلارغا تاقەت قىلالمايدىغان پاكارتى ئۇ، — دەپ لوقما سالدى بىرەيلەن.

— گېپىمنى بۆلمەي تۇرغىنا ئاداش، نەگە كېلىۋىدىم؟ ھە، يېقىندا ئەترەت باشلىقى ئۇنى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ھاشارغا ھەيدەپ كەپتۇ. «بىر شەرتىم بار، شۇنىڭ-

www.uyghurkitap.com

غا كۆرسىتىڭىز بارمەن» دەپتۇ ئوسمان.

— ئۇنى قارا، بۇرۇنىمۇ جىگەرلىك نەمىتى ئۇ.

— ھە، شۇنداق. ئەترەت باشلىقى: «قېنى، دەپ باقە، قانداق شەرتىڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ. «كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكى تارقىتىلغاندا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ساتقان پۇلدىن 10 مىڭ يۈەن يىغىلغانىكەن،— دەپتۇ ئوسمان ئەترەت باشلىقىغا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ،— ھازىر ئۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يۈەنىنىڭلا ئورنى باردىكەن، قالغان يەتتە مىڭ يۈەن نەگە كەتتى؟ يەنە ئەترەت ئىشخانىسى يېنىدىكى 30 تۈپ يوغان تېرەك كوللېكتىپقا قالدۇرۇلغانىكەن. ھازىر ئۇلاردىن بىرسىلا قاپتۇ، قالغىنى نېمىگە ئىشلىتىلدى؟ مۇشۇ ئىككى سوئالغا ئېنىق جاۋاب بەرسىڭىز ھاشارغا بارمەن، بولمىسا بارمايمەن».

— تازا جان يېرىدىن تۇتۇپتىغۇ ئۇ.

ئەترەت باشلىقى جاۋاب بېرىشتىن باش تارتىپ، ئاچچىقلانغان پېتى كېتىپ قاپتۇ.

— شۇدە، ئۇ ئوكايلا «مەن يەپ كەتتىم» دېمىتى.

— بىراق ئارقىدىنلا ئوسماننىڭ ھوپلىسىدا سېكرېتار پەيدا بولۇپتۇ. «ساڭا كادىرلارنى سوراق قىلىش ھوقۇقىنى كىم بەرگەن؟» دەپ ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا ۋارقىراپتۇ ئۇ. ئوسمانمۇ بوش كەلمەي: «دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى بەرگەن» دەپتۇ ۋە يەنە تېخى نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟ «سېكرېتار، بۇ گەپنى ئېچىپ ياخشى قىلدىڭىز، تېخى سىزدىن سورايدىغان سوئالىممۇ بار. كوللېكتىپنىڭ پۇلىدىن مائاش ئالىسىز، يەنە تەمىنات يېرى ئۈچۈن دەپ ئەڭ ياخشى يەردىن بەلگىلىمىدىن ئارتۇق ئىگىلىدىڭىز. لېكىن ئۇ يەرنىڭ پۈتۈن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى دېھقانلارغا قىلدۇرىسىز. ئېيتىپ بېقىڭا، بۇ ئىشىڭىز توغرىمۇ، خاتامۇ؟»...

— ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىنى قاراڭلار.

— ھە، شۇنداق. سېكرېتار ئۆزىنى شۇ كەنتنىڭ پادىشاھىدەك ھېسابلايدىكەن. شۇڭا ئوسماندەك «سېرىق تۇك شۇمتەك»نىڭ ئۆزىگە مۇنداق سوئال قويۇشىنى قاتتىق ئېغىر ئاپتۇ - دە، دەرغەزەپ بولۇپ: «ئاغزىڭنى يۇم، ھارامزادە!» دېگىنىچە ئوسمانغا بىر شاپىلاق ساپتۇ. ئوسماننىڭ ئاغزى قاناپتۇ.

— تازا زومىگەر نېمىكەنغۇ ئۇ؟

— ھە، ئاندىن ئوسمان نېمە قىپتۇ؟

— «گەدىنىمدە قەرز قالمىسۇن، ھازىرلا ياندۇراي» دەپتۇ ئوسمان ۋە سېكرېتارغا بىر مۇشت ياندۇرۇپتۇ.

— ئوغۇل بالا!

— تازا توغرا قىپتۇ!

— سېكرېتار مۇنداق بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىكەن. يەنە ئۇرۇشۇۋېرەي دېسە، «سېرىق تۇك شۇمتەك» مۇ بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس. شۇڭا: «خەپ توختاپ تۇر،

كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسەم!» دەپ ھەيۋە قىلغىنىچە ئارقىسىغا قايتىپ، بىردەمدىن كېـيىن بىرنەچچە سالەكلەرنى باشلاپ كەپتۇ... دەل شۇ چاغدا ئايۇپ شاگىجاك بىـلەن ئاقتېرەكنىڭ كەنت باشلىقى شۇ مەھەللىگە كېلىۋاتقانىكەن. ھەر ئىككى تەرەپ ئوسماننىڭ ھويلىسى يېنىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. سېكرېتار ئوسماننىڭ ئۈستىدىن تازا دادلاپتۇ. شاگىجاك ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئاندىن ئوسمان بىلەنمۇ سۆزلىشىپـتۇ. ئاخىرى نېمە بولۇپتۇ دېمەمسىلەر؟ گەپنى قىسقارتاي: ئەتىسى ئەتىگەندە ئوسمان خۇشال - خۇرام ھالدا ئۈستەك قۇرۇلۇشىغا مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى قاسىم تەشكىلات بىلەن بۇغالتىر غۇلام ئاكا ئاقتېرەككە يېتىپ كەپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن سېكرېتار بىلەن ئەترەت باشلىقى مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇپ، خىـيانەت قىلغان پۇللىرى كوللېكتىپقا قايتۇرۇلۇپتۇ. يەنە تېخى ھازىر مەسىلىسىنى قانۇن ئورۇنلىرى تەكشۈرۈۋاتقانمىش.

— ھەي، بىزنىڭ ئوسمان پاكار راستىنلا يامان نېمىكە جۇمۇ!

— ئوسمانىمۇ يامانىكەن. ئەڭ مۇھىمى، يېزا باشلىقىمىز ئادىل كىشى ئىكەن: ئەگەر ئۇمۇ سېكرېتارغا يان باسقان بولسا، ئوسمانغا خېلى ئىش كېلەتتى، دەڭلار.

شۇنىڭدىن كېيىن باشقا قىز - چوكانلارمۇ ئايۇپ ئاكىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەققىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەشكە چۈشۈپ كەتتى. مېنىڭمۇ سۆھبەتكە قېتىلغۇم بار ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر زۇۋان سۈرمىدىم.

توساتتىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇھ، ئايۇپ ئاكام كەلگەنمىدۇ؟ ئاۋۇ كۈنى ئۇ: «رەسىم پۈتكەندە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن» دېگەنىدى.

يۈرىكىم قاتتىق ئورۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشەرمەن؟ خەتنى ئۆز قولىغا بېرەيمۇ - بەرمەيمۇ؟ قانداق بېرەرمەن؟

## ۋىسال بوسۇغىسىدا

### 1

ئايۇپ ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇ ئارزۇسىغا يېتەي دەپلا قالغانىدى. توي قىلىش ھەققىدە گۈلنىسانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتى. ئەتە ئۇلار نىكاھ قەغىزى ئالىدۇ.

تاسادىپىلارنى ھەرگىز بوش چاغلاشقا بولمايدىكەن. ئۇ ئىلگىرى: «مېنىڭ بەخت گۈلۈم قاراتاشتىكى يىراق بىر مەھەللىدە ئېچىلار» دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئەگەر تاسادىپىي ھالدا قاراتاش ئوتتۇرا مەكتىپىگە دەرس ئاڭلىغىلى بېرىپ قالمىغان بولسا، ئېھتىمال گۈلنىسا ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بىر خىل مەخپىيەت بولۇپ قېلىۋەرگەن بولاتتى. شۇ چاغدا ئۇ قىزنى بىر كۆردى-يۇ - ئاشىق بىقارار بولدى. بىراق شۇ كۈنلەردە ئىشىق دەردى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىشكە كۆزى يەتـمەيتتى. كېيىن يەنە بەزى تاسادىپىلار ۋە باشقا ئىشلار يۈز بەردى. ئاندىن مانا

ھازىرقىدەك نەتىجە كېلىپ چىقتى.

ئايۇپ بۇگۈن دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان دېھقانچىلىك مەيدانىغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ يەردىن قايتىۋاتقاندا ساۋۇت ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە يېرىم سائەتتەك توختاپ، ئەتە نىكاھ قەغىزى ئېلىش توغرىسىدا گۈلنىسا بىلەن پۈتۈشتى. ئۇكتۇل - دوكتۇل يوللاردا بىر كۈنلۈك سەپەر قىلىپ، تازا تاسقالغان بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. ۋىسالغا ئېرىشىش شادلىقى بەخش ئەتكەن بىر خىل ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ ئاتا قىلغاندەك ئىدى.

ھاۋا ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى. ئايۇپ كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئازراق كىتاب كۆردى - دە، ئاندىن تېلېۋىزورنى ئاچتى. ھەر ئىككىلا قانالدا ئايىغى چىقمىشقا كۆز يەتمەيدىغان، تولىمۇ ئەزمە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلۇۋاتاتتى. ئايۇپ ئۇنى ئازراق كۆردى - دە، ئاندىن ئۆچۈرۈۋېتىپ، ياتىقىدىن چىقتى. قورۇنىڭ ئارقىسىدا كۆلىمى 15 - 20 مو كەلگۈدەك مېۋىلىك باغ بار ئىدى. ئايۇپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ شۇ يەرگە كىردى - دە، تال بارىڭى ئاستىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا ئولتۇردى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سالقىن ئىدى. يېقىنقى يەللاردىن بۇيان تېز كۆپىيىشكە باشلىغان چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىنى دېمىسىگەندە ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئايۇپ تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردى.

شادلىقىمۇ، قايغۇمۇ ئۆتمۈشنى ئەسكە چۈشۈرىدۇ. شۇ تاپتا ئايۇپنىڭ خىيالىغا ئىختىيارسىز ھالدا گۈلنىساغا بولغان مۇھەببىتىگە ئائىت مۇڭداق بىر ۋەقە كىرىپ كەلدى:

ئۆتكەن يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ناھىيىگە يىغىنغا باردى. يىغىندىن كېيىن قوشنا ناھىيىدىكى ئائىلىسىگە بېرىپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلىدى. شۇ كۈنى قەدىناس ئاغىنىسى ئەيسامۇ مەھەللىگە كەلگەنىكەن. ئىككى دوست بىر - بىرىنىڭ مۆرىسىگە بىردىن شاپىلاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ھېلىقى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، ئاز - ئازدىن ئىستىبمال قىلىغاچ سۆھبەتكە چۈشتى.

— قانداق، ھېلىقى تومۇچۇقۇڭغا گەپ ئېچىپ باقتىڭمۇ؟ — كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى ئەيسا.

— گۈلنىسانى دەمسەن؟ — ئېغىر خورسىندى ئايۇپ، — ھەي ... ئۇ قىزنىڭ ھازىر كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە.

— نېمىشقا؟

— ئىمتىھاندا ئوۋالچىلىققا ئۇچراپتۇ.

ئەيسا بوتۇلكىنى ئاغزىغا ئاپىرىپلا بىر يۇتۇم ئىچتى - دە، ھەجەپلىنىپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە، بەك تۆۋەن نومۇر ئاپتىمۇ؟

— كىمدۇر بىرى ئۇنى ئىمتىھاندا كۆچۈرگەن دەپ مەلۇمات بەرگەنىكەن، شۇڭا

نومۇرى تارتىلغان ئوخشايدۇ.

— كۆچۈرسە، كۆچۈرگەندۇ. ئۇمۇ بىر خام سۈت ئەمگەن بەندە.

— ياق، قاراتاشتا بۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمەيدىكەن. ھەتتا مەنمۇ ئىشەنمەيمەن، — ئايۇپ ھاراقتىن بىر ئوتلۇۋېلىپ، يەنە ئۇلۇغ-كىچىك تىندى، — ھەي بۇ قىزغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدۇۋاتىدۇ.

— مەلۇمات بەرگۈچىنىڭمۇ بىرەر ئاساسىي باردۇ؟

— كىم بىلىدۇ؟ ھازىرچە ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكى مەلۇم ئەمەس.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق ئىگىلىدى. ئىككى دوست تاماكا ئوراپ چېكىشتى-دە، گويا ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولغاندەك سۈكۈتكە چۆكۈپ ئېلىشتى. ھاراق يەنە ئىككى قېتىمدىن ئايلاندى.

كىشىلەر شەيتاننى تەرىپلەشكەن چېغىدا ھەمىشە ئۇنىڭ ئېزىتقۇلۇقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە بىرەر ۋەسۋەسە سالىدىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى چىقارمىغۇچە ئەسلا تىنىم تاپقۇزماسمىش. ئىنسان بالىسى شەيتان ۋەسۋەسىسىگە بېرىلمەيمەن، دەپ قانچە قېتىملاپ قەسەم ئىچسىمۇ ھامان ئۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ قېلىشتىن خالىي بولالماسمىش. شۇ ۋەجىدىن بىر ئوبدان يارىتىلغان بۇ دۇنيا خىلمۇخىل ئەنسىزلىكلەر، بەختسىزلىكلەر، جېدەل-غەۋغا، قايغۇ-ھەسرەتلەردىن خالىي بولالماسمىش...

ئەيسامۇ «ئۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئۆز خاھىشىم بويىچە، جان-جىگەر دوستۇمنى دەپ قىلدىم ۋە ئۇ توغرىدا ھېچكىمگە ھەتتا ئايۇپنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېيتمايمەن» دەپ ئۆز-ئۆزىگە قاتتىق ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق ئەسلىدە ئۇنى دەي-دەيگە سالغان ئاساسىي نەرسە، ئاشۇنداق شەيتان ۋەسۋەسىسى بولسا كېرەك، مانا ئۇنى يەنىلا قەسىمىگە خىلاپلىق قىلىشقا ئۈندىگىلى تۇردى.

— ھەيرانمەن، بۇ ئىشقا نېمانچە قايغۇرۇپ كېتىسەن؟ تومۇچۇقۇڭ ئۇچۇپ كەتمەي قاراتاشتا قالغىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك ئىدىغۇ!؟

— مۇھەببىتىمنى ئويلىسام، ئەلۋەتتە خۇشال بولۇشۇم كېرەك. بىراق، بۇ ئەگەر قەستەن قىلىنغان ئىش بولسا، بىر كىشىگە قىلىنغان سۇيىقەستقۇ ئاخىر. ئۇنىڭغا ئېچىنماسلىق مۇمكىنمۇ؟

ئەيسا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئايۇپقا سىناق نەزەردە قاراپ دېدى:

— بىر ئادەم قەستەن شۇنداق قىلدىمۇ دەيلى. ناۋادا شۇ ئىشنى قىلغان ئادەمنى بىلگۈدەك بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

— بۇنىڭغا گەپ كېتەمدۇ؟ ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەككىنۇ.

— ناۋادا ئۇ كىشى سېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭ بولسىچۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟ — ئايۇپ ئەيساغا مىخدەك قادالدى، — سەن... سەن... ھە راست. مەن ئېكىسكۇرسىيىگە مېڭىش ئالدىدا يازغان خېتىڭدە ئىمتىھان كومىسسىيىسى بولۇپ بېكىتىلگەنلىكىڭنى يازغان ئىكەنسەن. باينقى گېپىڭدىن قارىغاندا... ئاداش، بۇ ئىش-

نى سەن قىلغانمىدىڭ - يا؟

— بولدى، مۇنۇ هاراقنى ئىچىۋەتكىنە. ياق، ئاۋۋال ئىچىۋەت، ئاندىن سۆزلەپ بېرىمەن. ھە، بولدى. يېشۈرۈپ نېمە قىلاي، مېنىڭ قانداق ئادەملىكىم ساڭا بۇرۇندىنلا ئايان. بىراق مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە پەقەت سېنى — جان جىگەر ئاغىنەمنى دەپ ئۆز خاھىشىمغا قارشى ئىش قىلدىم. توختا، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، سۆزۈمنى بۆلمەي تۇر... سەن بىلەن ھېلىقى چاغدا پاراڭلاشقاندىن كېيىن ساڭا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى ئەلۋەتتە، سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولغان بولسام، ئۇنداق ئاھ-ۋاھ چېكىپ يۈرمەي، باشقىچە يول تۇتۇپ مەقسىتىمگە يەتكەن بولاتتىم. بىراق سەن ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ، ياكى ئۇ قىزدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيدىكەنسەن. ئادەم نېمە ئۈچۈن دوست-ئاغىنە تۇتىدۇ؟ ئەڭ مۇھىم چاغدا ئەسقاتمىغان دوستنى نېمە قىلىدۇ؟ مەن ساڭا جان دەپ ياردەملىشىشنى ئويلىغان بولسامۇ، خېلىغىچە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي يۈردۈم. شۇ كۈنلەردە مائارىپ ئىدارىسى مېنى ئىمتىھان نازارەتچىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە يەنە كېلىپ دەل گۈلنىسا ئىمتىھان بېرىدىغان سىنىپقا بۆلۈنۈپتىمەن. بىر قېتىم قاراتاشقا بارغان چېغىمدا ئۇ قىزنى ماگىزىنىدا ئۇچراتقانلىقىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ ئىمتىھان مەزگىلىدە سىنىپقا كىرىپلا ئۇنى تونۇدۇم. قارىسام، ئۇ قىز باش كۆتۈرمەي جاۋاب يېزىۋاتىدۇ. ئىش مۇشۇ بويىچە ماڭسا، ئۇنىڭ قاراتاشتىن ئۇچۇپ كېتىشىگە كۆزۈم يەتتى، ئاندىن سېنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ساڭا تېخىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. لېكىن شۇ چاغدىمۇ زادى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيتتىم. بىردىنلا خىيالىمغا: «ئىمتىھاندا كۆچۈرگەنلىكى ھەققىدە ئىسپات يېزىپ قەغەزلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قوي، بۇ ئەڭ ياخشى چارە» دېگەن بىر شۇم پىكىر كەلدى. توختا، گېپىمنى بۆلمەي تۇر... ئۇنداق قىلىشنىڭ بىر خىل رەزىللىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بەكمۇ خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، ناۋادا پاش بولۇپ قالسام، قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەتتىم. بىراق ساڭا بولغان دوستلۇقۇم، دوستۇم ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئىستىكى ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى. شۇنداق قىلىپ گۈلنىسانىڭ بارلىق جاۋابلىرىغا «ئىمتىھان جەريانىدا كۆچۈردى»، «كۆچۈرۈشكە ئۇرۇندى» دېگەن «ئىسپات» خەتلىرىنى قوشۇپ قويدۇم، ئەمما ئىمزا قويمىدىم...

— ھەي سەن بەكمۇ رەزىل ئىش قىلىپسەن، ئەبلەخ ئىكەنسەن! — ئايۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەيساغا تەتۈر قاراپ سۆگەتكە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ئەيسامۇ ئورنىدىن تۇردى.

— شۇنداق، نېمە دېسەڭ دېگىن. بىراق ئېسىڭدىمۇ، بىز تېخى بالىلىق ۋاقتىمىزدىلا بىر-بىرىمىز ئۈچۈن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز، دەپ ۋەدىلەشكەن ئەمەسمىدۇق، ئاداش، بەزىدە ئادەمنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى بېسىپ كېتىدىكەن. مەنمۇ ئاشۇ ئىشنى قىلىۋاتقان چېغىمدا ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئۇنچىۋالا جىددىي ئويلانمىغان ئىكەنمەن. بىراق ئىمتىھانلار تۈگىگەندىن كېيىن

مېنى ۋىجدانىمى جەھەتتىن ئازابلانمىدى، ئاقىۋەتتىن ئەندىشە قىلمىدى دەمسەن؟ راستىمنى ئېيتسام، مۇشۇ بىردىن ئايدىن بېرى ئۈستۈمنى خۇددى ئېغىر بىر تاغ بېسىپ تۇرغاندەك ئازابلىنىپ يۈردۈم. ئەسلىدە بۇ ھەقتە ساكىتمۇ تىنمايمەن دېگەنىدىم. لېكىن بۇرۇقتۇلۇق تېنىم تاپقۇزمىدى. مانا ھازىر كۆڭلۈم بوشىغاندەك بولدى، ئەندى نېمە دېسەڭمۇ، قانداق قىلىمەن دېسەڭمۇ كۆتۈرۈشكە تەييارمەن.

ئايۇپ گويا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغاندەك سادا قايتۇرمىدى. گويا ئۇ شۇ تاپتا تىرىك ئادەم ئەمەس، بەلكى سۆگەتكە يۆلەپ قويۇلغان ھەيكەلدەك كۆرۈنەتتى. ياق، ئۇ يەنىلا جانلىق ئادەم ئىدى، خىيالىدا گادىرماچ ئويلار تىنىماي كېزەتتى.

ھېلىمۇ كەچ ئەمەس. ناۋادا بۇ ئىش ئەتىلا، ياق، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا تېگىشلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىنسا، گۈلنىسانىڭ ئۈستىدىكى تۆھمەت ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇ ئۆز جاۋابىغا لايىق نومۇرغا ئېرىشىدۇ، ئاندىن بىرەر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنالايدۇ. دۇرۇس، شۇنداق قىلىش كېرەك! بىراق... بىراق، ئۇ چاغدا ئەيسانىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ ئۇ، بۇ ئىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئايۇپنى دەپلا قىلغان تۇرسا. ناۋادا ئۇ جازالانسا، ھەتتا قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلسا، نېمىلەرنى ئويلاپ قالار؟ ماڭا «ساتقىنلىق قىلدى» دېمەسمۇ؟ ئاندىن تېخى بۇ ئىش بىر غەۋغاغا ئايلىنىپ ئايۇپنىڭ ئىسمىمۇ خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ياق، ئايۇپ ئۇنداق قىلالمايدۇ!... ئەمىسە، گۈلنىسا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان پېتى قىلىۋېرىشى كېرەكمۇ؟... ئەستا، زادى نېمە قىلىش كېرەك؟ بىر ياقتا قارىسا جان-جىگەر ئاغىنىسى، يەنە بىر ياقتا قارىسا، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان، جاندىن ئەزىز ياخشى كۆرىدىغان بىر قىز. ئۇياقتا تارتسا ھارۋا ئۆرۈلىدۇ، بۇياقتا تارتسا، ئوق سۇنىدۇ...

ئايۇپنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدى. بايىقى ھالىتىدە يەنە بىر پەس تۇردى-دە، ئاندىن سۆگەتتىن ئاجراپ، ئەيساغا قاراپمۇ قويماي ئۆي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئەيسامۇ ئۇنى توختىتىۋېلىشقا ئۇرۇنمىدى.

ئايۇپ ئەتىسى چۈشكىچە ئۆيدىن چىقمىدى. چۈشتىن كېيىن قاراتاشقا مېڭىپ كەتتى. قاراتاشقا كەلگەندىن كېيىن يەنە پۈتۈن بىر كېچىنى خىيال سۈرۈپ ئۆتكۈزدى. «ياق، پاش قىلمايمەن، — دېدى ئۇ ئاخىرقى قارارغا كېلىپ، — دوستۇمنى جازاغا ئۇچراتسام بولمايدۇ. گۈلنىسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىرادىسىدىن زادى يانمىسا، كېلەر يىلى ئىمتىھان بەرسىمۇ بولىدىغۇ. بىر يىلنىڭ كېچىككىشى ھېچقانچە گەپ ئەمەس. ئەمما، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئەيسانىڭ ئىستىقبالى پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ»...

تال بارگىنى ئاستىدا ئولتۇرغان ئايۇپ شۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى-يۇ، ئارقىدىنلا يەنە ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. مانا شۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە سەل كەم بىر يىل بولۇپ قالدى. ئايۇپ ئاخىرى مەقسىتىگە يەتتى. ئەتە ئۇلار نىكاھ قەغىزى ئالسا، قانۇنىي جەھەتتە ئەر-خوتۇنغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار بىر ئائىلىدە ياشاشقا

باشلايدۇ. گۈلىنسا «خالۋاپىلىق كەسپىمنى تاشلىمايمەن» دېدى، مەيلى قىلۋەرسۇن. ئايۇپ تېخى ئۇنىڭ مۇشۇ كەسپتە ئاجايىپ شۆھرەت قازىنالىشىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. ئەيساغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك، ناۋادا ئۇ ھېلىقى «رەزىل ئىش» نى قىلمىغان بولسا، ئېھتىمال بۇ كۈنلەردە گۈلىنسا قايسى بىر شەھەردىكى، قايسى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن بولاتتى. كىم بىلىدۇ، ئاللىقانداق بىر بەختىيار يىگىت بىلەن ۋەدىلىشىشكىمۇ ئۈلگۈرگەن بولاتتىمۇ، تېخى.

ئايۇپ يېنىك تىن ئېلىپ، تاماكىسىنى مىجىپ ئۆچۈردى-دە، ئورنىدىن تۇردى.

## 2

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان چىمەنگۈلنىڭ يەنە ئايىغى چىقىپ قالدى. ئۇ ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئىشخانىلاردا كادىرلار بىلەن چاقچاقلىشاتتى، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا! قاقاقلاپ كۈلەتتى.

ئەر خەق دېگەن قىزىق بىر تائىپە: نەچچە باللىق بولغان، ھەتتا چاچ-ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن تۇرۇقلۇقمۇ گۈزەل ۋە شوخ قىزلارنى كۆرسە، ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراشتىن ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. ناۋادا ئۇنداق قىزلار ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا، كۈلۈپ چاقچاقلاشسا، ھەتتا ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا بىرەر تەبەسسۇم ئىلتىپات قىلسىمۇ، خۇشاللىقتىن كۆڭلى ياپراپ كېتىشىدۇ. «ھەي... ئەجەب لەۋەن بالىدە، بىر قوشۇق سۇ بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتكۈدەكلا، ئادەم بىر كېچىدە ياشلىق مەزگىلىگە قايتىپ قالسادە...» دېيىشىدۇ ئۇلار. شۇنداق قىلىپ سولاشقان كۆڭۈللىرىگە ئازراق سۇ يۈگۈرگەندەك راھەتلىنىشىدۇ. قاراتاشنىڭ كادىرلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئەرلەردىن ئىدى. ئۇلار چىمەنگۈلنى كۆرگەن چاغلىرىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ، چىرايلىرى خۇددى ياغ سالغان سۇيقاشتەك پارقىراپ سالاملىشىپ كېتەتتى. ئورۇندۇقلارنى يەڭلىرىنى، شەپكىلىرى بىلەن سۈرتۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشاتتى. ئىچى چاي دېغى بىلەن قارىداپ كەتكەن كۇرۇشكىلارغا قايناقسۇ قۇيۇپ سۇنۇشاتتى. قىزنىڭ ئانچىكىم سۆزلىرى ئۈچۈنمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ئۇنى ئۆزىدە بار بولغان ۋە يوق بولغان سۈپەتلەر بىلەن ماختىشاتتى.

پەقەت ئايۇپلا چىمەنگۈلگە بىر خىل سىپايە، ھەتتا بىپەرۋا دېگۈدەك مۇئامىلە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋەردى. بۇ ھالدىن چىمەنگۈلنىڭ تولىمۇ ئىچى پۇشاتتى. «نېمىدېگەن تالىپ مىجەز كىشى بۇ؟ — دەپ تەكرار ئويلىناتتى ئۇ، — ئوتتۇرا ياشلىقلار، ھەتتا قېرىلار چېغىدا ياش قىزلارنى كۆرسە، زوقلانماي تۇرالمايدۇ. لېكىن بۇ ئادەم خۇددى ھەيكەلگە ئوخشاش سوغۇق. راست ياخشى كۆرگەن قىزى بار ئىكەن، ئىسمىنى دېمىگەن بولسىمۇ، مېنىڭچە، ئاشۇ گۈلىنسا دېگەن سەھرالىق بولسا كېرەك، مېنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىم كەم؟ ئەكسىچە، ئۇ ھەرگىز ماڭا تەڭلىشەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئايۇپنىڭ ئۇنى مەندىن ئارتۇق كۆرۈپ يۈرگىنى قىزىق. راستىن شۇنىڭ بىلەن تېي قىلىپ كېتەرمۇ؟...» چىمەنگۈلنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھەمىشە مېڭىسىدىن كىرگەن ئاغرىق تاپىنىدىن چىقاتتى. چۈنكى ئۇ بۇ كۈنلەردە ئايۇپنى

راستىنلا قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى: «ياق، — دەيتتى ئۇ بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، — مۇھەببەت مەسىلىسىدە ياخشى كۆرگەن كىشىگىنى ئۇتالىلىقچە بىراۋغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئايۇپ دېگەن بۇ ئادەم مۇھەببەت مەسىلىسىدە دىتسىزراق بولسا كېرەك. ئۆزۈم تېخىمۇ تەشەببۇسكار بولۇپ كۆزىنى ئاچاي.» شۇنىڭدىن كېيىن چىمەنگۈل يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ ئايۇپقا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ ئۈچ بەتلىك خەت يازدى. خەتتە ئاشىق-مەشۇقلارغا خاس قىزغىن ھېسسىيات، قىزلارغا خاس نازاكەت ۋە دوستلارغا خاس ساداقەت تۇيغۇلىرى ئىپادىلەنگەنىدى.

ئەتىسى چىمەنگۈل يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كەلگەندە، ئايۇپ ئىشخانىسىدا يوق بولۇپ چىقتى. «يەنە بىرەر يەرگە كەتكەنىمىدۇ؟» دەپ سەل ئۈمىدسىزلەندى ئۇ. باشقىلاردىن سوراپ كۆرگۈسى كەلدى-يۇ، بىراق نېمىشقىدۇر بۈگۈن ئۆزىنىڭ بۇيەرگە كەلگەنلىكىنى خۇپىيانە تۇتقۇسى كېلىپ، باشقا ئىشخانىلارغا كىرمىدى. ئاندىن ئايۇپنىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ياتاقنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ چىمەنگۈلنىڭ ھاياجىنى تېخىمۇ كۈچەيدى-دە، يۈرەك ئۇرۇشى ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە بىرنەچچە دەقىقە جىم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئىشىكنى ئاستا چەكتى، ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى، يەنە چەكتى، جاۋاب بولمىدى. «ياتىقىدىمۇ يوق ئوخشايدۇ. بىرھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى، خىجىللىقتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم. خەتنى ئۇستەل ئۈستىگە قويىمەن-دە، چىقىپ كېتىمەن». ئۇ ئىشىكنى تېزلا ئېچىپ، ياتاققا كىردى، دېگەندەك ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ يانچۇقىدىن كونۋېرتنى ئېلىپ، ئۇستەل ئۈستىگە قويۇپلا، ئىشىككە قاراپ بىر قەدەم ئالدى-يۇ، توختاپ قالدى. «ئەگەر ئۇنىڭدىن بۇرۇن باشقا بىر كىشى ياتاققا كىرىپ خەتنى ئوقۇپ قالغۇدەك بولسا، چاتاق بولمامدۇ؟». چىمەنگۈل كەينىگە يېنىپ كونۋېرتنى يەنە قولىغا ئالدى. «ئۇستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويايمىكىن؟» بىراق، تارتمىلارنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلانغانىدى. ئۇنىڭ كۆزى كىتاب ئىشكاپىغا چۈشتى-دە، ئەپچىل چارە تېپىۋالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. «خەتنى كىتابنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ، ئۇستەل ئۈستىگە قويۇپ قوياي. ياق، ئەڭ ياخشىسى ياستۇقنىڭ يېنىغا قويۇپ قوياي. ياتاققا كىرگەن ھامان گويا ئاخشام ئوقۇپ يېتىپ ئۇنتۇپ قالغاندەك قولىغا ئېلىشى مۇمكىن». چىمەنگۈل ئىشكاپتىن دۇچ كەلگەن قېلىن بىر كىتابنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، قېتىنى ئاچتى. ھەدېگەندىلا ئېچىلغان يەردە يەنە بىر كونۋېرتقا كۆزى چۈشتى.

مۇھەببەت مەسىلىسىدە ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغان قىزلار بەكمۇ گۇمانخور كېلىدۇ. «بۇ نېمە خەتتۇ؟ يا ھېلىقى...» ئۇ دەررۇ كونۋېرتنى قولىغا ئالدى. ئۈستى تەرىپىگە ئايۇپنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسمى ئېنىق يېزىلغانىدى. بىراق ئاستى تەرىپى نېمىشقىدۇر يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ئەۋەتكۈچىنىڭ كىملىكى مەلۇم بولمىدى. بۇ ھال چىمەنگۈلنىڭ قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇردى-دە، خەتنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئوقۇشقا

باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان كەپتەر باچكىسىدەك تىپىرلايتتى.

خەت ئادەتتىكى سالام يوللاش ۋە تىنچلىق سوراش بىلەن باشلانغانىدى. ئاندىن ئايۇپنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى خەۋەر قىلىنغانىدى. چىمەنگۈلنىڭ كەيپىياتى سەل بېسىقىغا چۈشتى. «ئائىلىسىدىكىلەردىن كەلگەن ئادەتتىكى خەت ئوخشايدۇ. ھەممىنى ئوقۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە دەرھال ئاخىرقى بەتنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كۆز تاشلىدى. خەت يازغۇچى ئەيسا ئىسىملىك بىر كىشى ئىكەن. چىمەنگۈل ئەمدى خەتنىڭ باشقا جايلىرىنى ئوقۇمايلا قاتلاپ كونۋېرتقا سالماقچى بولدى-يۇ، بىراق، ئۇشتۇمتۇت «گۈلنىسا» دېگەن ئىسىمغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، يەنە ئوقۇشقا تۇتۇندى.

«... ئايۇپ، خېتىڭدا ھېلىقى گۈلنىسا ئىسىملىك قىزغا تېخىچە مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىلماي يۈرۈۋاتقىنىڭنى يېزىپسەن. ئاداش، سەن نېمىدىگەن جۈرئەتسىز...»

شۇ پەيت ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلدى-دە، چىمەنگۈل خۇددى زاك مال ئۇستىدە تۇتۇلغان ئوغرىدەك چۆچۈپ كەتتى. بىراق ئۆيگە كىرگەن كىشى ئايۇپ ئەمەس ئىكەن.

— دوختۇر ئۆزلىرى... — دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارا خىزمەتچىسى ھېلىم ئاخۇن چىمەنگۈلنىڭ بىسەرەمجان ھالىتىگە ھەيران بولغان ھالدا قاراپ، ئۇنىڭ قولىدا ئاغزى ئېچىلمىگەن، ئىچى لىققىدە نەرسە-كېرەك بىلەن تولغان قارا سومكا تۇراتتى.

— ئا شاگىجاكنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم، — دېدى چىمەنگۈل ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، — ئىشخانىسىدىمۇ يوق، زۆرۈر ئىشىم باردى.

ھېلىم ئاخۇن سومكىنى كەنتىر ئۈستىگە قويغاچ دېدى:

— ئا شاگىجاك نىكاھ قەغىزى ئېلىۋاتىدۇ. سەل تەخىر قىلىپ...

— نىكاھ قەغىزى؟ كىمنىڭ نىكاھ قەغىزى ئۇ؟

ھېلىم ئاخۇن گويا بىر نەرسىنى پەملىگەندەك، ئۇنىڭغا ئالللىقانداق سىرلىق كۈلۈپ قويدى:

— كىمنىڭ بولاتتى ئۆزىنىڭ-دە. شاگىجاكىمىز قوشبۇلاق كەنتلىك گۈلنىسا دېگەن قىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدى. دېگەن بىلەن تومۇچۇقتەك ئۆز قىز ئىكەن ئۇ. ئىككىسى خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەندەك بىر-بىرىگە تازا يارىشىدىكەن دېسىلە. ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن شاگىجاكنى ھازىرلا چاقىراي.

ھېلىم ئاخۇن كېيىنى تۈگىتىپلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. چىمەنگۈل خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى. بىردەمدىن كېيىن گويا جان كىرگەندەك بىر سىلكىندى-يۇ، قولىدىكى خەت يەرگە لەيلەپ چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا ياش تامچىلىرى قەغەز ئۈستىگە تامچىلىدى...

ئايۇپ بىلەن گۈلنىسا ياتاقنىڭ يېنىغا كېلىشكەندە ئارقىدىن كاتىپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاشاڭجاڭ، ھاكىمدىن تېلېفون كەپتۇ.

ئايۇپ قىزغا: «قاراڭ، ما پېشكەللىكنى» دېگەندەك ئەيىبكارلارچە كۈلۈپ قاردى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۈلنىسادىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

— سىز ياتاقتا كىرگەچ تۇرسىڭىز، مەن ھازىرلا كېلىمەن.

گۈلنىسا ئۇنىڭغا ئوماقلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ياتاققا كىرگەندە تۈنجى قېتىم كۆرگىنى يەردە چېچىلىپ ياتقان ئۈچ ۋاراق قەغەز بولدى.



ئۇ ئېڭىشىپ قەغەزلەرنى يەردىن ئالدى. بەت بويىچە رەتلەۋېتىپ، بىردىنلا ئۆز ئىسمىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئاللىقانداق قىزىقىش ئىلكىدە ئوقۇشقا باشلىدى:

«...ئۇ توغۇچۇقتەك چىرايلىق قىزنى ئۆتكەن يىلىغۇ پېقىر ئاغىنەڭ نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كېتىشتىن توختىتىپ قالدى. بىراق ئۇنى داۋاملىق قاراتاشتا قېلىۋېرىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ مەن بۇ يىلمۇ ئىمتىھان نازارەتچىسى بولامدىمەن - يوق، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ شۇنداق بولغاندىمۇ، ئەمدى ھېلىقىدەك «ئىسپات خېتى» لى قوشۇپ قويۇشقا ئەمدى ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايمەن...» خەت شۇ يەرگە كەلگەندە گۈلنىسانىڭ يۈرىكى خۇددى بېگىز سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى - دە، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ قالدى.

## خاتىمە

ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدا ئىككى ئاغىنە يەنە بىر قېتىم جەم بولدى، ئەتراپ يەنىلا كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. ئۆستەڭدە تولۇپ ئېقىۋاتقان سۇ «شىر - شىر» قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. نەلەردىندۇر سۇ تۇتتۇۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— گۈلنىسا سۆزۈمنى بىر قېتىممۇ بۆلمەي جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. كېيىنمۇ

ھېچنەرسە دېمىدى. بىراق كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ توختىماي ئېقىۋاتاتتى، ئۇ ماڭا بىر مىنۇتتەك قاتتىق تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، يانچۇقىدىن بايىلا ئالغان ئىكاھ قەغىزىنى چىقىرىپ، پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى. ئاندىن ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. مەن خۇددى ئورۇندۇققا مىخلاپ قويۇلغاندەك ئورنۇمدىن قىمىرلىيالمىدىم.

ئايۇپ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، گويا ھېرىپ قالغاندەك بېشىنى پەسكە ساڭگىلاتتى. كۆز ياشلىرى يېشىل كۆكاتلار ئۈستىگە ئۈزلۈكسىز تامچىلايتتى. ئەيسا خۇددى سۆگەتكە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغان ئادەمدەك لام - جىم دېمىدى. ئۇ، نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟

ھېكايىمىز تۈگىدى. ئايۇپ گۈلنىسانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشەلەمدۇ؟ ياكى ئۇنى چەبدەس قىز چىمەنگۈل تارتىپ كېتەمدۇ؟ بۇ ئىشلار ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. پەقەت ئاخىرىدا تۆۋەندىكىلەرنىلا قوشۇپ قويىمىز:

بەزىلەر: «ھەرقانداق كىشىنىڭ تەقدىر - قىسمىتى تەڭرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ قويۇلغان» دېيىشىدۇ. بىكار گەپ. تەقدىر دېگەن نەرسە كىشىلەرنىڭ ئۆز قولىدا، كىشىلەر تۈرلۈك - تۈمەن قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭمۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ تەقدىر - قىسمىتىگە ئۇل سالىدۇ. بىناكار، تام قوپۇرۇۋاتقان چېغىڭدا ھەرگىز بىخەستەلىك قىلما. مايماق قويۇلغان بىر دانە خىشنىڭمۇ ھەشەمەتلىك بىنانىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆرۈلۈپ كېتىشىدە ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېسىڭدىن چىقمىسۇن!

مەسئۇل تەھرىرى: سارەم ئىبراھىم

---

(بېشى 145 - بەتتە)

دېدى چولپانخان كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ، — ياخشى نىيەتلىرىڭنى چۈشىنىمەن. مېنى ئاشۇ ئەرنىڭ زۇلۇم - سىتەملىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان جانسىز كۆتەك ئىكەن دەپ ئويلىمىسىلا. مەنمۇ بىر تىرىك ئىنسان. ھەممىنى چۈشىنىمەن. ئۇ ئەردىن ئۈچ بالام بار. بالىلارغا ئاتا - ئانىسى بولمىسا بولمايدىكەن، شۇڭا سەۋر - تاقەت قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. مەن ئۈچۈن ئۈچ بالامنى ئۆز ئاتىسىغا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئۆزى بەخت. مېنى كەچۈرسىلە ئابلاجان، سىلىنىڭ ھىممەتلىرىگە، ياخشى كۆڭۈللىرىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت!

مەن نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. بىردىنلا «خەقنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدىم لىۋىمنى چىشلەپ» دېگەن تەمسىل ئېسىمگە كەلدى.

چولپانخاننىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە جىلۋىلەندى. ئۇ ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندەك بىر نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ بالىلىرىنىڭ قېشىغا كەتتى.

مەسئۇل تەھرىرى: رۇزىمەھەممەت جۇمە

تۇراپ دائىم

# مەسەللەر

## قىرغاۋۇل

چاتقاللىقتا مۆكەر قىرغاۋۇل
سەزسە بىرەر شەپىنى ھامان.
دالدا تېپىپ تىققار بېشىنى،
قۇيرۇقىنى ياپالماس ھامان.

قىرغاۋۇلدەك كىشىلەرمۇ كۆپ،
قوغدار ئاران ئۆزىنى پەقەت.
قېرىندىشى زار-زار قاقشاپ قالسىمۇ،
كۆزىن يۇمار، ياغدۇرماس شەپقەت.

## قاغا

ئىچى، تېشىم ئاق مېنىڭ.
دەيدۇ قاغا قاقىلداپ.
مازاق قىلىپ كۈلىدۇ،
ئاق قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ.

## قامغاق

قامغاق جار سېلىپ جاڭگالدا:
«ئايىغىم چاققان شۇنچىلىك»
دەپ يۈگۈرەيدۇ.
«سېنى ئېلىپ ماڭغان شامال»
دەپ يانتاقلار كۈلىدۇ.
ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۇنى،
قامغاق قېچىپ ئۈلگۈرىدۇ.

## ماختىنىغۇچىلار

«ياخشى قۇش سېغىزخان دېگەن،
كىممۇ بار باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگەن»
دەيدۇ چىۋىنلەر بىرلىشىپ.
«راست ئەمەسمۇ،
سېغىزخان خالىس خىزمەتكار»
دەيدۇ قۇرتلار كېرىلىپ.

## پەردازخور يىلان

تۇسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغاچقا يىلان،
كۆرۈنۈشى سۈرلۈك، رەڭدار ئىدىكەن.
قىلغان ئاشۇ پەردىزى بىلەن ئۇ
تەبىئىتىنى بەكمۇ يوشۇرىدىكەن.

## ھەشقىپىچەك

كۈز شامىلىدا ھەشقىپىچەك،
تىترەپ تۇرۇپ دەپتۇدەك:
— قول سۇنغانغا قول بېرىپ
كېتىپتىمەن شۇنچە كىرىلىپ.

ئايرىمىغاچ ياخشى بىلەن يامانىنى،
قالدىم بۆگۈنگىدەك سارغىيىپ.

## خورازلار

تاڭ سەھەردە،
خورازلار تالىشىپ دان،
تاجىسىنى قىلىشىدۇ قان.
چۈشتە،
ئۇلار تالاشتى مىكيان،
كەچتە،
تالىشىپ قونداق بېرىشتى جان.

## سېۋەتنىڭ خىسلەت

ئۆرۈك پىشقاندا سېۋەت
خىزمەت قىلىپ ئېگىلىپ تۇردى.
غازاڭ تۆككەندە ئۆرۈك
كۆرمەسكە سېلىپ گىدىيىپ تۇردى.

## يىڭنە

يىڭنە ئۆز ئىزىدىن ئىمىش بىخەۋەر،
يىپىنى «تۈزماگماس» دەپ قاقشار شۇقەدەر.

## چايان ئېيتىدۇ

بۇ ھۈنەر قالدى بەك كۆڭلۈمگە يېقىپ،
مەقسەتكە يېتىشمەك تۈيدۈرماي چېقىپ.

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

# ھەجۋىي شېئىرلار

## قېيىن ئانام ھەققىدە ھېكايە

كەلدى شاد قېيىن ئانام مېھمان بولۇپ،
داستىخان سالدىم ئاڭا ئوغلان بولۇپ.
قىيىسىپتۇ تۆردە خۇددى خان كەبى،
ئايلىمۇ قاپتۇ بىر سۇلتان بولۇپ.
سۇ تۇشۇش، ئوتۇن يېرىشتا مەن ھەلەك،
قالدىما پەگادىمەن ئۇلتاك بولۇپ.
قاش-قاپاقىنى ياغدۇرۇپ مۇز قېيىن ئانام
سۆزلىدى شۇدەم ماڭا گەپدان بولۇپ:
«بۇ قىزىم ئىشتىن بىكار بولماي ئەجەب
قاپتۇ ئۆيدە رەڭگىمۇ سامان بولۇپ.
قالمىسۇن دەرگاھىڭىزدا بىر كۈنى
بىر كېسەلگە يولۇقۇپ خاپىغان بولۇپ.
كەلسۇن ئۆيدە نەچچە كۈن ئېلىپ ئارام
گاش نېنى تەييار، ئۆزى مېھمان بولۇپ.»

شۇ ھامان كەتتى قىزىنى يېتىلەپ
مەنمۇ قالدىم ئۆيدە بەك ھەيران بولۇپ.
ھەپتە ئۆتتى، ئاخىر كەلدى خوتۇن
كۆڭلى ناخۇش كۆزلىرى گىريان بولۇپ.
ئارقىدىن ئىز قوغلىشىپ قېيىن ئانام
كەلدى ئۆيگە كۆزلىرى پىستان بولۇپ.
ئايالىمغا سۆزلىدى: «ئوبدان قىزىم،
تۇرمىغىن بۇ ئۆيدە قەلبىڭ قان بولۇپ.
تۇر، كېتەيلى، ئال بىساتىڭنى تولۇق،
بىر ئۆمۈر ئولتۇرمىغىن پايخان بولۇپ...»
ئايالىم يەرگە قاراپ ئولتۇردى جىم
كۆزلىرىدىن ئاقتى ياش، فونتان بولۇپ.
تۇرۇۋالدى «قوپ» دېگەنگە ئۇنىماي،
چېھرىمۇ ئۆزگەردى پەرىشان بولۇپ.
تەگدى بىر تەستەك يۈزىگە شۇ ھامان
چاقنىدى ئوت كۆزىدىن گۈلخان بولۇپ.

www.uyghurkitap.com

ئۆي ئىچىدىن بار بىساتنى يىغدى ئۇ،
ئانىسىنىڭ تەستىكى پەرمان بولۇپ.
مول ھوسۇلدىن تولدى لىق نەچچە تاغار،
ئىككىسىگە ئۆيئىچى خامان بولۇپ.
چىقتى ھەم قىيىن ئانام ئۆي ئالدىغا،
توستى ئىككى ھارۋىنى چاققان بولۇپ.
ئۆيدىكى ماللار بىسىلدى ھارۋىغا،
مەنمۇ ياردەمدە گويا قۇربان بولۇپ...
چىقتى شۇدەم ھارۋىغا ئانا ـ بالا،
كەتتى دەرھال يولىغا راۋان بولۇپ.
ئۇزىتىپ قالدىم ئۇلارنى يولدىلا،
ئوغرىلانماي قالغىنىم ئايان بولۇپ...
بۇ تېخى ئاخىرقى ئىشتىن ئاردىيە،
سۆزلىسەم قالغاي ئىشىپ داستان بولۇپ!
سورىساڭ، دوستۇم، ئەگەر توي توغرىلىق
ئىككى ئايمۇ توشمىدى ئىمكان بولۇپ.
تونۇشۇپ ئۆتمەي تېخى بىر ھەپتىمۇ،
بولدى توي، دوستلار ماڭا غەمخان بولۇپ.
ئۆتتى تېز بىرقانچە كۈن، شىردىن ۋاقىت،
ئىشقىمىز خۇددى دېڭىز ـ ئوكيان بولۇپ.
بىر كۈنى كەتتى «جۇمەلەپ» ئۆيىگە
كەچكىچە كۈتتۈم رويال چالغان بولۇپ.
كەچمۇ بولدى كەلمىدى ئۆيگە خوتۇن،
مەنمۇ ماڭدىم چوڭ ئۆيى نىشان بولۇپ.
ئۆيىگە بارسام «يامانلاپتۇ» ئۆزى،
قاپتۇ بىردىن پەيلىمۇ يامان بولۇپ.
سۆزلىدىم قىيىن ئانامغا، قىزىغا،
سۆزلىدىم قالار دېدىم دەرمان بولۇپ.
قويمىدى قوشۇپ ماڭا قىيىن ئانام
ئۆيىدە قالدى خوتۇن تانغان بولۇپ.
ئەتىسى بارسام ئىسىل سوۋغات بىلەن،
قارشى ئالدى ئىككىسى شادىمان بولۇپ.
يېتىلەپ قايتتىم خوتۇننى ئاخشىمى
كەلدى دەردىمگە گويا لوقمان بولۇپ.
ئۆگۈنى كەتتى يوقاپ ئاۋۋالقىدەك،
قالدى قىلغان ۋەدىسى يالغان بولۇپ.
ئىككى كۈندە بىر يامانلاپ تۇردى ئۇ،
مەنمۇ ماڭدىم كەينىدىن سەرسان بولۇپ.
ئايلىقىممۇ يەتمىدى سوۋغات ئۈچۈن،
ماڭا يەر قاتتىق، يىراق ئاسمان بولۇپ.
ئايالىمغا سۆزلىدىم كۆيۈپ پىشىپ،
كەتكىنى كەتكەنىكەن نادان بولۇپ.
يەتمىدى قىلچە ئەقىدەم قەدرىگە،
باقمىغاچقا قەلبىدە ۋىجدان بولۇپ.
بايقىسام تادانىكەن قىز ھەم ئانا
قىز تېگىپتۇ پۇلغىلا ئارمان بولۇپ.
مەندە ئەمدى قالمىدى پۇل ھەم بىسات،
تىنچ ياشارمەن دىل خۇشال، ئامان بولۇپ!
خەيردىيەت، تۇرمۇش ماڭا بەردى ساۋاق
تاۋلىنارمەن شۇ ساۋاق مىزان بولۇپ.

## تەخسىكەش

بارمۇ ـ يوقمۇ سەندە ۋىجدان، تەخسىكەش؟
گاھ ئەزىزسەن، گاھى سەرسان، تەخسىكەش.
چاپىسەن دائىم بالا نەپسىڭ ئۈچۈن،
نەپ يۇلارسەن بولسا ئىمكان، تەخسىكەش.
خەقنى ماختاپ يۈز ـ كۆزىچە قىپ خىجىل،
بىر ئالارسەن ئۆيىنى گەپدان، تەخسىكەش.
گەپلىرىڭگە ئەھلى مىھمان قىلسا ھۆ،
شاد كۈلەرسەن بىخىرامان، تەخسىكەش.
ئۆزگىرەرسەن سىھىرگەردەك نەچچە خىل،
خۇيلىرىڭ گوياكى شەيتان، تەخسىكەش.
ئەي بىچارە، سۇندى تەخسەڭ نەچچە رەت،
قىلمىدىڭ زىنھار پۇشايمان، تەخسىكەش.
ئۆتتى ئۆمرىڭ شۇ تەرىقە، ۋاي ئىسىت،
ئاخىرى قالدىڭ يۇتۇپ قان، تەخسىكەش.
تاپمىدىڭ مەنسەپ ۋە يا ئوبدان پاناھ،
تاپقىنىڭ شۇ بولدى ئۇنۋان: «تەخسىكەش».
سۆت بىلەن كىرگەنىمدى بۇ خۇي ساڭا؟
سەن ئۈچۈن مەن بەكمۇ ھەيران، تەخسىكەش.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن.

ئېزىز ساۋۇت

# ئىزھار قىلىنمىغان سۆيگۈ

(ھېكايە)

كۈز كۈنلىرى يېزا ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرىپ كېتىدۇ. كۆپكۆك ئاسمانىنىڭ ئۇيەر-بۇيەرىدە كۈمۈش رەڭ بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرىشىدۇ. ئاسماندا توپ-توپ بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان غاز، ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازلىرى، شوخ قۇشقاچلارنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا توپ-توپ بولۇپ قونۇشۇۋېلىپ تىنىمسىز ۋىچىرلاپ سايراشلىرى، ئېرىق-ئۆستەڭ سۇلىرىنىڭ بىر خىل رىتىمدا شىرقىراپ ئاققان ئاۋازلىرى خۇددى مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسىدەك كىشى قەلبىدە يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

مۇددىرىمىز مېنى ئاشخانىمىزغا تۇخۇم ۋە زىغىر مېيى سېتىۋېلىش ئۈچۈن «تالباغ» يېزىسىغا بېرىشقا بۇيرۇغانىدى، مەن خۇشاللىقتىن تېرەمگە سىغماي قالدىم.

ماي، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى قەيەردىنلا سېتىۋالسا بولۇۋېرىدۇ. لېكىن مېنىڭ «تالباغ» يېزىسىغا بېرىشقا شۇنچىۋالا قىزىقىشىمنىڭ ئالاھىدە سەۋەبى بار. مەن بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاشۇ يېزىدا بىر ئاي تۇرغان، كېيىن ئۇ يەرگە بېرىشقا پۇرسەت بولمىغانىدى. مېنىڭ قەلبىمدە ئاشۇ يېزىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆچمەس ئەستىلىكلەر ساقلانغان. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئاشۇ «تالباغ» يېزىسىدا ياشايدىغان بىر ساھىبجامالنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى مېنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ.

بۇ قېتىمقى سەپىرىم چىرايلىق كۈز پەسلىگە توغرا كەلدى. ئەپسۇسكى، بۇ قېتىم «تالباغ» يېزىسىنىڭ كۈز مەۋسۇمى كۆزۈمگە ھېچقانچە چىرايلىق كۆرۈنمىدى، ۋۇجۇدۇمغا ئاۋۋالقىدەك ھۇزۇر بېرەلمىدى. تۆت يىل بۇرۇنقى تونۇش كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئىزناسى قالمىغان، ئىلگىرىكى يوللار ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىنىپ، دېھقانلار

بىر مەھەللىگە يېقىلغانىدى. مۇھىممى مەن قىزىقىدىغان ۋە كۆرۈپ باقماقچى بولغان ھېلىقى قىز ئۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ. باشقىلاردىن سوراشنى ئەپسىز كۆردۈم. شۇڭا كۆڭلۈم غەش بولۇپ، ئىشىمنى تېزلا پۈتتۈردۈم - دە، قايتماقچى بولۇپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدىم. شۇنچە بالدۇر كەلدىم دەپ ئويلىغان بولساممۇ ئالدىدا ئورۇن قالماپتۇ، ئاخىرىدىراق بىر ئورۇننى تېپىپ ئولتۇردۇم. ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئاپتوبۇسنىڭ كۆڭۈلسىز گۈركىرەشلىرىگە قۇلاق سېلىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرغىنىمدا بىر ئەركىشىنىڭ:

— بالا دېگەننى ئاپتوبۇسقا چىقىشتىن ئىلگىرى توسۇپ، ئىچ - قارنىنى ئېرىقىدىۋالىدىغان گەپ - تە! خوتۇن كىشى دېگەننىڭىزە! ... — دېگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

قىزىققان ھالدا بېشىمنى كۆتۈردۈم - دە، سۆزلىگۈچىگە تىكىلدىم. ئۇ، مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇقتىن ئىككى رەت ئالدىدا، ئاپتوبۇس ئىچىدىكى تار يولنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان كەڭ يەلكىلىك، چىرايى قارا، ئورۇق بىر يىگىتكەن. ئۇ يۆگەك ئىچىدە قىمىرلاپ يىغلاشقا باشلىغان بوۋاقنى بېشىغا گۈللۈك ياغلىق تاڭغان ياش چوكانغا زەردە بىلەن ئۇزاتتى.

— ئالە ماۋۇ بالىنى!

— ئاپتوبۇسقا چىقىشتىن بۇرۇن توسقانىدىم. كىچىك بالا ئەمەسمۇ؟

ئايال بالىنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. ئىككى - ئۈچ ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭ يوتىسىغا چاپلاشقىنىچە، قىستىلىپ ئۆرە تۇراتتى. ھېلىقى ئەر قولىنى بوشاتقاندىن كېيىن غەزىپىنى باسماقچى بولغاندەك يېنىدىن موخۇركا ئېلىپ ئوراپ چېكىشكە باشلىدى. ئايال ئۈنچىقماي، كۆڭلىكىنى قايرىدى - دە، بوۋىقىنى ئېمىتىشكە باشلىدى. ئايالنىڭ ئاۋازى ماڭا تونۇشتەك ئاڭلانغانلىقتىن، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ بېقىش خاھىشى كۆڭلۈمنى ۋەسۋەسىگە سېلىشقا باشلىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئايال قىستىلىپ كەتتى بولغاي، ئۆيان - بۇيان قىمىرلاپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغانىدىم. ئىككىمىزنىڭ كۆزىمىز ئۇچراشتى. مەن ھەيران بولغان ھالدا قېتىپلا قالدىم.

«چولپان!»

ئۇ راستىنلا چولپان ئىدى. مېنى «تالباغ» يېزىسىغا چىقىشقا قىزىقتۇرغان ۋە بىر كۆرۈشكە تەقەززا قىلغان ئەستېلىكىنىڭ پاكىتى نەق شۇ ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گەپ قىلىش بەكمۇ ئەپسىز، ئۇنىڭسىزمۇ ھاياجاندىن تىلىم قېتىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بېرىش بىرەر ماجىراغا سەۋەب بولۇشى چوقۇم ئىدى. يۈرىكىمنى ئېغىر ھەسرەت قاپلىۋالدى.

بىزگە ئۇزاق تىكىلىشىپ قارىشىپ تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ئېرى گۇمانسىرىغاندەك ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىغانىدى. چولپاننىڭ ئورۇقلاپ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە «ۋىللىدە» قىزىللىق يامىرىدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە كۆلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئاندىن ئىتتىك ئالدىغا قارىۋالدى.

ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتەن گۈزەل،

خۇش‌خۇي، ساددا قىز ئىدى. ھەي، قىسـ
مەت، ئېيتقىنا! ئاشۇنداق بىر گـۈزەل
قىز، چىرايىدىن قار يېغىپ تـۇرىدىغان،
مۇھەببەت - ۋاپانىڭ نېمىلىكىگە ئـانچە
ئىرەن قىلىپ كەتمەيدىغان مـۇشـۇنداق
رەھىمسىز ئەرنىڭ خىلىمىدى؟

* *

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى مـەن
تېخى ئۆيلەنمىگەن، ئىشقى - مۇھەببەت
ئاۋارىچىلىقىدىن خالىي بوز يىگىت ئىدىم.
ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن
شەھەرلىك يېمەك - ئىچـمەك شىركىتى
قارىمىقىدىكى «باھار چېچەكى» ئاشخانى
سىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. ئىشقا چۈ
شۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شەھەرلىك پارتكوم
تەشكىللىگەن «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ
ئەزاسى بولۇپ «تالباغ» يېزىسىغا باردىم.
بۇ يېزا ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بويىغا
جايلاشقان بولۇپ، باغۇ - بوستانلىق، يەر
لىرى مۇنبەت، ئۆيلىرى كۆجۈم بىر ما
كانىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر تـا
ماقلىرىمىزنى يەپ بىر ـ ـپـلا ھـەممىمىز
ئۆزىمىز مەسئۇل بولغان كەنتلەرگە بۆ
لۈپ كېتەتتۇق. ئىشىكتىن چىقساقلا، سى
ماب ئېرىتمىسىدەك لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان
دەريا كۆزىمىزگە تاشلىناتتى. دەريا سا
ھىلى ياپپېشىل قومۇشلۇق ۋە يىكەنلىك
بىلەن قاپلانغان. كەنت مۇشۇ دەريـانىڭ
كـۈنـچىقىش تـەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ،
يوللىرى راۋان، بۆككىدە سۆگەت تاللىرى
بىلەن قاپلانغان. مەن باھارنىڭ مـەيىن
شامىلىدا چېچەكلىرى تۆكۈلۈشكە باشلى
غان باغلاردىن كېلىۋاتقان كاككۇكلارنىڭ
يېقىملىق ئاۋازىدىن مەست بولۇپ، بىر
دەمدىلا كەنت ئىچىگە كېلىپ قـالـدىم.

ئىشنى «سىيىت ئاخۇن» ئىسىملىك، ئېـ
چىش خاراكتېرلىك كەسپىي ئائىلىدىن
باشلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇ كىشى دەريا
ساھىلىدىن ئاچقان شاللىق يېرىگە پۈتۈن
ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە مايسا تـە
كىۋاتقانىكەن. مېنىڭ، ئـەڭ دەسلـەپتـە
شىمىمنىڭ پۇشقىقىنى تىزىمىغىچە تـۈرۈ -
ۋېلىپ مايسا تىكىۋاتقان بىر قىزغا كـۆ
زۈم چۈشتى. ئۇنىڭ ئاپئاق پاقالچاقلى
رىغا لاي يېپىشقانىدى. قىز بېشىنى كۆ
تۈرۈپ لاپپىدە قارىۋىدى، تېنىم ئىختىـ
يارسىز جۇغۇلداپ، يۈرىكىمدە غـەلىتـە
بىر سەزگۈ پەيدا بولدى. قېتىپ تۇرۇپلا
قالدىم. قىز بەكمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ
قامىتى زىلۋا، يۈزى ئاق - سۈزۈك ۋە نۇر
لۇق ئىدى. لەۋلىرى گىلاستەك قىزىل
بولۇپ، كۆزلىرىدە سىرلىق تەبەسسۇم
ئويناپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئېسىمنى
يىغىپ، قىزدىن كۆزۈمنى يۆتكىدىم - دە،
ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى چاڭگا ساقال
لىق كىشىگە سالام بەردىم. تىنچلىق -
ئامانلىق سوراشتۇق. كېلىش مۇددىئايىمنى
بىلدۈردۈم. سۆھبىتىمىز نەتىجىلىك بول
دى. ئەمما سۆھبەت جەريانىدا قىزنىڭ
قىياپىتى خىيالىمدىن نېرى كەتمەيتتى.
سۆھبەتدىشىمغا سەزدۈرمەيلا قىزغا پات -
پات قاراپ قوياتتىم. شۇنداق قىلىپ بىر
كۈنلۈك خىزمەتنى تۈگەتتىم. قايتىش
ۋاقتىمدا قىزغا يەنە بىر قېتىم قارىدىم،
ئەمما ئۇ بىپەرۋا ھالدا ئۆز ئىشىنى
قىلىۋاتاتتى. ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. «يا
پىر، بۇ قىز بەكمۇ ھاكاۋۇرمۇ نېمە»
دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

شۇ كەمگىچە مەن ئىشقى - مۇھەب
بەتتىن خالىي بولۇپ، قىزلارغا ئىلتىپات

سىزلا مۇئامىلە قىلىپ يۈرگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە ھېلىقى قىزنىڭ ھەۋەس - لەتاپىتى قەلبىمىنىڭ قورغىنىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن گۇمران قىلىپ تاشلاپ، «ئىشق» تىن ئىبارەت «غالىبىيەت» بايرىقىنى قادىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خىيالچان بولۇپ قالدىم. تاماق يېگۈم كەلمەيتتى. تاماكىنى ئۆزمەي چېكىدىغان بولدۇم. تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەر قولىقىمغا كىرمەي، باشلىقتىن قايتا سورايدىغان «ئۇنۇتقاقلىق كېسىلى» گە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن سىيىت ئاكامنىڭ ئائىلىسىگە كۆپرەك بارىدىغان، كۆپرەك سۆھبەتلىشىدىغان بولدۇم.

يېزىدا ئىتلار تولىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇلار ھەر دائىم يۈرۈش - تۇرۇشۇڭغا، قەدىمىڭگە كۆز تىكىپ، گەپ - سۆزۈڭگە قولاق سېلىپ تۇرىدۇ. بىرەر ئۆزگىچىلىكنى سېزىپ قالسا دەررۇ ئالەمگە يېيىپ، سۆز - چۆچەك قىلىدۇ. شۇڭا ئۆزۈمنى، ھېلىقى قىزنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئاياپ، سۆز ھەرىكەتتە بەكمۇ ئېھتىيات قىلدىم. ئەمما «ئېھتىيات» بىلەن پىراقنى توسۇق سالماق مۇشكۇل ئىش. سىيىت ئاكامنىڭ ئائىلىسىگە بېرىش ئۈچۈنمۇ ھەر خىل سەۋەبلەر تېپىلىپ تۇردى.

«ئۆخلىسام تەكىيىمنىڭ بېشىدا، ئاش يېسەم قاچامنىڭ قېشىدا» دېگەندەك، ئۇ قىز كۆز ئالدىمدىن بىر مىنۇت نېرى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بارغىنىمدا قىزغا ئاشىقانە كۆز تاشلايتتىم. لېكىن ئۇ ماڭا كۆز قىرىنىمۇ سالمايتتى. بۇ ھال مېنىڭ ئىشتىياقىمنى يەنىمۇ ئاشۇراتتى. قىزنىڭ ئىسمى چولپان ئىدى. ئۇراستىنلا تاڭدىكى

چولپاندەك پاك، نۇرلۇق ۋە سىرلىق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ سىردىشىش پۇرسىتى تاپالمىغاندىن كېيىن، خىياللار دۇنياسىغا بەند بولىدىغان بولۇپ كەتتىم. خىيالىمدا، ئۇنىڭ بىلەن دەريا بويىدىكى ئەڭ خىلۋەت يەرلەردە، قومۇشلۇق ئارىسىدا، چاتقاللارنىڭ تۈۋىدە ئۇچرىشاتتىم. بەزىدە كەنت چېتىدىكى توغراقلىق قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا يۈرگەن بولاتتۇق.

مانا خىزمەتمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. مەن قىزغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي كېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتىم. قايتىشتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى، چولپان بىلەن يالغۇز كۆرۈشۈش پۇرسىتى كېلىپ قالدى. مەن كۆڭۈل ئازابلىرىمغا تەسەللى تاپماقچى بولۇپ، كەچ كىرىپ كۈن قايرىلغاندا ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ دەريا بويىغا چۈشتۈم.

مانا، ئالدىمدا لۆمۈلدەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئاقسۇ دەرياسى، قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭلىك نۇرلىرى دەريا يۈزىنى ئاجايىپ جەزىبىلىك بىر تۈسكە كىرگۈزگەن، قارلىغاچلار دەريا يۈزىدە پەس ئۇچۇپ ئۆتۈشمەكتە. دېمەك يامغۇرنىڭ شەپىسى بار دېگەن سۆز. راست دېگەندەك شىمالدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆمۈش چوققىلىق تيانشان تاغلىرىنىڭ ئۈستىدە توپ - توپ كۆمۈش رەڭلىك بۇلۇتلار پەيدا بولدى - دە، جەنۇبقا قاراپ ئېرىنچەكلىك بىلەن سۈرۈلۈشكە باشلىدى. قاراڭغۇلاشقان باغلار قوينىدىن كاككۇكلارنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاۋازى كەلمەكتە.

ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ دەريا بويى-

دىكى چىغىرىيول بىلەن بىر ھازىغىچە ئايلىنىپ يۈردۈم. بۇ يەردىن ھېچ كەتكۈم كەلمەيتتى، بۇلۇتلارمۇ ئاندا - مۇندا چېچىلىدىتىپ «ياش» تۆككىنىچە «چوڭ چاتاق چىقارماي» ئۆتۈپ كېتىشتى. قۇمۇشلۇقنى ئايلىنىپ سازلىق تەرەپكە بۇرۇلاي دەپ تۇرۇشۇمغا، چولپان بىر ئېشەك ھارۋىسىغا لىق قومۇش بېسىپ كېلىپ قالدى. ئۇ مەھەللە تەرەپكە كېتىۋاتقانىكەن. يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. بۇ شۇنداق بىر توغرا كېلىپ قېلىشمۇ ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ يالغۇز، ئەتراپىدىمۇ تىكىلىپ تۇرىدىغان كۆزلەر يوق. بۇ مېنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىمنى دەۋېلىشقا تازىمۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە بەل باغلىدىم. قىز ماڭا يېقىنلاشقاندا، مەنمۇ ۋېلىسىپىتىمنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىتىپ قاراپ تۇردۇم. چېچەن قىز مېنىڭ مۇددىئايىمنى پەملىگەن بولسا كېرەك، ھارۋىسىنى توختىتىپ، ماڭا ئەدەب بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلدى. قېنى، ئۇنىڭغا ئاتاپ تەييارلىغان گەپلەر؟ تىلىم بىر پەس قېتىپ قالغاندەك بولدى - دە، ئۈنتىنسىز تۇرۇپ قالدىم، ئاخىرىدا مۇنداق تۇرۇۋېرىشنىڭ قولايسىز ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئېغىز ئاچتىم.

— چولپان قىز، بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، سىلىگە دەيدىغان بىر ئاز گېپىم باردى، — شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ چېكەمدىن تەر تامچىلىرى ئاققاندەك بولدى. ئۇ دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنى پەرەز قىلغاندەك «ۋىللىدە» قىزاردى. ئاندىن ئازىراق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا «نېمە گەپ ئىدى؟» دېگەندەك قارىدى.

بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك: بىرسى گۈزەللىك ئالدىدا ئۆز ئەركىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئەسىرى سۈپىتىدە چاغلاپ، يوپۇرماقتەك تىترەپ قول باغلاپ تۇرىدۇ. بىرى بولسا «ئەسىرى» نىڭ بۇنداق ئىزابلىق روھىي ھالەتلىرىدىن خەۋەرسىزدەك، ھېچنەرسىگە پىسەنت قىلماي، ھۆكۈمرانلارچە خاتىرجەملىكى بىلەن سەۋرتاقەتنى نامايىش قىلىدۇ.

گەپنى قەيەردىن ۋە قانداق باشلاشنى بىلمەي بىر ھازا گەدىنىمنى تاتىلاپ تۇرۇپ كەتتىم. قىز بۇ جىمجىتلىقتىن ئەندىشە قىلغاندەك، پات - پات ئەتراپىغا قارىغىلى تۇردى. شۇئان ۋۇجۇدۇمدا بىر جۈرئەت پەيدا بولدى - دە، ئۇنىڭغا قارىدىم.

— چولپان، سىلى مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ؟

— ھەئە، ئوقۇغان، — دېدى ئۇ چىرايلىق كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىپ تۇرۇپ، — ئۆتكەن يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بىرەي دېگەنىدىم. ئەمما، ئەمما ... — قىز نېمىشقىدۇر دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. چىرايىنى مەيۈسلۈك ئىپادىلىرى قاپلىدى. كۆزىدە ياش لىغىرلىغاندەك بىلىندى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدىم ئېچىنغان ھالدا، ئەمدى ئارىدىكى تارتىنىش - قورۇنۇشلارمۇ تۈگەشكە باشلىغانىدى، — نېمىشقا بارالمىدىلا؟ ئاغرىپ قالدىلىمۇ ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىلىمۇ؟

چولپان چوڭقۇر ۋە قايغۇلۇق ئۇھ تارتقان ھالدا دېدى:

ــ مەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان،
ئىمتىھاندىنمۇ چوقۇم ئۆتۈپ كېتەلەيت-
تىم، لېكىن ئۆيدىكىلەر ... ــ ئۇ، ئازاب-
لانغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. كۆڭلى-
دە: «ئاخىرىنى ئېيتايمۇ - ئېيتمايمۇ»
دەپ، ئىككىلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.
ئاخىرىدا دەۋەتتى.
ــ كەنت سېكرېتارىنىڭ ئوغلى تا-
غامغا كىشى قويۇپ مېنى سوراتقۇزغانى-
كەن. تاغام يۈز كېلەلمەي ماقۇل بوپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ بېشىم باغلاندى. مانا،
مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن.
يۈرىكىم ئاغقاندەك بولدى. بىچارە
قىز، ئائىلىۋى ئاسارەتنىڭ ئىسكەنجىسىگە
بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى تەقدىرگە
باش ئېگىپتۇ - دە.
ــ چولپان، ــ دېدىم ئەلەملىك ئا-
ھاڭدا، قىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە
تىرىشىپ كۆرمەكچى بولۇپ، ــ سىلە راس-
تىنلا ساددىكەنلا! نېمىشقا يېزا باشلىقلىرىغا،
ناھىيە رەھبەرلىرىگە بۇ ئىشلارنى ئىنكاس
قىلىپ، ئۆزلىرىگە ھىمايە تەلەپ قىلماي-
دىلا؟ ھېلىمۇ كېچىكمەيلا، بۇ ئىشقا مەن
ئارىلىشاي، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئارىلاش-
سۇن، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ چارى-
سىنى تاپايلى.
ــ ياق، ياق! ئۇنداق قىلسام بول-
مايدۇ! ــ قىز ھولۇققان ھالدا ئالدىراپ
رەت قىلدى، ــ ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى. بۇ
ئىشقا تاغام ئۆزى رازى بولغان تۇرسا،
ئۇنىڭ گېپىنى قانداقمۇ يەرلايمەن؟ قۇ-
دا تەرەپ بۇ يېزىدىكى ئابرويلۇق ئادەم-
لەر. مەنمۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشسا خۇ-
شال بولۇپ ئوقۇشقا كېتەرمەن. ئەمما
شۇ ئاق كۆڭۈل، ياۋاش تاغام ئۇلار بىلەن
قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ھەممىنى ئويلاپ
باقتىم. ئاخىرى، تەقدىرگە تەن بېرىشكە
قارار قىلدىم.
ئەمدى بۇ قىزغا يۈرىكىمنى ئۆرتەپ
كېتىۋاتقان ئىشق - پىراقىمنى ئىزھار قى-
لىشقا يولمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ھەممە
ئارزۇ - ئارمانلىرىنى مۇشۇ ئىشقا قۇربان
قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى بىلىنىپلا تۇ-
راتتى. نېمە دېيەلەيمەن؟ ئەسلىدە سۆھ-
بەت ئاخىرلىشىشى كېرەك ئىدى. ئارىمىز-
دا قىلىشىشقا تېگىشلىك گەپ - سۆزلەر
قالمىسىمۇ، مەن يەنە سۆھبەتنى سوزدۇم.
ــ تاغام دېگەنلىرى كىم بولىدۇ؟
نېمىشقا دادىلىرى ھەققىدە گەپ قىلمايلا؟
ــ نەچچە كۈنلەردىن بېرى سىلە
كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىپ يۈرگەن سېيىتاخۇن
دېگەن كىشى تاغام بولىدۇ. ئۆز ئاتا-ئا-
نام ئىككى ياش چېغىمدىلا ئۆلۈپ كېتىپ،
مېنى ئاشۇ تاغام بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ
بەكمۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان ئادەم. ئۆز
ئىختىيارىچە بولغىنىدا مېنى ئوقۇتقۇسى
بار ئىدى. لېكىن ئىلاج قىلالمىدى.
قىز بىردىنلا دەريانىڭ ئېگىز قىشى
ئۈستىگە نەزەر سالدى - دە، ھودۇقۇپ
كەتتى. قاش ئۈستىدە سېيىتاخۇنكام بىز-
گە قاراپ تۇراتتى.
چولپان مەن بىلەن خوشلىشىپ ئېشەككە
قامچا ئۇردى - دە، ھېلىقى ئەگرى - بۈگ-
رى يول بىلەن تۆپىلىككە كۆتۈرۈلدى.
كەچكى شەپەق نۇرى بارغانسېرى ئۆچۈپ
كېتىۋاتاتتى. مەن چولپاننىڭ قارىسى
كۆزدىن غايىپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئار-
قىسىدىن قاراپ تۇردۇم. مېنىڭ ئۇ قىزغا
بولغان مۇھەببىتىم راستىنلا «گاچا مۇ-
ھەببەت» بولۇپ قالدى. قىزغا كۆڭلۈمنى

ئىزھار قىلالمىدىم. بۇ خۇددى دەريا بو-
يىغا بېرىپ سۇ ئىچەلمەي كەلگەندەك
ئىش بولدى.

*  *

ۋاقىت دېگەن خۇددى ئاتقان ئوقتەك
تېز ئۆتىدىكەن. چولپاننى ئاپتوبۇستا
ئۇچراتقىنىمغىمۇ ئالىقاچان ئۈچ يىل
بولۇپ قالدى.

تەبىئەت ئالتۇن يوپۇقىنى پۈركەنگەن
كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن ئاشخانى-
مىزغا ئاشلىق، ماي سېتىۋېلىش ئۈچۈن
بازارغا چىقتىم. بۇ چاغدا مەن ئاشخانى-
نىڭ مۇدىرى ئىدىم. كىچىك يۈك ماشى-
نىمىزنى بازارنىڭ بىر چېتىدە توختىتىپ
قويۇپ، رەستە ئايلاندۇق. كۆكتات، توخۇ-
تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بول-
غاندىن كېيىن ئاشلىق، ماي رەستىسىگە
بۇرۇلدۇق. كۈز پەسلىدە نەرخى - ناۋا ئەل-
ۋەتتە ئەرزان بولىدۇ. مۇشۇنداق پۇرسەت-
تىن پايدىلانساق ئاشخانىنىڭ كىرىمىنى
ئاشۇرغىلى بولاتتى. شۇ كۈنى بازارغا
ئاشلىق بەك كۆپ كىرگەنىكەن. ئاشلىق
ساتقۇچىلار ئۆز مېلىنى ماختىشىپ ۋارقى-
رايتتى. ھەتتا بىر - بىرى بىلەن خېرد-
دار تالىشىپ قىزىرىشىپمۇ قېلىشاتتى.
بەزىلىرى رۇدۇپايدەك چاپاننىڭ پېشىگە
ئېسىلىۋېلىپ، ئاشلىقىنى سېتىۋېلىشقا قى-
زىقتۇراتتى. ئۇن، گۈرۈچلەرنىڭ كۆپلۈكى-
دىن قايسىسىنىڭ ياخشى، قايسىسىنىڭ
ناچارلىقىنى پەرق ئېتىشمۇ قىيىن ئىدى.
تار رەستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، گۈرۈچ
ساتقۇچىلار ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. گۈ-
رۈچلەرنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان
رەستىنىڭ ئەڭ چېتىدە، خېرىدارلارنىڭ
نەزەرىدىن يىراق يەردە شۈمشىيىپ ئول-
تۇرغان بىر «موماي» غا كۆزۈم چۈشتى.
ئۇ ئاغزى ئۇچۇق ئۈچ - تۆت تاغارنىڭ ئا-
رىسىدا بىر بوۋاقنى باغرىغا باسقىنىچە
خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىغا
كونا يىرتىق ياغلىق تېڭىۋالغان بولۇپ،
چاچلىرى پاخپايغان، كىيىملىرى كىرلىك
كونا ئىدى. ئۇنىڭ قېشىدا جۇلجۇل كىيىم-
لەرگە ئورالغان ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى
بىر ئوغۇل، بەش ياش ئۆپچۆرىسىدىكى
بىر قىزمۇ ئويناپ يۈرەتتى. ئېھتىمال
بۇلارمۇ ئاشۇ «موماي» نىڭ بالىلىرى بول-
سا كېرەك.

«موماي» باشقىلاردەك ئۆز ئاشلىقى-
نى ماختاپ ۋارقىرىمايتتى. كىشىلەرنىڭ
پېشىگىمۇ ئېسىلمايتتى. ئۇ پەقەت سۈكۈت
ئىچىدە خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى. تا-
سادىپەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قالغان خېرى-
دارلارنى كۆرگەندە «موماي» نىڭ كۆزىدە
ئۈمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولاتتى - دە، مە-
يۈس كۈلۈمسىرەپ:

— كەلسىلە، گۈرۈچ ئالسىلا، ئەرزان
بېرىمەن، — دەيتتى.

«موماي» نىڭ ھېلىقى بالىلارنى
جىمىلەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ماڭا تونۇش-
تەك بىلىندى. ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ
ئالدىغا باردىم. ئۇ مېنى خېرىدار دەپ
ئويلاپ كۆزلىرىنى ئۈمىد بىلەن ماڭا تىك-
تى. شۇئان ئۇنىڭ ئورۇق ۋە بىمەھەل
قورۇق كىرگەن تاتىراڭغۇ چىرايى قىزىرىپ
كەتتى. ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى بىر ئاز
كېرىلدى. ئۇنى تونۇپ مەنمۇ شۇ ھالەتكە
چۈشتۈم. بۇ «موماي» ئاشۇ چولپان ئىدى.
ئۇنىڭ بۇ قەدەر ئۆزگىرىپ، مۇددەتتىن
بۇرۇن قېرىپ كېتىشى يۈرىكىمدە قاتتىق
ئېچىنىش، ھەسرەت، خەيرىخاھلىق تۇيغۇ-

سى قوزغاتتى. ئۇنىڭ جۈدەڭگۈ، قارايغان چىرايىنى ئېغىر تۇرمۇش غېمى باسقان، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدە چەكسىز قايغۇ - ئەلەم ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ. پاخپايغان چاچلىرى خېلىلا شالاڭشىغان...

مەن ئۇنىڭدىن تىنىچلىق - ئامانلىق سورىدىم. ئۇ ماڭا جاۋاب سالام ياندۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا كۆزىگە ياش ئېلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— چولپانخان، بولدى يىغلىمىسىلا! — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەلى بېرىپ، — ئەرلىرى نېمىشقا كەلمىدى؟ بەك جاپا تارتىپ قاپلا!

— هازىر ئېرىم يوق! — دېدى ئۇ كىرلەشكەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆز - يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — ئاجرىشىپ كەتكىنىمىزگە بىر يىل بولدى. بىز ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن مەن تاغامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەن. تاغاممۇ، هامماچاممۇ كەينى - كەينىدىن قازا قىلىپ كەتتى. ئىشقىلىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ مۇشۇ بالىلارنى بېقىۋاتىمەن. بۇ گۆرۆچلەرنى ساتقىلى ئەكىرگەنىدىم، بازاردا ئاشلىق بەك كۆپكەن، خېرىدارلار قاراپمۇ قويمىدى.

— ئەرلىرى بالىلار ئۈچۈن نەپىقە بېرىپ تۇرىدىغاندۇ؟

چولپان «يالت» قىلىپ ماڭا قاراپ قويدى - دە:

— ئۇنىڭ هازىر نەپىقە بەرگۈدەك هالى يوق. بىز ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ تراكتورنى يۈك - تاقى بىلەن دەرياغا ئاغدۇرۇۋېتىپتىكەن، دادىسى ئۇنى ئۆيدىن هەيدەپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكۈلۈككە، چېكىملىككە بېرىلىپ كەتتى.

— ئۇ هازىر قەيەردە؟

— كىشىلەردىن «شەهەردە هاراق ئىچىپ، لاغايلاپ يۈرىدۇ» دەپ ئاڭلىدىم. ئىش قىلىپ ئالتە ئايچە بولدى، قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئويناپ يۈرگەن ھېلىقى ئوغۇل بىلەن قىز قىزىقىسىنغان هالدا يېنىمغا كەلدى - دە، مەسۇمە كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ئىللىقىنا ھىجايدى. بالىلارغا قاراپ تېخىمۇ ئىچىم سىيرىلدى. ئالقانلىرىم بىلەن بالىلارنىڭ بېشىنى سىلىدىم، كۆڭلۈمدە بىردىنلا: «ئۆز ۋاقتىدا تارتقان ئىشقى - پىراقلىرىمنى ئاشكارا ئېيتىۋېتەي، شۇكەمگىچە يۈرىكىمدە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان تۇگۇچلەر يېشىلىپ كەتسۇن. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، چولپان ئۇنى بىلىپ قالسۇن» دېگەن ۋەسۋەسە باش كۆتۈردى. قانچە رەت ئېيتىشقا تەمشىلىپ يەنە توختاپ قالدىم. «ئۇنىڭ هالى شۇ تەرىقىدە تۇرغاندا ئۇنداق گەپلەر خۇشياقامدۇ؟ بولدىلا، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قالسۇن» دەپ ئويلاپ يالتايدىم. پەقەت ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ئاز ياردەم قىلىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن: «ئۇنىڭ گۆرۆچلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى باهادا سېتىپ ئالاي، ئاشخانىغا تۆۋەن باها بويىچە هېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ، ئېشىپ كەتكەن پۇلنى يانچۇقۇمدىن قوشاي» دەپ ئويلىدىم. بۇ پىكرىمنى بىللە كەلگەن زاپخوزغا ئېيتتىم ھەم ئايالنىڭ ئەهۋالىنى، تونۇشلۇقىمىزنى چۈشەندۈردۈم. ئۇمۇ توغرا تاپتى. ئاندىن بۇ ئىشنى چولپانخانغىمۇ ئېيتتىم.

— ئازراق بولسىمۇ ياردەم قىلغۇم كەلدى، ئۇزۇڭلارنى تېپىگەن ئەمەسمۇ. بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە ياراپ قالار، — دېدىم گېپىمنىڭ ئاخىرىدا.

چولپانخاننىڭ كۆزلىرىدە مىننەتدارلىق، شادلىق نۇرى يالتىرىدى.

— ئۇنداق قىلمىسىلىمۇ بولاتتى، ياخشى نىيەتلىرىگە رەھمەت!

گۆرۈچلەرنى جىڭلىدۇق. ئالتە يۈز جىڭدىن سەل ئارتۇق چىقتى. بازاردا بىرىنچى دەرىجىلىك گۆرۈچنىڭ باھاسى يەتمىش پۇڭدىن سودا بولۇۋاتاتتى. مەن بىر جىڭغا بىر كويدىن ھېسابلاپ ئالتە يۈز كويىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقازدىم. چولپانخاننىڭ پۇل ئېلىۋاتقان قوۋلى تىترەپ، كۆزلىرىدىن شادلىق يېشى تامچىلىدى. ئۇنىڭ شادلىقىدىن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاشۇ ئايالغا ياردەم قىلالىغىنىمغا ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈندۈم.

چولپانخان بىلەن خوشلىشىپ بەش - ئالتە قەدەملا مېڭىۋىدىم، قۇلىقىمغا بىر ئەركىشىنىڭ مەستلەرچە تەلەپپۇز بىلەن:

— ھە، چولپانخان، گۆرۈچ ساتقىنىڭنى كۆردۈم. خېلى جىق پۇلغا ئىگە بولدۇڭ. ھازىر ھالىم خاراپ، قەرزدار بولۇپ قالدىم. پۇلنى ماڭا بەرسەڭ، ھە... ھى... ھى...، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

گەجگەمدىن مۇز سالغاندەك شۈركىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن ئارقامغا بۇرۇلدۇم. ئېڭەكلىرىنى يىرىك ساقال قاپلىغان، چىرايى جۇدەپ، قارىداپ كەتكەن، ئورا كۆز بىر ئەركىشى چولپاننىڭ ئالدىدا تىلىنى چاينىپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىق، كۆلدە ئېغىنىغاندەك مەينەت ئىدى. مەن سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ ھېلىقى بىر يىلى ئاپتوبۇستا كۆرگەن قوپال ئەر ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئۇ پەرۋاسىز ھالدا چولپاندىن پۇل تەلەپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. چولپان زەردە بىلەن:

— نەدىكى پۇلكەن ئۇ؟! مېنى ئۈچ بالا بىلەن قوشۇپ جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئوردىسىغا ئىتتىردۈەتتىڭ! ئۆزۈڭ داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان يەردە يۈردۈڭ، يەنە مەندىن پۇل تەلەپ قىلىشقا ئۇيالمامسەن؟ — دېدى.

ئەر ئىزا تارتقاندەك، پاتىڭىنى قاشلاپ بىر پەس ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى، ئەندىن يېقىندىسىز ھىجايغان ھالدا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— خوتۇن، ئۇنداق قىلماڭلار. باللارغا ياردەم قىلغۇم بار. ئەمما ئامالسىز قالدىم. ئۆمۈر بويى بۇنداق يۈرۈۋەرمەسمەن، قولۇمغىمۇ پۇل كىرەر، شۇ چاغدا...

— مەن، سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس! نېرى تۇر!

چولپانخان ئۇنى ئىتتىردۈەتتى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھىجىيىپ پۇل دەپ تۇرۇۋالدى. باللار يىغلامسىراپ، بىردەم ئانىسىغا، بىردەم دادىسىغا ئۈمچىيىپ قارىشاتتى. چولپانخان ئاخىر قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ پۇلدىن بىر قىسمىنى ئايرىپ ئۇنىڭغا سۇندى.

— مانا، ئەمدى كەت!

— ھېچ بولمىسا تۆت يۈزنى بېرىپ تۇرغىن، — دېدى ئەر پۇلنى ساناپ چىقىپ، — قەرزىمنى تۆلۈۋالاي.

— ئەمدى بولدى قىل. ساڭا ھەم-

مېنى بېرىۋەتسەم باللارنى قانداق باقىمەن؟

ئەر چولپانخاننىڭ قولىدىكى پۇلنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئېسىلدى. ئەتراپتىكى شۇنچىلا خالايىق بۇ ماجىرانى ئاجراتماي تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. ئەمدى سەۋرى قىلىپ تۇرالماي ئارىغا چۈشتۈم.

— هوي مۇتىههم! باللىرىڭغا ياردەم قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ رىسقىغا چاڭ سېلىۋاتامسەنغۇ؟ قانداق ئۇيالمايدىغان نېمىسەن؟

— هوي، سەن نېمىدەپ ئارىلىشىپ يۈرىسەن؟ بۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشى! باشقا غەرىزىڭمۇ بارمۇ - يە؟

كۆزۈمگە قان تولدى. ئۇنىڭ قولىنى چولپاننىڭ قولىدىن سىلكىپ ئاجراتتىم - دە، دولىسىدىن ئىتتىرىۋەتتىم.

— بارە نېرى! ئۇيياتسىز...

— ئۇرە ... ئەمدى ئۇرە!...

ئۇ، ياقامغا ئېسىلىپ يىرتىۋەتتى. جىسمىمدا ئۆزۈمنى تۇتقۇدەك كۈچ قالمىغانىدى. ئۇنى پۇرلاپ باستىم - دە، بىرقانچىنى ئۇرۇۋەتتىم. ئۇ بۇرنىدىن ئاققان قاننى كىيىملىرىمگە سۈركەپ، ماڭا چىڭ ئېسىلىۋالدى. ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنىڭ بېقىنىغا يەنە بىر قانچىنى ئۇردۇم.

شۇئان كەينىمدىن بىر ئايالنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بولدى ئەمدى! ئۇرمىسىلا! ئۇ مېيىپ بولۇپ قالسا جېنىنى قانداق باقىدۇ؟

ئوق تەگكەن كىيىكتەك سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. چىرايى غەزەپتىن تاتارغان، كۆزلىرى نەپرەت بىلەن چاقناپ كەتكەن چولپانخان ماڭا قاراپ تۇراتتى.

«هە، ئۇلارنىڭ نىكاھى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەر - خوتۇنلۇق رىشتى ئۈزۈلمىگەنىكەن - دە؟ مەنمۇ چولپانخاننىڭ قىيىنچىلىقتا قالغىنىغا چىدالماي قىلىۋاتىمەنغۇ بۇ ئىشنى.» مەن لەت بولۇپ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئاڭغىچە، چولپانخان ھېلىقى ئەرنى سىلكىشلەپ تۇرغۇزدى - دە، غولىدىن ئىتتەردى.

— ئۇنداق رەسۋالاشماي كەت ئەمدى!

ئەر ماڭا تازا بىر ئالىيىپ قارىغاندىن كېيىن «خەپ توختاپتۇر!» دېگىنىچە غۇدىراپ كېتىپ قالدى. ئەمدى چولپانخاننىڭ چىرايىدىكى غەزەپ خىجالەت بىلەن ئالماشتى. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ، يېلىنغان ھالدا ھېلىقى گۈرۈچكە بەرگەن پۇللارنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، مېنى كەچۈرسىلە! گۈرۈچنى بىر ئامال قىلىپ ساتارمەن. پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرەي، كۆڭۈللىرىگە رەھمەت! — دېدى. مەن ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم.

— ئۇنداق قىلمىسىلا چولپانخان، — دېدىم ھودۇقۇپ، — مەن خالىس ئىش قىلىۋاتىمەن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ھەقىقەتەن دۆت ئىكەنمەن. سىلى مېنى كەچۈرسىلە، ئەمما پۇلنى قايتۇرىمەن، دېمىسىلە. بولدى، ئالسىلا!

چولپانخان چىرايىمغا بىر قاراپلا، پۇلنى يېنىغا سالدى. مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، ماشىنا تەرەپكە ماڭدىم.

— ئابلاجان، مېنى ئەپۇ قىلىسىلا! —

(ئاخىرى 132 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆركىنجان ئەھەت

# قايتا ئۇچرىشقاندا

(ھېكايە)

شەنبە بولغاچقىمىكىن كوچىلاردا ئادەم مىغىلدايتتى. ئاسفالىتلىق يول بىلەن پىيادىلەر يولى ئارىلىقىدىكى گۈللۈكتە قارىغايلار، گۈللەر، يولغا ئېگىلىپ تۇرغان مەجنۇن تاللار كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلغان. بىر تەرەپتە چىملىرى تېخى تولۇق ئۆسۈپ كېتەلمىگەن پۇتبول مەيدانى يېيىلىپ ياتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن تونۇش جايلار-ھە! دىلشات ئەمدى ئۆزىنى ھېچقاچان بۇ يەردىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىراق بۇ تونۇش مەنزىرىلەر ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۆڭۈل ئازادىلىكى ئېلىپ كېلەلمىدى. ھەممە نەرسە ئازابلىق ھەم ئاچچىق بىر خىيال بىلەن سىڭىشىپ كەتكەنىدى. ئەنە، ئاۋۇ قەدىمىي، خارابە كوچىدىن ئازراق مېڭىپ قايرىلسا، ئۇ ئاۋات بىر بازارغا چىقىدۇ. ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنۈپ كەلگەن، بارماقچى بولغان يېرىگە بارىدۇ. تۇيۇقسىز دىلشاتنىڭ ۋۇجۇدىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. «نېمە دەپ بارارمەن؟ قارايمۇ قويارمۇ؟» ئۇ يەنە، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، — ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى شۇ يوقىتىپ قويغان كىشىنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلىشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. مەيلى، ئىشقا چۈشۈشكە خېلى ۋاقىت بار ئىكەنغۇ. ئۇ ئۆزگىرىشچان كۆز ئەينىكىنى سۈرتكەچ ئەتراپقا پەرۋاسىز نەزەر سالدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. دىلشاتنىڭ يېنىدىن تولۇق كەلگەن، مەڭزىگە ئازراق داغ چۈشكەن بىر چوكان ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. «قانداق قىلسام بولار؟ يېنىغا بارايمۇ؟ يا ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيارمۇ؟»

چوكان ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز بىپەرۋا ھالەتتە دوقمۇشقا كەلدى ۋە غورا سېتىپ ئولتۇرغان بىر بوۋاينىڭ ئالدىدا توختاپ چىرايلىق سومكىسىغا غورا ئالدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇتقان ھالدا بۇلارغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز

كاللىسىدىن بىر خىيال غىل - پال ئۆتۈپ ئۇنى پۈتۈنلەي روھسىز بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. كۆز چاناقلىرى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئېچىشىشقا باشلىدى. چىداپ تۇرالماي باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ يېنىپ قارىغان چاغدا چوكان يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. شۇنچە شاۋقۇن — سۈرەن ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشلىرى دىلشاتقا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى.

ئەمدى ئۇ تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. كاللىسىنى كۆڭۈلسىز كەچمىشلەر چۇلغىۋالدى، ئۆزىنىڭ جۈرئەتسىزلىكىگە ئۆكۈندى، ئۇنىڭغا ئەمدى بارلىق ئۈمىد - ئارزۇلىرى يوققا چىققاندەك بىلىندى.

مۈرىسىگە تەگكەن شاپىلاق ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. ئارقىسىغا قارىسا بىر كونا دوستى ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ:

— كۆڭلۈڭنى ئالدىغان قىزلار چىقماي، يەنە شۇ جۇۋاننىڭ ئارقىسىدىن ماراپ يۈرەمسەن يىگىت! — دەپ چاقچاق قىلدى.

دىلشات بۇ سۆزدىن ئۆزىنىڭ باياتىنقى پەرىشان ھالىتىنى ئەسكە ئالدى. بىراق ئېتىراز بىلدۈرمىدى. دوستى «مېھمان قىلىمەن» دەپ، ئۇنى ئۇنىمىغانىغا قويماي سۆرەپ ماڭدى. ئۇ دوستىدىن پاتىراق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى، لېكىن ئامالسىز ئىدى. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى كۆرۈمسىز بىر بوتكىغا كىردى. يۈزىنى پۈتۈنلەي قورۇق بېسىپ كەتكەن بوۋاي ھاراق سېتىپ ئولتۇراتتى. كۆزى پۈرۈم - پۈرۈم قورۇقلار ئارىسىدا خۇنۇك پارقىراپ تۇراتتى. دىلشاتقا بوۋاينىڭ كۆزىنى قايسى بىر قورۇق سىزىقىغا يۆتكەپ

قويسىمۇ چاقنايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. دوستى ئىككى ئىستاكانغا يۈز گراملىق ھاراق قۇيدۇردى ۋە شۇنىڭغىمۇ بىر تالاي قەدەھ سۆزى قىلدى. ئاخىرىدا «دوستلۇق ئۈچۈن» دەپ كۆتۈرۈۋەتتى. دىلشاتنىڭ ئۇنداق تەنتەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ شۇنچە ئىسسىقتا يۈز گرام ھاراق ۋە تاشتەك قاتتىق دادۇر بىلەن مېھمان بولدى؛ خوشلاشقاندىن كېيىن ئۇ ھاراقنىڭ ئازراقمۇ تەسىر قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بولمىسا ئۆزىنىڭ مىسكىن ھالىتىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆزگەرتكەن بولاتتى. ئۇ مەقسەتسىز ماگىزىن ئارىلىغاچ ئۇ يەرگە بېرىش - بارماسلىق ھەققىدە ئويلاندى. ئاخىر بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى يەنە بۇزۇلۇشقا باشلىدى. قىززىق، ئادەمدىكى تۈيغۇ دېگەن قانداق نەرسىدۇ؟

ھاۋا قىزىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ تەرلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا قۇياش پەقەت ئۇنىلا قىزدۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. دىلشات ئاسفالىت يولدىن ئۆتۈپ پەسىرەك كەتكەن كوچىنى بويلاپ ماڭدى. بۇ يول ئۇنىڭغا بەكمۇ قىسقا بىلىنىپ كەتتى. دوقمۇشتىن قايرىلغاندا، ئاۋات قەدىمىي بازاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يەنە شۇ خىيال — «نېمىشقا كەلدىم! نېمە زۆرۈرىيىتى بار، ئاخىر بىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىمىز بولۇشى كېرەك؟» دېگەن خىيال چۇلغىۋالدى! يەنە ئىككىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ دىققەت قىلىنۇندى، ئۆزى كونا لېكىن ۋېۋىسكىسى يېڭى بىر ماگىزىنغا كۆزى چۈشتى. باققاللارنىڭ ئاغرى-

ىغا كەلگەنىنى ۋارقىرىشى، قەلەندەرلەرنىڭ زېرىكىشلىك ناخشىلىرى، كاۋاپدانىنىڭ ئەتراپىنى بىر ئالغان ئاچچىق تۈتۈنى، كۆنىنىڭ ئىسسىقى، تىنىماي ئېقىۋاتقان تەرنىڭ كۆزىنى ئېچىشتۇرۇشى ئۇنى بىزار قىلدى. بۇلاردىن ئىچى پۇشۇپ ماگزىنغا قەدەم باستى. ماگىزىن كىچىك، كونا پوستۇندا بولۇپ پەشتاختىلىق ئىكەن، تىزىلغان ماللارنىڭ خىللىرىغا قاراپ ئۇنى ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ دۇكىنى دېيىشكە بولمايتتى. قارىغاندا ھۆددىگە ئېلىنغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۇ سىرتتىكىدىنمۇ بەكرەك بىئارام بولۇپ كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. دىلشات ئەمدى خىيالىدىكى ئوبرازنىڭ بارغانچە سۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بايىقى سېمىز، چىرايلىق چوكان پەشتاختىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قارىسىلدىتىپ غورا يېگەچ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. دىلشات ئىختىيارسىز كەلگەن شۆلگىيىنى تەستە يۇتۇۋەتتى. ئېھتىمال بۇمۇ بىر سېزىمدۇر. ئاردىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى تولىمۇ تەستەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ كىچىككىنە بىر باشنىڭ پەشتاختىنا ئۈستىدىن ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەتتەك، تونۇۋالمىسا بولاتتى!

— دىلشات ئاكا، — دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالتە ياشلاردىكى بۇدرە چاچلىق بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ پۇتىدىن قۇچاقلىۋالدى. بايىقى چوكان ئاستا قايرىلىپ ئۇنىڭغا قاردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نە ھەيران قېلىش، تاسادىپىيلىق ھېس قىلىش، نە ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىنىڭ قالدۇقى ئۇچقۇنداپ قويمىدى. ئۇ پەقەت ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئاغزىدىكى غورىنى چايناشتىن توختاپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان بىلەن ئاتىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى. بۇ چاغدا قاپقارا كۆزلۈك چىرايلىق قىزچاق ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. دىلشات ئېڭىشىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇ بولسا دىلشاتنىڭ كۆز ئەينىكىنى ئېلىپ تاقىۋالدى. ئاندىن چۈچۈلدىغىنىچە ئۇنىڭدىن نەگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭ سوئاللىرى تۈگەر ئەمەس ئىدى. يەنە شۇنداق سۆزلەۋەرسە ئۇ چىدىيالماي قالغانمۇ بولاتتى. قىزچاق بىرىدىنلا:

— دادا، قارا ئاكام كەپتۇ! — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىلىپ، بىر كىشىگە ئېسىلدى.

دىلشات ئەندىكىپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرگەن ئىدى، بېشى قېيىپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ياخشى ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتمىدى. ئاز ئۆتمەي ئالدىدا ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆزىگە ھومىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىشىك ئالدىدا بىر موتسىكلىت تۇرۇپتۇ. تۆۋا ئۇ ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىمىغان تۇرسا؟ ئۇ كىشى سالام سائەتسىزلا ئۇنىڭغا قوپال تەگدى:

— قىزىم بىر ئەرنىڭ نېمىنى يەۋاتىدۇ. نېمە قىلسەن بۇ يەردىن ئەگىپ كېتەلمەي - ھە؟! يا بولمىسا ساڭا قەرزدارمىدى؟ قەرزى بولسا مانا مەن تۆلەيمەن، — دەپ مەيدىسىنى قاقتى. قەرز — ھە، قەرز. ئۇ قىزى بوغۇلغان قەرزلىرى

نى تۆلىيەلەرمۇ؟ دىلشاتنىڭ بەدىنى «غۇژژىدە» بولۇپ بوشىشىپ كەتتى. ئۇ ئاستا پەشتاختىتا تەرەپكە قارىدى. چوكان قوۋزىدا تۇرۇپ قالغان غورا بىلەن ئاغ-زىنى تومپايتىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئېھتىمال «قىچامىسامىمۇ سېغىنىپ قالغان-دەك نېمىشقا كەلدىكىن» دەپ ئويلا-ۋاتقاندۇر.

ئۇنىڭ كۆزى كىچىك قىزچاقا چۈ-شۈش بىلەن ئۇنى ئېچىنىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى ۋە «سىلى بۇ كىچىك با-لىلىرىنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭمۇ بەختسىز بو-لۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسى-لا» دېمەكچى بولدى. لېكىن دەرھال مەنىسىزلىك ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ھازىر بەختلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى، ئەمدى ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ بەختلىك بو-لۇش - بولماسلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇ ناھايىتىمۇ ئوسال بىر ھالەتتە دۇكاندىن چىقتى. ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. ھېلىقى كىشىنىڭ تىل-ھاقارەتلىرى خېلى يەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇ-راتتى.

ئۇ تېخى ئون نەچچە قەدەم ماڭ-ماي، كىچىك قىزچاق كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆز ئەينىكىنى بەردى ۋە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:

— دىلشات ئاكا، يەنە قاچان كېلە-سەن؟ — دېدى.

دىلشات ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويە-دى - دە گەپ قىلماستىن يۈرۈپ كەتتى. قىزىق، ئاشۇ ئەبەدىيلىك ۋەدىلەر، يې-قىملىق سېغىنىشلار جۇدالىقنىڭ ئاچچىق ئازابلىرى ... ھەممىسى ئۆتكۈنچى تۇيغۇ-نىڭ مەھسۇلى — بىردەملىك ۋەسۋەسە ئىمكەنغۇ! شەكسىزكى، ھەممىسى مەنىسىز تۇيغۇ، ئۆز - ئۆزىنى ئالداش، بوزەك قى-لىش؛ بىز ئاخىر ئۆلۈپ كېتىمىز، چى-رىيمىز، پۈتۈنلەي ئۇنتۇلىمىز. ئەلۋەتتە ئۇمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىملىق، مېھرىبان قوللىرىمۇ قۇرۇپ ئىسكىلىتقا ئايلىنىدۇ، چىرىيدۇ. راست ئۇنىڭ روھى چۇ؟ بىراق ئۇ قانداقتۇر روھ توغرىلىق ئويلاشنى خالىمايتتى. روھى بولامدۇ - بول-مامدۇ بەربىر دەك، خۇددى ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك ھېس قىلاتتى. ئەمدى ئۇ ئويلاشنى خالىمىدى. ھەممىنى ئۇنتۇتتى. ئۇنىڭ تازا بىر ھاراق ئىچكۈ-سى كەلدى.

دىلشات ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا قارىدى. ئەمدى كىچىك قىزمۇ كۆرۈن-مەيتتى، ئۇ ئۆزىدىن يىراقلاپ قېلىۋات-قان كوچىدىكى تىقمۇ - تىقماڭچىلىق، مەينەتچىلىك، — پاتقاقچىلىققا ۋە بايىقى دۇكاننىڭ ئەبجەق ئىشىكىگە زېرىكىش ۋە ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى.

مەسئۇل تەھرىرى: ئارسلان

**ياسىن ئىمىن**

# نەسرلەر

## شامال

مەن شامالлارنى ياخشى كۆرىمەن. ھەرخىل شامالنى — قارا قىشنىڭ ئىزغىرىن ئاچچىق شامىلىنىمۇ، باھارنىڭ ئىللىق، سالقىن شامىلى، تومۇزنىڭ قۇرغاق، ئىسسىق شامىلىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئەنە شۇ شاماللار بىلەن مۇڭدىشىمەن. ئۇ شامال مەن ئۆسكەن ئاشۇ باغلىق مەھەللىدىن كەلگەن، ھېچ بولمىسا شۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ، دادامنىڭ مۇڭ باسقان غېرىبانە قەبرىسىنى سىيپاپ بۇياققا كەلگەن.

ھە، مانا، ئىپاردەك ھىدنى پۇراۋاتىمەن. بۇ ئانامنىڭ ئۇغۇز سۈتىنىڭ ھىدى ئەمەسمۇ؟ ئەنە، ئانامنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئورۇقلاپ پۈكۈلگەن گەۋدە، ئىنچىكە بارماقلار...

دادامنىڭ ئويچان كۆزلىرى ماڭا قاراۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئوھوي، بۇ سەبىيىنىڭ تىنىقىدەك ئورۇلىدىغۇ! ھە، بۇ ئۆزۈمنىڭ ھىدىكەن. مېنىڭ ئاشۇ باغۇ - بوستانلىق مەھەللەمدە بالىلىقىم، بالىلىق خىياللىرىم، ۋاڭ - چۇڭ قىقاسلىرىم قالغان. سەبىي نەپەسلىرىم شۇ يەرلەرگە سىڭىپ كەتكەن. ئويەرلەردە مېنىڭ ئىزلىرىم قالغان. ئەي شامال، سەن ئەنە شۇلارنى ئۆزۈڭ بىرگە ئېلىپ كەپسەن.

شامال، سەن تۈندە، ئايدىڭدا، كۈندۈزدە، قاچان بولمىسۇن يېزامدىن دادامنىڭ، ئانامنىڭ ھىدلىرىنى ۋە يەنە مېنىڭ شۇ يەرلەرگە سىڭىپ كەتكەن بالىلىقىمدىن سالام ئېلىپ كېلىۋاتقانلىرىڭدا، مەن ئېھتىمال مەستخۇش ئويقۇنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى كۆرۈۋاتقان بولغىيتىم.

قېنى كەل، كەلگىن، تېزراق كەلگىن...

## دوستۇمغا

قارا قىش، قار ئۇچقۇندىماقتا، ئاچچىق شىۋىرغان يۈزگە سانجىپ ئۆتمەكتە. مەن شۇ مىنۇتلاردا ئۆزۈمدە غايەت بىر ھارارەتنى سەزمەكتىمەن. قېنىم قايناماقتا. ئېھتىمال سەنمۇ «قىزدىق» نىڭ قەدرىگە يېتىۋاتقانسەن.

يار. چىنىقى چۈش، قۇياش كۆيدۈرمەكتە.

ئېغىرىما، ئۆزۈڭنى ئېلىپ قاچما. مەن ئۆزۈمدە مانا شۇ مىنۇتلاردا بىر خىل ئىللىقلىقنى سېزىۋاتىمەن. گەرچە، تەرلەپ تۇرساممۇ، بۇنىڭ ئۆزى راھەت، راھەت!...

بىز ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىدا ياشايمىز، يەنە تەبىئەت بىزنىڭ قولىمىزدا، ئۇنى بىز ئۆزگەرتىشكە قادىر، دەيمىز. شۇنىڭدا سەن ئايازدا يازنى، يازدا ئايازنى سېغىنىپمۇ يۈرمە، تەبىئەت ئۆز يولىدا ماڭىدۇ. سەن ئۇنىڭ يولىنى بۇزۇۋېتەلمەيسەن. ھېچكىممۇ پەسىللەرنىڭ ھەممىسىنى باھارغا جۈغلاپ توختىتىپ قالالمايدۇ.

چىشىم كىرىشىۋاتىدۇ، كۆز قارىچۇقۇم چوڭىيىپ قالدىمىكىن؟ ئەمما ھېچ تىترىگىنىم يوق. ئېھتىمال ئۆمۈر يولۇمنىڭ قايسىدۇر بىر دوقمۇشىغا كەلگەندىمەن. لېكىن، يەنىلا ئۆزۈمدە بىر خىل غەيرەت - جاسارەت سېزىۋاتىمەن. كۆلكىدەك بىر نەرسە قىستاۋاتىدۇ، يىغلاش بولسا ئەرگە نومۇس.

## مانا مەن، مانا جېنىم، مانا يۈرىكىم

بوۋاي مامات ئالدىدىكى نەۋرىسى ئۈچۈن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ: «شۇ دۇنيانىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى، دىلنى يايرىتىدىغان شوخلۇقلىرىنى كۆرگەن، تېتىغان ۋە شۇ دۇنياغا مىراس قىلىپ ۋارىسلىرىنى قويۇپ كېتىۋاتقان، ۋارىسلىرىغا بولسا بېسىۋاتقان يولىنىڭ داۋامىنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان مەندەك بىر ئاجىزنىڭ جېنىنى ئالساڭ، شۇ نەۋرەم قالسا» دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. ناۋادا ئەزرائىل: «قېنى، كەل!» دېسىچۇ؟ بوۋاينىڭ كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلىدۇ، قانلىرى ھايات ئىشقىدا دولقۇنلايدۇ. يۈرىكى يەنە بىر ئۈمىد بىلەن يانىدۇ ...

جان دېگەن شۇ.

ئاھ، تاتلىق جانىنىڭ ئىگىلىرى، چىرىگەن مۇردىنىڭ سايىلىرى. ۋاي، مەنمۇ شۇنداق سايىلارنىڭ ئارىسىدا قېلىۋاتىمەن. جېنىمدىن ئەنسىرىدىم. چۈنكى جېنىم بولسا سايىلارنىڭ ئارىسىدا قالسا، ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان يۈرىكىممۇ بۇلغىنىدۇ. جېنىمنى قۇتقۇزاي. مېنىڭ سۆيگەن يارىممۇ شۇ سايىلارنىڭ ئارىسىدا قالدىمىكىن؟ سايىلار ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدەپ تاپاي.

يارىم، جېنىمنى ساڭا ئاتىغان ئىدىم. سەن ئۈچۈن يۈرىكىمنى ئالما ئوخشاش تۇتماقچىدىم. يۈرەك سىرلىرىمنى ساڭا ناخشا قىلىپ ئېيتماقچىدىم.

يارىم، قېنى سەن؟ مانا مەن، مانا جېنىم، مانا يۈرىكىم.

## ئاخىرقى قېتىم

گۈللەر ئېچىلغان. باھار شامىلى گۈللەرنىڭ خۇش ھىدلىرىنى دىماغقا ئۇرۇپ، ياش يۈرەكلەردە سۆيگۈ ئىستىكىنى قوزغاپ تۇرغان، شۇ يۈرەكلەر بىر ئىشقى بىلەن

يېنىپ تۇرغان باھارنىڭ بىر كەچكى گۈگۈمىدا سېنى سۆيگەنىدىم. ئەپسۇس بۇ چۈشۈم ئىدى.

يىللار ئۆتتى. بىر كۈنلەردە ئاپەت خەنجىرى باغرىڭنى تىلدى. پاك يۈرىكىڭنى خۇن قىلدى. سەن ۋاپاسىزلىقنىڭ چۆلىدە چاڭقاپ ھوشسىزلاندىڭ. مەن بىر سۈرگۈن سۈپىتىدە مادارسىز ئاياغلىرىم بىلەن بېسىپ شۇ يولدىن ئۆتۈپ قالدىم - دە، سېنى شۇ ھالدا يولۇقتۇرۇپ قۇچۇقۇمغا ئالدىم. قانسىز، تاتىرىپ كەتكەن پېشانەڭدىن بىرنى، پەقەت بىرنى سۆيدۇم ۋە شۇ ھالدا سېنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئۈمىد بۇلىقىنىڭ لېۋىدىكى بىر تۈپ يانتاقنىڭ تۈۋىدە يالغۇز تاشلاپ كەتتىم. بۇ ئوڭۇم ئىدى.

ئارىدىن قانچە يىللارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مانا، ئەمدى بولسا ئەسكى تاشلاندۇقلار ئارىسىدىن گويا توخۇ دان ئىزدىگەندەك تاتىلاپ، ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر پارقىراق ئالتۇننى چېلىقتۇردۇم. شۇ ھال ئۆزۈمنى ئاسار ئەتىقىلەر مۇزېيىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم. ئەينى ۋاقىتتىكى سېنى يەنە بىر سۆيگەندەك قىلدىم، ياق سۆيدۇم. بۇ ئاخىرقى قېتىم سۆيۈشۈم بولۇپ، كۆز ياشلىرىم، مەن باغرىمغا بېسىپ تۇرغان سېنىڭ سۈرىتىڭنى يۇياتتى.

## ئەگەر

سەن بىزنىڭ يىراق سەھرادىكى غېرىب كۈلبىمىزگە تۇنجى رەت كەلگىنىڭدە مەن، ئانام پىياز سېلىپ ياققان زاغرا ناننى، سىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا پەتنۇسقا سېلىپ، كىچىك، كونا شىرەنىڭ ئۈستىگە ــ سېنىڭ ئالدىڭغا تولىمۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ قويغانىدىم. ئانام ھېجىر تاۋاق بىلەن سۇ كەلتۈرگەنىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە. سەن زاغرا ناندىن ئۇشتۇپ ئاغزىڭغا سالدىڭ - دە، گويا ئېغىر كېسەلنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان ئادەمدەك مىڭبىر تەستە چاينىماپ يۇتتۇڭ. چىرايلىرىڭ بولسا بىر قىسما بولۇپ تۈرۈلدى. مەن ئەسلى ھېلىقى سىرى چۈشۈپ كەتكەن پەتنۇسقا زاغرا نان ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئىشەنچىسىنى ئېلىپ كىرگەن ئىدىم...

كۆرۈپ تۇردۇم. سەن يۇتقان نان، كېكىردىكىڭدىن ئۆتكىنىدە، ئۈمىد - ئىشەنچىمنىڭمۇ خۇددى شۇ زاغرا ناندەك قىسمەتتە تولىمۇ ئېتىبارسىز قارىلىدىغانلىقىنى بىلدىم.

ھېجىر تاۋاقتىكى سوغۇق سۇدىن بىر يۇتتۇڭ - دە، ئېچىلىپ، كەتتىڭ. مەن يايراپ كەتتىم. سوغۇق سۇنى سەن ئىچتىڭ، ئەمما مەن ئۆزۈمدىكى تەشنالىقنى خېلى باسقاندەك تۇيغۇدا ساڭا بىر قارىدىم.

ئەگەر، ئەمدى كەلسەڭ، ئالدىڭغا نېمە ئېلىپ چىقسامكى؟... ئېھتىمال، مەن غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن دەرەختەك يۈرىكىمنى «مانا كۆر» دەپ ساڭا تۇتۇپ قالارمەن. ئەگەر سەن شۇندا ۋاپانىڭ مەلھەملىرىنى سۈرسەڭ، شۇ قۇرۇق قاقشال دەرەخ، ئۈمىد بىخلىرىنى چىقىرىپ، قايتا كۆكلەپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن



# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

يەن يۇگىشىڭ

## غەلىبە قىلغۇچى سوراققا تارتىلامدۇ؟

— «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» گە تارىخنىڭ بەرگەن قايتا باھاسى توغرىسىدا

ئۇدا 20 نەچچە يىل چەكلەنگەن ئەسەر — «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاشكارا نەشر قىلىندى. يازغۇچىنىڭ بەختسىز تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن تارىخ پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزەرى ھەممىدە باش قەھرىمانلارنىڭ ئېغىر پاجىئەلىرى كەڭ سوۋېت كىتابخانلىرىنىڭ غايەت زور قىزىقىشى ۋە غۇلغۇلىسىنى قوزغىدى. موسكۋالىق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بۇ ئەسەرنى ئۆزى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوقۇغان «ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى» دەپ ھېسابلىغان. ئاتاقلىق تەقرىزچى بوچاروۋ بۇ ئەسەر «تولستوي ‹ئۇرۇش ۋە تىنچلىق› تا داۋاملاشتۇرغان رۇس ئېپوسى ئەنئەنىسىگە يېقىندىن ياندىشقان» دېگەن.

كىشىلەر، گەرچە يازغۇچى گروسمان يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرى يورۇقلۇققا چىققانلىقىدىن خۇشال بولۇشقان.

ۋەھالەنكى، يازغۇچىنىڭ بۇنداق ئامىتىگە، ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك تىراگېدىيىلەر يوشۇرۇنغان.

يەھۇدى قان سىستېمىسىدىن كېلىپ چىققان گروسمان 1905 - يىلى ئۇكرائىنانىڭ بېرلىچېۋ دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1929 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا - ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، سوۋېت خەلقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى تەسۋىرلەنگەن «خەلق يوقالمايدۇ» (1942 - يىل) ناملىق پوۋېستىنى يازغان، ئەمما ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆسەكلىرىگە قالغان. 1943 - يىلى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىككى قىسىملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن. 1952 - يىلى بۇنىڭ بىرىنچى قىسمى «ئادالەت ئۈچۈن» ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئۇكرائىن شائىرى باژان بۇ ئەسەرنى مول ۋە چوڭقۇر ھاياتقا تويۇنغان، سەممى-

مەي يېزىلغان ئەسەر، دەپ ئاتىغان. ئەمما ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ رومان تەقرىزچىلەرنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان.

تەقرىزچى بوبىننوۋ 1953 - يىلى 2 - ئايدا «ھەقىقەت گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئاپتور ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان، دەپ ئەيىبلىگەن.

1956 - يىلدىن ئېتىبارەن گروسماننىڭ ئەسەرلىرى مەتبۇئات يۈزىدە قايتا كۆرۈلمىگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ نامىمۇ شۇندىن باشلاپ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن ئۆچكەن. بەخت - تەلەيي ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن مۇشۇنداق ئاجايىپ مۇشكۈل شارائىت ئاستىدىمۇ ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» نى يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ۋەتەن ئۇرۇشى داۋامىدا «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى» دە ھەربىي مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن تۆت يىلدا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن. سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 20 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ئۇنىڭ تارىخ پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزىرىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭىدىن شەكىللەنگەن تارىخ پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزىرىنى ئىپادىلەش نىيىتىگە كەلگەن.

1961 - يىلى پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ مىڭ بىر جاپادا پۈتتۈرگەن 600 مىڭ خەتلىك رومانىنىڭ ئورىگىنالىنى «تۇغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئاپىرىپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، بۇ رومانىنىڭ تەقدىرى بىرىنچى قىسمىنىڭ تەقدىرىدىنمۇ پاجىئەلىك بولغان. تەھرىرلەر ئەسەردىكى كۈچلۈك سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە چېتىلىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ، ئەسەر ئورىگىنالىنى دۆلەت ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن گروسماننىڭ ئۆيلىرى ئاختۇرۇلۇپ ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماشىنكا، لېنتا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتلاردا ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى سۇسلوۋ «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» يەنە 200 يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنسا بولار، دېگەن.

ئاپتور 1964 - يىلى راك كېسىلى بىلەن موسكۋادا ۋاپات بولغان، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئەسەر يەنىلا تەقىپ ئاستىدا تۇرۇۋەرگەن. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن، ئەسەر ئورىگىنالى كىچىك تىپتىكى سۈرەت لېنتىسىغا تارتىلىپ چەت ئەلگە چىقىرىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن شېۋىتسىيە لوزاننا نەشرىياتى بۇ ئەسەرنى نەشر قىلغان. كېيىن كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، غەرب ئەللىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. ئامېرىكىلىق تەرجىمان روبېت چاندىر ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «بۇ ئەسەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ ھەقىقىي ‹ئۇرۇش ۋە تىنچلىق› ى» دەپ قەيت قىلغان. غەربىي گېرمانىيىدىكى «سۈزۈك ئەينەك» ھەپتىلىك

ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى ۋولىف بېكىل 1984 - يىلى 3 - دېكابىر نەشر قىلىنغان «سۆزلۈك
ئېيىنەك» تە ماقالە ئېلان قىلىپ بۇ «كىشىنى قاتتىق كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ» غان
ئەسەر ستالىنغا قارشى بولغان «ھۆرلۈك دانامات پارتلاتقۇچ دورىسى»، گروسماننىڭ
«ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان بۇنداق قەھرىمانلىق روھىغا ئاپىرىن» دەپ يازغان. ئامېرىكا
تەقرىزچىسى رىنارد ھېنرى 1986 - يىلى 9 - مارتتىكى «نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى»نىڭ
كىتابلار تەقرىزى سەھىپىسىدە ماقالە ئېلان قىلىپ «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» نىڭ مۇۋاپ-
پەقىيەتى گروسماننىڭ «تارىخ، ئەخلاق ۋە سىياسىي ھەققىدىكى زور تېمىلار ئۈستىدە
يۈكسەك ئەستايىدىللىق بىلەن كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە پىكىر يۈرگۈزگەن»
لىكى شۇنداقلا گروسماننىڭ «پۈتۈنلەي ئۆزىگە خاس شەكىل» دە «گىتلېرنىڭ ھاكىم-
مۇتلەقلىقى بىلەن ستالىننىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى» نى ئۆتكۈر پاش قىلغانلىقىدا، دەپ
كۆرسەتكەن.

1988 - يىلى «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» يازغۇچىنىڭ ئۆز ئانا ۋەتىنىدە ئاخىرى
يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ رومانىنى «ئۆكتەبىر» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق تۆت
ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلدى. كىشىلەر گروسماننىڭ بۇ نادىر ئەسىرىنى بەس - بەس
بىلەن سېتىۋېلىپ ئوقۇشتى ھەم ئارقا - ئارقىدىن ژۇرنالغا خەت يېزىپ ئەسەرگە
بارىكاللا ئېيتىشتى. بوچاروۋ بۇ رومان ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ خەتلىك خاتىمە
يېزىپ، ئەسەرنىڭ دادىل ۋە ئاجايىپ چوڭقۇر تارىخ پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزىرى
ھەم يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

رومان «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» نىڭ قۇرۇلمىسى زور، يىپ ئۇچى كۆپ، پېرسوناژلى-
رىمۇ ناھايىتى كۆپ ئاپتور كۆپ. قىرلىق تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ستالىنگرادنى
قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان 90 كۈن داۋام قىلغان جاپالىق قانلىق ئۇرۇش، يۈز سائەت-
لىك قاقشاتقۇچ قايتۇرما ھۇجۇم ۋە گىتلېر پائۇليۇس ئارمىيىسىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمى،
ئۇلارنىڭ كېيىنچە مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىپ پۈتكۈل سەپ بويىچە تارمار
قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي كارتىنىلارنى ئەينەن سىزىپ بەرگەن. يازغۇچى
شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ ئۇرۇشنى رومانىنىڭ مەركىزىي لىنىيىسى قىلىپ، بۇ لىنىيىنى
چۆرىدىگەن ھالدا ئالدىنقى سەپتىن ئارقا سەپكىچە، موسكۋادىن، بېرلىنغىچە گىتلېرنىڭ
جازا لاگېرىدىن ستالىننىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغىچە...ناھايىتى كەڭ
بولغان تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىنى رادىئوئاكتىپلىق
شەكىلدە كۆپ نۇقتا، كۆپ تەرەپلىمە ئېچىپ بەرگەن.

ئاپتور نۇرغۇنلىغان پېرسوناژلارنىڭ ئۇرۇش ھارپىسى ۋە ئۇرۇش جەريانىدىكى
پاجىئەلىك تەقدىرى، ئۇلارنىڭ دىئالوگ، مۇھاكىمە، ئەسلىمە ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلى-
رى، سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئورۇنسىز گۇمانلىرى، چېقىمچىلىقلىرىغا؛
خالىغانچە قامايدىغان، غالجىرلارچە سوراقلارغا تارتىشقا، لۇبيانكا ۋە گۇلاگ تاقىم
ئاراللىرىدىكى ۋەھىمىلەرگە، يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، چوڭ
تازىلاش، بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، باستۇرۇشلارغا ھەتتا ستالىندىن

ئىبارەت «شەخسكە چوقۇنۇش» قا بولغان نارازىلىقنى ئىپادىلىگەن.

گروسمان بىر تەرەپتىن، گىتلېرنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى بىلەن ستالىننىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ئوخشاشلا قەبىھ، دەپ قارايدۇ. ئۇ، فاشىستلار ئۇكرائىنادىكى بېلورۇس مىللىتىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇپ تاشلاش چوڭ قىرغىنچىلىقى ئېلىپ بارغانلىقىنى، گىتلېرنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن بىر پويىز يەھۇدىلارنى ئۆلۈم لاگېرىدا زەھەرلىك گاز بىلەن تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. «مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئۇزۇنىسىغا قاتار تىزىلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈشىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن ئالدىنئالا سۇ ۋە ئوزۇقلۇق تەييارلىۋېلىشىدۇ». ئۇ يەنە ستالىننىڭ باي دېھقانلارنى ئايرىم بىر سىنىپ ھېسابلاپ ئۇلارنى يوقاتقانلىقى، تروتسكىي، بۇخارىنلارنى قولغا ئېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقلىرىنىمۇ يازىدۇ. «ئۆزلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى تۇيغان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن گۇناھسىز كىشىلەر ئالدىنئالا كۆدە ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سۆيۈملۈك كىشىلىرى بىلەن خەيرلىشىپ، ئىلگىرى ئۆزلىرى قۇرغان ۋە ئۆزلىرى قوغدىغان جازا لاگېرىغا كىرىپ كېلىشىدۇ».

بۇلار نېمىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق شەرتسىز بويسۇنۇش، كىشىلەرگە تەسىر قىلغان يېڭى تېررورلۇقنىڭ قۇدرىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھاكىممۇتلەقلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ئۈچىغا چىققان زوراۋانلىق پۈتكۈل قۇرۇقلۇقتىكى كىشىلەرنىڭ روھىنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى».

ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككى خىل ھاكىممۇتلەقلىقنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۇ ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەققانىي ئۇرۇش، فاشىستلارنىڭ زورلۇق كۈچىگە، قۇل قىلىنىشقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش، دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ستالىنگرادنى قوغدىغۇچىلار — گېنېرالدىن تارتىپ تاكى ئاددىي ئەسكەرلەرگىچە ھەممىسىنىڭ كۆرسەتكەن غايەت زور ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ۋە قەھرىمانلىق روھى، ۋەتىنىنى قوغداش، ئادالەتنى ياقلاش ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن قىلچە تەۋرەنمەي كۆرەش قىلىش ئىرادىسى ئۇرۇشتىن كېيىن يارىلىدىغان ھۆر ھاياتنى، قۇدرەتلىك، ھاكىممۇتلەقلىق بولمىغان، خەلققە ناھايىتى كەڭ ھۆرلۈك، دېموكراتىيە ئېلىپ كېلىدىغان سوۋېت ۋەتىنىنى ئارزۇ قىلىشقانلىقىدىندۇر.

ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشى ئاخىرى غەلىبە بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن گېرمانىيە ئەسكەرلىرى قەھرىتان سوغۇقتا روھى چۈشكەن ھالدا ھارغىن قەدەمدە شەرققە ماڭىدۇ، سوۋېت ئارمىيىسى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن غەربكە قاراپ يول ئالىدۇ. سوۋېت خەلقى غايەت زور بەدەل تۆلەش ھېسابىغا غەلىبە قىلدى. لېكىن، غەلىبە ئۇلارنى نېمىگە ئېرىشتۈرەلىدى؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە غەلىبە شادلىقى بىلەن سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك يوقىلىشى كەلتۈر-

گەن جۇدالىق قايغۇسى بار. بىراق، ئاپتورنىڭ كۈچەپ تەكىتلىگىنى ئۇرغۇنلىغان پېر-سوناژلار تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بولغان. باتۇر ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغان ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن تانكا قىسىملىرىنىڭ كورپۇس كوماندىرى سىياسىي كومىسسارنىڭ قارىلىشى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئېغىر يارىلانغان باتالىئون كومىسسارى كرىموۋ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن باشقىلار گۇمانى كۆز بىلەن قارايدۇ. ئاخىرى ئۇ قولغا ئېلىنىدۇ.

يادرو فىزىكىسى ئالىمى ستىرام يادرو فىزىكىسى نەزەرىيىسى ساھەسىدە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم، لېنىنىزمغا «يات ئەقىدە» دەپ قارىلىپ، كىشىلەرنىڭ كەم سۇندۇرۇشى ۋە تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. بىراق، ستالىن تېلېفون بېرىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ رەھبەر-لىرى ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا خۇشامەت، تەخسىكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ...

گروسمان گۇمانخورلۇق بىلەن چېقىمچىلىق، قولغا ئېلىش بىلەن سوراق قىلىش-لارنى سۈرەتلەپ، ستالىندىن ئىبارەت «شەخسكە چوقۇنۇش» ۋە لۇبيانكانىڭ ۋەھشىيلىكلىكىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا قايتىدىن نامايان قىلىدۇ.

لېكىن، ئەينى چاغلاردىكى ھەربىي ئىشلار باش قوماندانى ستالىن قانداق ئويلاردا بولغان؟

ئاپتورنىڭ تەسۋىرلىشىچە، مارشال ۋاسلېۋسكىي ئۇنىڭغا ستالىنگراد ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزگەندە، ئۇ گويا ئۇخلاپ قالغانىدەك كۆزى يۇمۇلغان ھالدا ياتىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بولسا ئۇنىڭدا مۇنداق ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ: ئۇرۇش مەيدانىدا غەلىبە قىلىدىغىنى ئۇنىڭ بۈگۈن-كى دۈشمىنى ئەمەس ئىدى، تارىخنىڭ سوراقتا تارتىدىغىنى غەلىبە قىلغۇچى بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ بۇ غەلىبىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆتمۈش ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق ئادەمدىن ئېنىق بىلىدۇ. ھالبۇكى، غالىبلار سوراققا تارتىلمايدۇ.

گروسماننىڭ قارىشىچە، سوۋېت جەمئىيىتى ۋە ئادەملىرى تەقدىرىنىڭ تراگېدى-يىسىمۇ دەل شۇنىڭدا. ستالىنگراد غەلىبىسى — ستالىن ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى خاتالىقى ۋە ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى، ئۆزىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ھەم «شەخسكە چوقۇنۇش» نى ئاقلىشى ئۈچۈن دەسمايە بولۇپ بەرگەن.

گروسمان ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ھەققانىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈ-رىدۇ. شۇنداقلا سوۋېت مەملىكىتىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراك-تېرىدىنمۇ گۇمانلانمايدۇ. لېكىن، ئۇنى ئازابلىغىنى شۇكى، بۈيۈك مەقسەت-نىشانلار ئۈچۈن شەپقەتسىز ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟ ئەجىبا غالىب-يەتچى راستىنلا سوراققا تارتىلمامدۇ؟ ئاپتور بۇنىڭغا توغرىدىن - توغرا جاۋاب بەر-

مىگەن. ئەمما ماھىيەتتە بولسا ئەسەردىكى كۆپلىگەن پېرسوناژلارنىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرى ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدا ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن نۇرغۇنلىغان تارىخىي شەخسلەرنى قاتتىق ئەخلاق تەنقىدى ئاستىغا ئالغان. يازغۇچى ئۆزىنىڭ تارىخقا بەرگەن باھاسى ۋە پىكىرلىرىنى ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ ئېغىزىغا ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ مۇھىم سىياسىي مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن.

ئەسەرنىڭ پېشىمىدە، نام ـ شەرىپى ئېنىق بولمىغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن قولتۇقلاشقىنىچە ئورمانزارلىققا يېتىپ كېلىدۇ. گىروسمان مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «سۆرۈن كۆكۈم قويىنىدىكى قېلىن قار ئاستىدا ئۆلگەن ھايات ياتماقتا. بەقۇۋۋەت ۋە قۇۋۋەتسىز، باتۇر ۋە توخۇ يۈرەك، بەختلىك ۋە بەختسىز كىشىلەر ياتماقتا. بىراق، ئورمانلىقتىكى جانىدىن ئۆتكۈدەك سوغۇق قۇياشنىڭ ھارارەتلىك نۇرلىرىدىنمۇ بەكرەك ئىللىق تۇيۇلدى. ئۇلار بۇ تىمتاس ئورمانلىقتا ئۆلگەنلەرگە بولغان يىغا ـ زارىنى ۋە ھاياتقا بولغان كۈچلۈك شادلىقنى ئاڭلىدى...»

بۇ كەلگۈسى ھايات ۋە تەقدىرگە، ئەركىنلىك ۋە بەختكە تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش خاتىمىسى.

ھايات گويا ئېقىن سۇدەك تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. قانچىلىغان بۈيۈك ۋە ئادەتتىكى، بەختلىك ۋە بەختسىز شەخسلەر ئالەمدىن ئۆتتى، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك ئارزۇسى ۋە ئەركىنلىكنى، بەختنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاجايىپ يېمىرىلمەس روھى ھەرگىز يوقالمايدۇ.

كىشىلەر رومانىنى تولۇق ئوقۇپ بولغىنىدا، مەيلى ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بولسۇن، مەيلى ئالىيجانابلىق بىلەن قاباھەتلىك، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق، ئەركىنلىق بىلەن زورلۇق كۈچ قاتارلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش بولسۇن، مەيلى ستالىنگرادنى قوغدىغۇچىلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە بولسۇن ۋە ياكى ھاكىممۇتلەقلىقنى پاش قىلىش بولسۇن ھەممىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسە چىقىرىدەك، يەنى «ھاياتلىق ــ ئەركىنلىك دېمەكتۇر».

باچاروۋنىڭ تونۇشىچە، بۇ گىروسماننىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى مۇھىم خۇسۇسىيەت ھېسابلانغان ئەركىنلىكنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت.

(«ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1988 ـ يىل 5 ـ دېكابىر سانىدىن)

ئەركىن نۇر تەرجىمىسى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

بىز تۆۋەندە 1988 - يىل 1 - ئايدىكى ئوقتۇرۇشىمىزغا ئاساسەن، «تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدۇق. بۇ جەدۋەلنى شۇ ئوقتۇرۇشنىڭ روھى بويىچە ئەستايىدىل تولدۇرۇپ، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەيسىز.

ھۆرمەت بىلەن: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## «تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر

| № | ئەسەر نامى | ژانىرى | قايسى ساندا | ئاپتورى | باھالاشقا بولامدۇ | قانچىنچى بولسا مۇۋاپىق؟ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | خەير - خوش، توققۇز كۈنلۈك ماكان | ھېكايە | 88. 4 - سان | ئەخمەت تۇردى | | |
| 2 | زېمىن ئۇچقۇن | ″ | ″ ″ 6 - سان | ئالىمجان ئىسمايىل | | |
| 3 | كوچىدا قالغان بالا | ″ | ″ ″ ″ | ھوشۇر ئەخمەت | | |
| 4 | شېئىرلار | شېئىر | ″ ″ ″ | ئابلىكىم روزى | | |
| 5 | بۇ چۈش ئەمەس | ھېكايە | 88. 7 - سان | مەمتىمىن ھوشۇر | | |
| 6 | «مەن – كېرەم باي» | ″ | 88. 8 - سان | قەييۇم تۇردى | | |
| 7 | قۇم باسقان دېڭىز | پوۋېست | 88. 8 -، 9 -، 10 - سان | توختى ئايۇپ | | |
| 8 | شېئىرلار | شېئىر | 88. 8 - سان | تۇرسۇنئاي ھوسەيىن | | |
| 9 | شېئىرلار | ″ | ″ ″ | مەمتىمىن بازى | | |
| 10 | ھەر ئادەم ئۆزىگە پادىشاھ | ھېكايە | 88. 9 - سان | غەيرەت ئاسىم | | |
| 11 | كىمنىدۇر قېنىم تۆكۈلگەن ماكان | شېئىر | ″ ″ ″ | ئارسلان | | |
| 12 | ئىنسان ھەققىدىكى لىرىكىلار | ″ | ″ ″ | ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن | | |
| 13 | شېئىرلار | ″ | ″ ″ | ھاجى ئەخمەت | | |
| 14 | سارالڭ | ھېكايە | 88. 10 - سان | مەمتىمىن ھوشۇر | | |
| 15 | باھار كۈيلىرى | شېئىر | ″ ″ ″ | ئابدۇرېھىم مۇھەممەت | | |
| 16 | ئېكران سىرتىدىكى سۈرەتلەر | ″ | ″ ″ ″ | قۇربان ئەمەت | | |
| 17 | ئويغۇنىمۇ بۇ چۈشۈمىمۇ | ″ | ″ ″ ″ | نۇرمۇھەممەت چېلىل | | |
| 18 | ئۈچ شېئىر | ″ | ″ ″ ″ | ئابدۇسەمەت خېلىل | | |
| 19 | تۈركىيە ئىلھاملىرى | ″ | 88. 11 - سان | تۆمۈر داۋامەت | | |
| 20 | شېئىرلار | ″ | ″ ″ | ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن | | |
| 21 | سەھرا نەزمىلىرى | ″ | ″ ″ | تۇرسۇنئاي ھوسەيىن | | |
| 22 | شېئىرلار | ″ | 88. 12 - سان | ئوسمانجان ساۋۇت | | |
| 23 | ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالمىدى | ھېكايە | 89. 1 - سان | قاھار جېلىل | | |
| 24 | غەزەللەر | شېئىر | ″ ″ | مامۇت زايىت | | |
| 25 | سەھرالىقلار | پوۋېست | ″ ″ 1 -، 2 - سان | ئالىمجان ئىسمائىل | | |
| 26 | قىزىق ئىشلار | ھېكايە | 89. 2 - سان | ئەخمەت تۇردى | | |
| 27 | بۇركۇت قېرىمايدۇ | ئوچېرك | ″ ″ | ماخمۇت مەھەممەت | | |
| 28 | كېچىكتە | ھېكايە | ″ ″ | ئابدۇرېھىم ئابلىمىت | | |
| 29 | تۇيغۇلار گۈزەل، ھايات بىر دۇنيا | شېئىر | 89. 2 - سان | ئابدۇكېرىم مەخسۇت | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 30 | هايات يولى | ″ | ″ ″ | ياسىن زىلال | | |
| 31 | مۇھەببەت لىرىكىلىرى | ″ | ″ ″ | مۇھەممەتجان سادىق | | |
| 32 | سېنى ئىزدەپ ... | ″ | ″ ″ | ھۈشۇر ئىبراھىم | | |
| 33 | ئۇ دۇنيادىن كەلگەن باغاق | ″ | ″ ″ | ئابلىكىم خېۋىر | | |
| 34 | قەدىرلىنىدىم چاچىڭا خوش ئىپار | ″ | ″ ″ | دىلشات سايىت | | |
| 35 | قۇرۇلاپ كەتكەن كۆل | پوۋېست | 89. 3 - ، 4 - سان | ئەختەم ئۆمەر | | |
| 36 | بىر گۈزەل ناخشىغا تولغان ئانا يەر | شېئىر | 89. 3 - سان | ئادىلجان تۇنىياز | | |
| 37 | سۈبھى چېچەكلىرى | ″ | ″ ″ | تۇرسۇنجان ھاشىمى | | |
| 38 | بۈگۈن توغرۇلۇق ناخشىلار | ″ | ″ ″ | مىرزاھىد كېرىمى | | |
| 39 | ئانا | ″ | ″ ″ | ئابابەكرى تۆيغۇن | | |
| 40 | ئانامغا تەسەللى | ″ | ″ ″ | باۋۇدۇن نىياز | | |
| 41 | هايات رەڭدار گىلەمدەك چاقنار | ″ | ″ ″ | ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر | | |
| 42 | پىچىرلايدۇ يۈرىكىم | ″ | 89. 4 - سان | ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن | | |
| 43 | ئۆمۈر يازمىلىرى | ″ | ″ ″ | ئابدۇللا سۇلايمان | | |
| 44 | تۈگىمەس توسقۇنلار | ئوچېرك | 89. 5 - سان | ز. تاھىر، ئە. قادىر | | |
| 45 | رەڭگارەڭ شېئىرلار | شېئىر | 89. 6 - سان | ئارسلان | | |
| 46 | شېئىرلار | ″ | ″ ″ | ئابلەت ئابدۇللا | | |
| 47 | تۆت قۇلاق | ھېكايە | ″ ″ | مۇھەممەت باغراش | | |
| 48 | كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ | ″ | ″ ″ | ئەبەيدۇللا ئىبراھىم | | |
| 49 | شېئىرلار | شېئىر | ″ ″ | باتۇر روزى | | |
| 50 | شېئىرلار | ″ ″ | ″ ″ | ئابىماجان ھېيت | | |
| 51 | تەقدىرلى كىشىلەر يارىتىدۇ | پوۋېست | 89. 6 - ، 7 - سان | قاھار جېلىل | | |
| 52 | ئاخىرقى ئۆتۈنۈش | ″ ″ | 89. 6 - سان | مەتتىمىن شىيە | | |
| 53 | ئۇقتۇرۇش قەغىزى | ھېكايە | ″ ″ | ھېمىت مەقسۇت | | |
| 54 | ئۈمىدتىن تۇغۇلغان سەۋدالىق | نەسىر | ″ ″ | ياسىن ئەمەت | | |
| 55 | يېتىكەن ئۈپۈقلار | ″ ″ | ″ ″ | ئەسئەت ئابدۇقادىر | | |
| 56 | شېئىرلار | شېئىر | ″ ″ | روزى سايىت | | |
| 57 | مۆڭگۈز | ھېكايە | 89. 7 - سان | توختى ئايۇپ | | |
| 58 | كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى | ھېكايە | 89. 7 - سان | ئالىمجان ئىسمايىل | | |
| 59 | گۈزەل قىرغاق | ″ | ″ ″ | ماخمۇت مۇھەممەت | | |
| 60 | رېستورانىدا ئېچىلغان يىغىن | ″ | ″ ″ | ئەخەت ھاشىم | | |
| 61 | لىرىكىلار | شېئىر | ″ ″ | مەھەممەت روزى | | |
| 62 | سۆيىمەن دېھقان ئاكا قولىرىڭنى | ″ | ″ ″ | تۇردى داۋۇت | | |
| 63 | شېئىرلار | ″ | ″ ″ | ھەسەن ئىلمۋالدى | | |
| 64 | جاڭگال چەشمىلىرى | ″ | ″ ″ | مۇھەممەت ئىمىن | | |
| 65 | ئون توققۇز كۆكلەم | ″ | ″ ″ | ئابدۇكېرىم ئوسمان | | |
| 66 | تىترىگەن سادالار | ″ | ″ ″ | ئابدۇرېشىت بارات | | |
| 67 | مەسەللەر | مەسەل | ″ ″ | تۇراپ دايىم | | |
| 68 | ھەجۋىي شېئىرلار | شېئىر | ″ ″ | تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم | | |
| 69 | ئىزھار قىلىنمىغان سۆيگۈ | ھېكايە | ″ ″ | ئېزىز ساۋۇت | | |
| 70 | قايتا ئۇچراشقاندا | ″ | ″ ″ | ئەركىنجان ئەمەت | | |
| 71 | نەسىرلەر | نەسىر | ″ ″ | ياسىن ئىمىن | | |



گۈللەر

سۈرەتنى ئەنۋەر ئابدىلىم تارتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1989 ـ يىل 7 ـ سان (341 ـ سان) . 39 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ . تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：　1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 /I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 . باسما تاۋاق : 10 . باھاسى : 1.40 يۈەن .